● ئىلغار ئىدىيىلىك، ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ●



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANGCIVILIZATION

5

1996



ئۇيغۇر دېموكراتىزملىق ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىدىن: شائىر، جامائەت ئەربابى نەمەت خەلپەت (1888 ـ 1962)

ـ سۈرەتنى ئا. پەيزۇللا تەمىنلىگەن

شىنجاڭ مەدەنىيىتى
45 - يىل نەشرى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
1996 - يىل 5 - سان ( ئومۇمىي 222 - سان )

# بۇ ساندا

## مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى

تارىخىي ئوپېرا «مۇقام ئەجدادلىرى» مەملىكەتلىك ئوپېرا كۆرىكىدە يەتتە تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشتى ...... ئامىنە ئابدۇرېشىت 2

## ئەدەبىيات گۈلزارى

سەۋدالىق ...... (ھېكايە) ...... مۇھەممەتئىمىن ئابدۇللا شەھرىيارى 3
9 - ئىيۇل ...... ( « » ) ...... نۇرمۇھەممەت توختى 6
ئوغرى ...... ( « » ) ...... ئىبراھىم ئەمەت 18
ئېچىلماي توزىغان غۇنچە ...... ( « » ) ...... ئابدۇرېشات مۇساجان 20
ئاھ، ئۇزاقتا سوزۇلغان چۈش ...... ( داستان) ...... روزى سايىت 23

## ئىجادىيەت ھەققىدە سۆھبەت

رېئالىزم تەرەققىي قىلىشى كېرەك ...... ئەنۋەر ئابدۇرېھىم 30
شېئىر ھاياتىي كۈچكە موھتاج ...... يۈسۈپجان كەنجى مۇكەررەم 38

## ئۆرپ - ئادەتلەر

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ...... ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا 39

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

تۆمۈر شاھ رىۋايىتى ...... قەلەمگە ئالغۇچى: ئابلىمىت ئىمىن، رۇسۇل تۇردى 53

## تاغدىن - باغدىن

داغمۇ ياكى زىناقمۇ ...... (ئەبجەش خاتىرىلەر) ...... ئابدۇقادىر جالالىددىن 56

## ئۇسسۇل سەنئىتى

ئۇسسۇلچىلىق ۋە ئاساسىي مەشق ...... ئابدۇكېرىم ھېكىم 62

## ئاممىۋى مەدەنىيەت

كەنت مەدەنىيەت ئۆيىنى تېخىمۇ ياخشى قۇرۇپ چىقايلى ...... مۇھەممەتجان ئىلياس 64
ئاممىۋى مەدەنىيەت ئۇچۇرى ... ئى. مۇھەممەت ، م . سابىت، ئا. ئابدۇكېرىم، ئە. كېرىم 65

## ئوقۇرمەنلەر ساداسى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا خەت ...... سەيپىدىن ئەزىزى 67
«سادا» ھاسىلاتى ...... مامبەت تۇردۇ 68
ئەينەكتىكى ئەكسىئىزگە ئوبدان بىر قاراڭ ...... غاپپار تەۋەككۈل 70

## ئۆرنەك

ئەردىن خىزمەت، ئەلدىن ھۆرمەت ...... ئىمىن ئەخمىدى 72

## ئەينەك

ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى ...... ئەختەم ئۆمەر 74

مۇقاۋىدا: ئىلغار ئىدىيىلىك، ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (1933 - 1901) ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن    مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)
بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت

## سەنئەت



## ئۆچۈرى

# تارىخىي ئوپېرا «مۇقام ئەجدادلىرى» مەملىكەتلىك ئوپېرا كۆرىكىدە يەتتە تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشتى

شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى ئورۇندىغان تارىخىي ئوپېرا «مۇقام ئەجدادلىرى» (بۇ ئوپېرا ژۇرنىلىمىزنىڭ 1985 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى) خاربىندا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئوپېرا كۆرىكىدە يەتتە تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا شان - شەرەپ كەلتۈردى.

مەملىكەت بويىچە كۆرەككە قاتناشتۇرۇشقا تاللانغان سەككىز ئوپېرانىڭ بىرى بولغان بۇ ئوپېرا 7 - ئاينىڭ 24 -، 25 - كۈنلىرى خاربىندا ئىككى قېتىم قويۇلدى. ئويۇننى كۆرگەن مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن كەلگەن كەسپداشلار، تاماشىبىنلار بۇ تارىخىي ئوپېرانى قىزغىن ئالقىشلىدى.

بۇ قېتىمقى كۆرەكتە ئۇنىۋېرسال مۇكاپات ۋە يەككە تۈر بويىچە مۇكايات تەسىس قىلىنغان بولۇپ، «مۇقام ئەجدادلىرى» ئۇنىۋېرسال مۇكاپاتنىڭ «ئەسەر مۇكاپاتى» غا، يەككە تۈردە «مۇنەۋۋەر ئاپتور»، «مۇنەۋۋەر رېژىسسور»، «مۇنەۋۋەر دىرىژور»، «مۇنەۋۋەر كىيىم لايىھىلىگۈچى»، «مۇنەۋۋەر ئارتىس» مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشتى. بۇ، بۇ قېتىمقى كۆرەكتە تەسىس قىلىنغان 33 تۈرلۈك مۇكاپاتنىڭ 21 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

باھالىغۇچى مۇتەخەسسىسلەر ۋە تاماشىبىنلار تارىخىي ئوپېرا «مۇقام ئەجدادلىرى» غا باھا بېرىپ مۇنداق دېدى: «بۇ ئەسەرنىڭ تېمىسى ياخشى ئىكەن. بولۇپمۇ ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى تولۇق نامايان قىلىنىپتۇ. ئەسەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، جەزبىدارلىقى، بەدىئىيلىكى كۈچلۈك، رەڭگارەڭتۇسكە ئىگە ئىكەن. ئوپېرا شەكلى قوللىنىلىپ، مىللەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇلغان. ئۇ، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. پۈتكۈل سەھنە كۆرۈنۈشى كۆركەم، ئارتىسلارنىڭ ئورۇنداش ماھارىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلدى.»

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر بۇ ئوپېرانىڭ مەملىكەتلىك ئوپېرا كۆرىكىدە كۆپ تۈردە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ ئاپتونوم رايونىمىزغا شان - شەرەپ كەلتۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ كۆرەككە قاتناشقان بارلىق ئارتىسلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىدىكى رەھبەرلەرگە دەرھال خاربىنغا تېلېفون بېرىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن ئۇلارنى تەبرىكلەشنى ھاۋالە قىلدى.

مۇئاۋىن رەئىس مىجىت ناسىر كۆرەك باشلىنىشتىن بۇرۇن خاربىنغا بېرىپ شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ «مۇقام ئەجدادلىرى» نى ئورۇنداش گۇرۇپپىسىدىكى ئارتىسلاردىن ھال سوراپ، ئۇلارنىڭ كۆرەكتە نەتىجە قازىنىشىغا ئىلھام بەرگەنىدى. **ئامىنە ئابدۇرېشىت (M2)**

**مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى**
**1996 - يىل 2 - سان، ئومۇمىي 23 - سان**

# سەۋدالىق

( ھېكايە )

مۇھەممەتئىمىن ئابدۇللا شەھرىيارى



بۇ ئادىتىمنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگىلى 13 يىل بولدى: ھەر سەھەردە ئۇيقۇ قىزارماستىنلا ئورنۇمدىن تۇرىمەن - دە، مەن پىر - ئۇستاز بىلىپ ئەقىدە - ئىخلاس قىلىدىغان ئاشۇ پەرىشتە سۈپەت شائىرنىڭ قەبرىسىگە قاراپ يول ئالىمەن. ئۇستىبېشىمنى ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ ياسايمەن - يازدا بادام دوپپا، كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ گالستۇك تاقاپ، غاچىلداپ ئاۋاز چىقىرىدىغان شىبلىت بىلەن ماڭسام تۇرقى سىياقىم خۇددى ئۇنىڭغا ئوخشىغاندەك ھېسسىياتقا كېلىمەن. يول بويىدا ياكى باغلارنىڭ چىتلىرىدا ئۈسكەن ياۋا گۈللەردىن گۈلدەستە تىزىپ ئۇنىڭ قەبرە بېشىغا قويىمەن - دە، ئۇزاقتىن - ئۇزاق شائىرلىقنىڭ شېرىن خىيالىنى سۈرىمەن. قىشتا ئۇنىڭ قىش كۈنلىرىدىكى قىياپىتىگە تەقلىد قىلىپ ئۆتۈك كىيىپ، قارا پەلتويۇمنى يېپىنچاقلاپ بوينۇمغا شارپامنى ساڭگىلىتىپ يەنە شۇ يول بىلەن قەبرىستانلىققا يول ئالىمەن. بۇ چاغدا قىزىم ھەۋەس بىلەن تەييارلاپ بەرگەن قەغەز گۈلنى ئېلىپ بارىمەن. ئائىلەمدىكىلەر تۇغۇل قولۇم - قوشنىلار ھەتتا تونۇش -بىلىشلەرمۇ بۇ ئادىتىمنى بىلىپ كەتتى. ئۇلار دەسلەپ مېنى: شائىرغا بولغان چەكسىز ئىخلاس - ئەقىدىسىدىن مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دەپ قىلىشتى. كېيىن ئائىلەمدىكىلەر بۇ ئادىتىمگە قارشى تۇردى. ئايالىم

تولا سوقۇشۇپ ھەر خىل باھانىلەر بىلەن مېنى بۇ ئىشتىن يالتايتماقچى بولدى. ئۇ مېنى توسۇغانسېرى جاھىللىقىم تۇتۇپ، قەبرىستانلىققا تېخىمۇ بەك بارىدىغان، بوش ۋاقىت بولسىلا شائىرنىڭ قەبرە بېشىدا سۈكۈتكە پېتىپ ئولتۇرىدىغان، ھەتتا بەزىدە قەبرىگە يۆلىنىپ ئۇخلاپ قالىدىغان بولدۇم. يىللار ئۆتكەنسېرى مەن بۇ قەبرىنى تېخىمۇ ھەشەمەتلىك قىلىپ قاتۇرۇپ، قەبرىستانلىق يولىنى كېڭەيتىپ ياسىماق، شەھەر مەركىزىگە شائىرنىڭ ھەيكىلىنى ئورناتماق بولدۇم. بۇ پىلانلار قەبرىستانلىقتا خىيال سۈرۈپ مەستخۇش ياتقاندا ئەقلىمگە كەلگەن ياخشى تىلەكلىرىم ئىدى. ئەمما مەندە ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق ئىدى. شۇڭا، مەن مەھەللىمىز مەھەللە، دۇكانمۇ دۇكان يۈرۈپ ئادەملەرنى بۇ ئۇلۇغ شائىرىمىزنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلۇغلاش ئۈچۈن يېغىۋاشتىن ئۇنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرۇش، قەبرىستانلىق يولىنى ياساش، ھەيكىلىنى تىكلەشكە پۇل ئىئانە قىلىش ھەققىدە پەند - نەسىھەت قىلدىم. نامازخان دۇكاندارلار بۇنى خوپ كۆرمىدى. شائىرنى ھۆرمەت قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەر: «ئوبدان ئىش بوپتۇ، شۇنداق قىلايلى» دېگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پۇل تاشلايدىغانلار چىقمىدى. ئاخىر مەن ھەممە يەردە قاقشاپ: «ھەممىڭ ئاغزىڭدا ۋەتەن دەپ توۋلىغىنىڭ بىلەن، ئەمەلىيەتتە ۋەتەن ئۈچۈن پۇچۇق يارماق تاشلاشقا چىدىمايسەن» دېدىم. بەزىلەر بۇ گېپىمدىن يەرگە قاراپ سالپايدى. بەزىلەر غۇدۇراپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئارقامدىن : «ئۇنىڭ ئەسلىدە ئاشۇنداق

## ئەدەبىيات گۈلزارى

ئۇلۇغ شائىر بولغۇسى بار ئىكەنتۇق. شۇڭا، ئۇ شائىرنىڭ قەبرىسىگە 13 يىل تاۋاپ قىلىپ، شائىرنىڭ روھىدىن ئۆزىگە مەدەت تىلىگەنىكەن، شائىرنىڭ روھى قوللىماپتۇ. ئۇ شائىر ئۈچۈن قەبرە - مۇنار تىكلەپ ساۋاپلىق ئىش قىلسام، شائىرنىڭ روھى تەسىرلىنىپ مېنى قوللىسا، مەنمۇ كاتتا شائىر بوپقالارمەنمىكىن، دەپ مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ» دېگەن گەپلەر تارقاپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ غەزىپىم كەلدى - دە، بوغۇلغىنىمدىن يىغلاپ تاشلىدىم. يىغلىغىنىمنى كۆرۈپ ئەتراپتىكىلەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈشۈپ كەتتى - دە: «ھەر ھالدا سىنىڭدە ئاز - تولا بولسىمۇ شائىرانە ھېسسىياتچانلىق بار ئىكەن. مانا مۇشۇنداق ئاسان يىغلاپ، تېز كۈلەلەيدىغان ئادەمدىن ھازىرقى زامانغا باب شائىر چىقىدۇ. ئەمما سەن شائىر بوپقالساڭمۇ تازا دىتى يوق شائىر بولاركەنسەن. بىر ھېساپتا شائىر بولالمىغىنىڭمۇ ئوبدان ئىش بوپتۇ. زالىملارنىڭ تاپىنىنى يالاپ جان باقىدىغان خۇشامەتچى، مەدھىيىۋاز، ئۆتۈپ كەتكەن شەخسىيەتچى، پەقەت ئۆزىنىڭ نامىنى چىقىرىشنىلا ئويلايدىغان ئۇنداق پاخپاق شائىرلارنىڭ تولىلىقىدىن ھەممە ئادەم شائىرغا كېكىرىكلىك» دېدى مېنى زاڭلىق قىلىپ. بۇ زەھەردەك گەپلەرنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاۋەرسەم ئۆتۈمنى يېرىۋېتىمسۇن دەپ قۇلىقىمنى ئەتكەنچە قېچىپ كەتتىم. خاتىرجەم ۋالاقلاپ كۈلۈپ، دۇتار بىلەن ئالا - تاغىل ناخشا توۋلاپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئېچىۋاتقان تونۇش مەستلەرنى كۆرۈپ، ئۇلارغا قوشۇلدۇم - دە بولۇشىغا ئىچىپ غەرق مەست بولدۇم. بۇنداق خاتىرجەم ئۇخلىمىغىلى ئۇزاق زامانلار بولغانىدى. شۇ تاپتا مەن قەيەردە، نېمە ئىش قىلىۋاتىمەن، پەقەت بىلمەيمەن.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قانداق ئەھۋالىڭىز؟

ئۇزاقتىن بېرى مېنى بۇنداق سەمىمىي ھۆرمەتلەپ چىن دىلىدىن سالام بېرىدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن، مەنمۇ ئادەملەرگە ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدىم. مېنىڭدىن ھېچكىمگە نەپ يوقمىغانلىقتىن ھېچكىم ماڭا سالام قىلمايتتى. ئەجىبا، مەندە ئۆزۈممۇ بىلمەيدىغان، پەقەت خەقلا بىلىدىغان بىرەر نەپ بارمىدۇ، بولمىسا كىم ماڭا سالام قىلاتتى، دېگەن خىيال بىلەن سالام بەرگۈچىگە قارىدىم. قارىساملا تونۇش چىراي، ئەمما كىملىكىنى دەماللىققا ئاڭقىرالماي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم.

- سىز. . . سىز. . . كەچۈرۈڭ، سىزنى ھېچ ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن، ئەمما چىرايىڭىز بەكلا تونۇش. ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈشمىگەچكە ئىسمىڭىز يادىمدىن چىقىپ قاپتۇ. قاراڭ، ھاراق ئادەمنى ئۇنتۇغاق قىلىۋېتىدىكەن. بىز قەيەردە كۆرۈشكەنتۇق؟

- بىز ھېچ يەردە كۆرۈشمىگەن. ئەمما سىز مېنى تونۇيسىز. مەنمۇ سىزنى تونۇيمەن.

- ئەمىسە بىز قانداق تونۇشقان؟

- سىز مېنىڭ سۈرىتىمنى كۆرگەن. مەن سىزنى ھەركۈنى قەبرەمنىڭ ئالدىدا كۆرۈپ تۇرىمەن.

- ئاپلا، دۈتلۈكۈمنى قاراڭ. سىز ئۇلۇغ شائىرىمىز xx ئەمەسمۇ - مەن ئېتىقاد قىلىپ چوقۇنىدىغان بۈيۈك شائىر. كۆرۈشۈپ قالارمىز دەپ پەقەت ئويلىمىغانىدىم. بىز ھازىر قەيەردە دىدارلىشىۋاتىمىز؟

- ئىككى ئالەمنىڭ ئارىلىقىدا.

- ھەي ئىست، فوتو ئاپپاراتىمنى ئالغاچ كەلگەن بولسام بوپتىكەن، سىز بىلەن قۇچاقلىشىپ بىر سۈرەتكە چۈشۈۋالسام بەكمۇ خاسىيەتلىك ئىش بولغان بولاتتى. ئۇ چاغدا ئىككىمىزنىڭ سۈرىتىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ھەممە يەرگە بېرىپ كۆپلەپ ئىئانە توپلايتتىم - دە، قەبرىڭىزنى باشقىدىن قاتۇرۇپ، قەبرىستانلىقنىڭ يولىنى كېڭەيتىپ ياساپ، ھەيكىلىڭىزنى قالتىس ھەيۋەتلىك قىلىپ تىكلەيتتىم. شۇنىڭ بىلەن، مېنى خاتا چۈشىنىپ مازاق قىلىپ ئارقامدىن سۆز - چۆچەك تارقاتقانلارنىڭمۇ ئەدىپىنى بىر بېرىپ قوياتتىم.

- مەن دەل مۇشۇ ئىش تۈپەيلى سىز بىلەن كۆرۈشۈۋاتىمەن.

- كۆرۈشكىنىمىز تولىمۇ بەلەن ئىش بولدى. ئەگەرچەندە بالدۇرراق دىدار مۇلاقەت بولغان بولساق تېخىمۇ ئوبدان بولغان بولاتتى. مەن 13 يىلدىن بېرى سىزنىڭ قەبرىڭىزنى تاۋاپ قىلىپ كېلىۋاتىمەن. مەن سىزگە شۇنچە ئەقىدە - ئىخلاس قىلغان ئېتىقادچىڭىز بولغاندىكىن، مېنى قوللىسىڭىز بولاتتى.

- ئېيتىڭا، مەن سىزنى قانداق قوللايمەن؟

- مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇيۇم: سىزنىڭ شاگىرتىڭىز بولۇپ، ھاياتلىقىڭىزدا ئارمان قىلىپ يېزىپ بولالمىغان ئالتۇندەك مىسرالىرىڭىزنى ئەمدى مەن يېزىش؛ ئىزىڭىزنى بېسىپ سىزدەك كاتتا شائىر بولۇش ئىدى. روھىڭىز مېنى يۆلىگەن بولسا، بۇ چاغقىچە ئاللىقاچان تىلىگىنىمگە يېتىپ كاتتا شائىرمۇ بولغان بولاتتىم. نېمە ئۈچۈندۇر ھازىرغىچە قوللىمىدىڭىز. ئەگەر قوللىغان بولسىڭىز، قەلەم تۇتۇپ كېچە - كېچىلەپ قەغەزگە قادىلىپ ئولتۇرغىنىمدا ئېسىمگە ھەممە ئادەم سۆيۈپ ئوقۇپ يادلىۋالغۇدەك شېئىرلارنى سىلىپ قويغان بولاتتىڭىز. ئۇنداقمۇ يېزىپ باقتىم، مۇنداقمۇ يېزىپ باقتىم، ئەمما ھازىرغىچە ھېچ ئەپلەشتۈرەلمىدىم. مېنى قوللاپ قويغانغا سىزدىن نېمە كېتەتتى. سىز دېگەن ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن شائىر. ئەگەر ھايات

بولغان بولسىڭىزغۇ مەندىن ئېشىپ كەتسە خەلق ئىچىدە ئىناۋەتسىمكەتەسىز بېتىدۇ، دەپ ھەسەت قىلسىڭىز. ئەمدى سىز ئۇ دۇنيادا يازالمايدىغان بولغاندىكىن، قورسىقىڭىزدا ئېلىپ كەتكەن ئېسىل شېئىرلىرىڭىزنى ئاستا - ئاستا مېنىڭ ئېسىمگە سېلىپ قويسىڭىز، مەن ئېلان قىلىپ شائىر بولسام بولمامدۇ. سىزنى ھەممە ئادەم ۋەتەنپەرۋەر شائىر دېگەن بىلەن، سىزمۇ شەخسىيەتچىكەنسىز. 13 يىل قەبرىڭىزنى چۆگىلەپ تاۋاپ قىلسام، كۆڭلۈمگە يارىشا بىرەر قېتىم كۆرۈشۈپ قويايمۇ دېمىدىڭىز. ئەمدىلىكتە قەبرىڭىزنى كاتتا قاتۇرۇپ، ھەيكىلىڭىزنى تىكلەيمەن دېگەندە ئاندىن مەن بىلەن كۆرۈشتىڭىز. تېخى ئۇ دۇنيادا تۇرۇپمۇ مەن بىلەن سودىلىشىۋاتىسىز. ئۇنداق قىلماي پېقىرنىمۇ قوللاپ قويۇڭ، سايىڭىزدا بىزمۇ شائىر بوپ قاللى. بىز شائىر بولغانغا ئەل ئىچىدە ھۆرمىتىڭىز تۆۋەنلەپ قالماس.

- تولا ۋالاقلاپ كەتتىڭىز، ئەمدى بولدى قىلىڭ. ھارامدىن بولغان بالىدەك بۇنداق شائىر بولۇش نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ. شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، بۇنداق شائىرلىق شائىرلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ياخشىسى، شائىرلىققا مادارىڭىز يەتمىگەندىكىن، ئەلنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىۋاتقان خەلقپەرۋەر، ھەققانىي شائىرلارغا مۇتتەھەملىك قىلماي، ئۆزىڭىزنىڭ چامى يەتكەن ئىشنى قىلىڭ. بىراۋنىڭ ھالال ئەجرى ۋە يۈرەك قېنىنى ئۆزىگە پەرداز قىلىشقا نومۇس قىلمىغان ئادەمدىن خەلققە ياقىدىغان شېئىر چىقمايدۇ. مېنى قەبرەمدە ئارامخۇدا ياتقىلى قويۇڭ، روھىمنى قورۇندۇرماي. مەندە سىزگە شېئىر ئېيتىپ بەرگۈدەك مادارمۇ يوق. ئۇنچىلىك مادار بولغان بولسا، ئېيتىپ بېرىپ سىزدىن قۇتۇلغان بولار ئىدىم.

- ئۇنداق ئىچى تارلىق قىلماڭ. سىزدەك كاتتا شائىرنىڭ قورسىقى لىققىدە شېئىر بىلەن تولغان بولمايزە مەن قەبرىڭىزنى تازا ئېسىل قاتۇرۇپ، ھەيكىلىڭىزنى ھەيۋەتلىك قىلىپ ياستىتىشقا ۋەدە قىلاي، سىزمۇ يېڭىدىن يازغان ئەڭ ئېسىل شېئىرلىرىڭىزنى ماڭا دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىڭ، مەن كۆچۈرۈۋېلىپ...

- ۋاي ھاماقەت كالۋا، مەن قورۇپ كەتكەن بىر كونا ئىسكىلىت. مەندە ھاياتلىق ئالىمىگە بەرگۈدەك يېڭى شېئىر نېمە ئىش قىلسۇن. ماڭا كاتتا قەبرىمۇ، ھەيكەلمۇ كېرەك ئەمەس. مېنى گۆرۈمدە تىنچ ياتقىلى قويۇپ بۇ يەردىن دەرھال يوقال!

چۆچۈپ ۋارقىراپ كەتتىم. «ئۇخلىمۇ - چۈشۈمۇ - بۇ» دەپ مەڭدەپ كۆزۈمنى ئۇۋۇلاپ ئېچىپ بولغۇچە بىر مۈشت كېلىپ گەدىنىمگە تېگىپ جايىمغا دۈم چۈشتۈم. ئۆمىلەپ ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا گورويى، ساقاللىق بىر ئادەم مېنى يەنە ئۆرغىلى مۈشت تەڭلەپ:

- ھۇ ئىپلاس ھاراقكەش، ئۆلۈغلار ياتقان بۇ كاتتا مازايى شېرىف سەندەك ئاسىي - گۇمراھ مەلئۇنلارنىڭ ھاراق ئىچىپ، قىپيالىڭاچ سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇخلايدىغان قاۋاقخانىڭ ئەمەس. گەپ قىلمىسا تېخى شائىرىمىزنىڭ مۇقەددەس تۇپراق بېشىمۇ سەن مۇناپىقنىڭ قۇسۇقلىرىڭدىن بۇلغىنىپ كېتىپتۇ. يوقال كۆزۈمدىن، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن سەن گۇينىڭ، - دەپ ۋارقىرىدى گولدۇرمامىدەك غەزەپلىك ئەلپازدا.

دەرھال ئۇچامغا قارىسام پۇق - سۇيدۇك بىلەن بۇلغانغان كۇساردىن باشقا ھېچنېمەم يوق قىپيالىڭاچ ھالدا تۇرىمەن. قانداق بولۇپ بۇ ھالەتتە قەبرىستانغا كېلىپ قالغاندىمەن؟

- يوقال دەيمەن. يەنە نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ ھېلى باكا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ كۆمۈۋېتەمەن سەن شوپاڭ (قاۋاقخانا - ئا) كۈچىكىنى!

ساقاللىق ئادەم ماڭا قاراپ ئېتىلدى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ، ئالدى - كەينىمگىمۇ قارىماستىن بەدەر قاچتىم.

ئاپتور: شىنجاڭ ئاپتوموبىل ترانسپورت 5 . شىركىتىنىڭ قوغداش خادىمى (M1)



# 9 ـ ئىيۇل

(ھېكايە)

نۇرمۇھەممەت توختى



9 ـ ئىيۇل بايرامىمۇ، تارىخىي ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەن خاتىرە كۈنىمۇ ئەمەس، شۇنداقلا ئۇلۇغۋار داھىيلارنىڭ دۇنياغا كەلگەن، شۆھرەتلىك قەھرىمانلارنىڭ مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمغان كۈنىمۇ ئەمەس. بارلىق ئاددىي كۈنلەرگە ئوخشاش بۇ كۈندىمۇ قۇياش ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدۇ، قۇشلار ۋىچىرلىشىدۇ، جانلىقلار تىرىكچىلىك غېمىدە تىرىشىپ ـ تىرمىشىدۇ. شۇنداق ئىكەن. ئۇ نەس كۈن بولماسلىقى كېرەك ئىدى. لېكىن. . .

مەن مۇشۇنداق كۈنلەردە، يەنە كېلىپ مۇشۇنداق كاج ۋە ئۆز سۆزلۈك شوپۇرنىڭ ماشىنىسىدا يولغا چىقىپ قالغىنىمغا قاتتىق پۇشايمان قىلدىم. دوستلىرىمنىڭ: «ئىمپورت قىلىنغان ‹MiTSUBiSHi› ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇۋالساڭ، ئىككى يېرىم كۈندىلا مەنزىلىڭگە يەتكۈزىدۇ» دەپ بەرگەن مەسلىھەتىگىمۇ لەنەت ئوقۇدۇم. نېمە ئىككى يېرىم كۈن؟ ئۈچ يېرىم كۈن، ياق، تۆت يېرىم كۈنىمۇ بولدى، تېخىچە يولدا يۈرمەمدىمەن؟

مەن بەكمۇ ئالدىرايتتىم. يۇرتۇمغا قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ بارغۇم كېلەتتى. چۈنكى ئۈلۈشكۈن ئەتىگەندىن باشلاپ ئۇ يەردە يالغۇز، ئوماق، ئەركە قىزىم مىگىبىر جاپادا قىينىلىپ ئىمتىھان بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىلىسىزلەرغۇ، ھەر يىلى 7 ـ ئىيۇلدىن باشلاپ ئۈچ كۈن ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىشكە تىزىملاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن دۆلەتلىك ئىمتىھان ئېلىنىدۇ. يۈرىكى پوكۇلداپ تۇرغان مىڭلاپ ئوقۇغۇچى سۈرلۈك ئىمتىھان مەيدانلىرىغا خۇشال ۋە ئەنسىز كىرىپ كېلىشىدۇ. مىڭلارچە ئوقۇغۇچىنىڭ مىڭلارچە ئاتا ـ ئانىسى ئىمتىھان مەيدانىنىڭ سىرتىغا توپلىنىشىپ ئوغۇل ـ قىزلىرىغا مەدەت بېرىدۇ: پۇرسەت تاپالىسا، يەنى كومىسسىيە ۋە سىرتتا ئامانلىق ساقلاۋاتقان ساقچىلاردىن تونۇش تاپالىسا، كىملەردۇ ئىشلەپ

تەييارلىغان ئىمتىھان سوئالىنىڭ تار ۋە نېپىز قەغەزگە يېزىلغان جاۋابلىرىنى ئىمتىھان مەيدانلىرىغا مەخپىي يوللار ئارقىلىق شۇڭغۇتىشىدۇ. ئىمتىھاندىن چىققان ئوغۇل ـ قىزلىرىنى دەرۋازىنىڭ ئالدىغىچە بېرىپ كۈتۈۋالىدۇ ۋە: «قانداق؟» دەپ سورىشىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ جاۋابىمۇ بىر خىل: «ياخشى، سىرتتىن تاشلانغان قەغەز تۈگۈنچەك يېنىمغىلا چۈشتى، ھەممىنى تولۇق يازدىم» ۋە ياكى «كومىسسىيلەرگە چاي ئەكىرگەن تاغام قەغەز تۈگۈنچەكنى قولۇمغىلا تۇتقۇزۇپ قويدى. مەن يېزىپ بولۇپ، باشقىلارغا تاشلاپ بەردىم. . .» ئۇنىڭدىن كېيىن خۇشاللانغان ئاتا ـ ئانىلار «غەلىبە» بىلەن چىققان ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئەڭ ئېسىل ئاش ـ تاماقلار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئاشپۇزۇللارغا باشلاپ كېتىشىدۇ. . . راستىنى ئېيتقاندا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىمتىھان بېرىدىغان ئوغۇل ـ قىزلىرىغا مەدەت بېرىشى ئاشۇ كۈندىلا باشلانمايدۇ، بەكمۇ ئۇزاقتىن باشلىنىدۇ. پەقەت كومىسسىيلەر تەشكىللەنگەن، ئىمتىھان مەيدانىنى ئورۇنلاشتۇرغۇچىلار مەلۇم بولغان كۈندىلا ئەۋجىگە چىقىدۇ. ئۇلار ھەر خىل يوللاردىن مېڭىپ ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئەلاچىلار بىلەن بىر مەيدانغا ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، ئەلاچىلارغا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ: «مۇزاكىرىلىشىپ يېزىڭلار، بىر ـ بىرىڭلاردىن يوشۇرماڭلار، كومىسسىيلەردىن قورقماڭلار، بىز ئۇلارنى ئالىلقاچان يانچۇقىمىزغا سېلىۋالدۇق. سىرتتىن مەدەت بېرىپ تۇرىمىز. . .» دېيىشىدۇ. ئارقىدىنلا كومىسسىيلەرنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ، ئۇلارنى نەدىدۇ بىر يەردە تەييارلانغان كەچلىك زىياپەتلەرگە باشلاپ كېتىشىدۇ. ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئىسىم ـ

فامىلىسى، ئىمتىھان مەيدانى، ئىمتىھان رەت نومۇرى قاتارلىقلار يېزىلغان ۋاقىتلىق نام - ئەمەل كارتوچكىلىرىنى ئۇلارنىڭ يانچۇقلىرىغا سىغدىشىدۇ. . .

مەن گۇڭگۇتقۇچى ئادەم. ئىمتىھان مەيدانىنىڭ تۈزۈمىنى بۇزىدىغان، كۆچۈرىدىغان قىلىقلاردىن يەتكۈچە بىزارمەن. لېكىن ھەممە كىشى شۇ يول بىلەن ئوغۇل - قىزلىرىغا مەدەت بېرىۋاتقاندا، مەن مەدەت بەرمىسەم قانداق بولىدۇ؟ ھەممىسى يۇقىرى نومۇر ئالسا، مېنىڭ قىزىم پەگادا قالامدۇ؟ ئەمدى مانا بۇ قېتىم ئاللىقانداق ئىلمىي يىغىننى دەپ، قىزىمنىڭ ئىمتىھان مەيدان ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىمۇ ئارىلىشالمىدىم. ئىمتىھاننىڭ 1 -، 2 - كۈنلىرىمۇ مەدەت بېرەلمىدىم. ھەي، ئەھۋال مانا شۇنداق، قىزىم ئۈچ كۈندىن بېرى ئىمتىھان بەرمەكتە. مەن بولسام يولدا يۈرىمەن. ئۇنىڭغا كىممۇ مەدەتكار بولغاندۇ؟ ئانىسى جاۋاب يېزىلغان قەغەزلەرنى كىرگۈزۈشنى قاملاشتۇرالىغانمىدۇ؟ قىزىمنىڭ بوينى قىسىلىپ قالغانمىدۇ؟ مەن تىتىلدايتتىم. ئۇزاق يولنى، بىۋاقىت ئېچىلغان يىغىننى، ئاۋىئاتسىيە بېلەت سېتىش ئورنىدىكى بېلەت بەرگىلى ئۇنىمىغان مۇز تەلەت خادىمنى، ھەتتا مۇنۇ ئازلا قالغاندا توختىۋالغان چۆچەكچى شوپۇرنىمۇ قاغايتتىم. ئەڭ ئاخىرقى ئىمتىھانغا بولسىمۇ ئۈلگۈرۈپ بارسام بولماسمىدى؟ قىزىمغا مەدەت بەرسەم، قەغەز تۈگۈنچەكلەرنى دېرىزىلەردىن شۇڭغۇتسام، قىزىم ئىمتىھاندىن چىققاندا ئالدىغا بېرىپ كۈتۈۋالسام بولماسمىدى؟ مۇنۇ قاراماتاق، بوغداي ئۆڭلۈك شوپۇر بولسا ھېكايىسىنى ئېيتماقتا. ۋاي خۇدايىم، خۇددى ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا ساتار چالغاندەك ئىش قىلغىنىنى قارىمامدىغان؟ شۇنچە ئالدىراۋاتقاندا ھېكايىگە كىمنىڭ خۇشى؟

مېنىڭ يولدا قېلىشىمغا پۈتۈنلەي ئايروپىلان بېلىتى ئالالماسلىقىمىز سەۋەب بولدى. ئاڭلىسام، ئىلمىي جەمئىيىتىمىزنىڭ كاتىبات گۇرۇپپىسى نەچچە كۈن قاتراپمۇ بېلەتكە تىزىملىتالماپتۇ. ئۆزىمىز بېرىپمۇ ھېچنېمە قىلالمىدۇق. ئاشۇ يەردە قاراپ تۇرغىنىمىزدا ھەر خىل سودا شىركەتلىرىنىڭ پوزۇر كىيىنگەن خادىملىرى چوڭ - چوڭ سومكىلارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېتىپ، ئاسماندەك كۆك بېلەتلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى. بىز بولساق شۆلگەيلىرىمىزنى يۇتۇپ قاراپ قالدۇق. بېلەت يوق ئەمەس ئىكەن. قايتا سۆزلەشتۇق. كوماندىر - كومىسسارلىرىنى ئىزدىدۇق، ئۇچۇق چىراي ئېچىشمىدى. ئەتىدىنمۇ، ئۆگۈندىنمۇ ئۈمىد يوق ئىكەن. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلارمۇ سارالڭ ئەمەستە، بىزدەك قۇرۇق قول سۆلەتۋازلارغا قانات يېيىشنى ئۇلارغا كىم قويۇپتۇ؟

تونۇشلىرىمنى، يولى بار دوست - بۇرادەرلىرىمنى ئىزدىدىم. ئۇلارمۇ باش چايقاشتى:

- نېمە ئامال؟ «ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت». ئازراق بىر نەرسە شۇڭغۇتالمىساڭ بىكار. ئەڭ ياخشىسى، ئەتىلا يولغا چىقىدىغان «MiTSuBiSHi» نىڭ شوپۇرىدىن بىرنى تاپ. ئۇ سىنى ئىككى يېرىم كۈندىلا ئاپىرىدۇ.

- ئۇنىڭغىمۇ بىر نەرسە شۇڭغۇتامدىمەن؟

- ئىنسابىغا قارايمىز - دە.

ئاشۇ تونۇشلىرىمنىڭ ياردىمىدە ئەتىلا يولغا چىقىدىغان شوپۇرنى شۇ كۈنىلا تاپتىم. قاراچاچ، قوي كۆز، بوغداي ئۆڭلۈك بۇ شوپۇر كۈلۈپلا تۇرىدىغان يىگىت ئىكەن. ئارقىسىغا قايرىپ تارىۋالغان چاچلىرى ئۇنى سالاپەتلىك كۆرسەتسە، ئويناپ تۇرىدىغان شوخ كۆزلىرى، ئەڭ يېڭى پاسوندىكى كىيىملىرى، كۆزىدىن كەمدىنكەم ئالىدىغان رەڭلىك كۆزەينەكى ئۇنى مودا يىگىتلەردەك كۆرسىتىپ تۇراتتى. لېكىن تونۇشلىرىم نېمىشقىدۇ ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا يېزىلىقلارغا خاس بولغان «ئاخۇن» نى قوشۇپ: «ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام» دەپ تونۇشتۇردى. مەن ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى بىلەن ھېلىقى «ئاخۇن» نىڭ زادىلا ماس كەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئابلىمىتلا دېسەم بولمامدۇ؟ ھېچ بولمىغاندا «ئاخۇن» نى ئەمەس «جان» نى قوشۇپ قويسىمۇ سەل مەدەنىيەك تۇيۇلغان بولاتتى. . . لېكىن مەن كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ سۆز ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىدىكى سىپايىلىقى، باشقىلارنىڭ ئىززىتىنى قىلىشنى بىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنىمۇ ساقلايدىغان ئاقسۆڭەكلەرچە ئېسىللىكىنى ھېس قىلغىنىمدىن كېيىن، ھېلىقى «ئاخۇن» نىڭ ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ قېلىش سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى مەيسىنىڭ سىرتىدىن رېزىنكە كالاچ كىيىپ يۈرىدىغان «ئاخۇن» لارغىمۇ، ئېلىبىنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان يېزىلىق «ئاخۇن» لارغىمۇ ئوخشىمايتتى. ماي چاپان، ياغ بۆك شوپۇرغا بولسا تېخىمۇ ئوخشىمايتتى. ئەكسىچە، ئاخشاملىرى تانسا زاللىرىنى چۆگىلەپ يۈرىدىغان، چىرايلىق جۈپتى بىلەن باغچا - سەيلىگاھ، كىنوخانىلاردا ئۇۋا قىزىتىپ يۈرگەن مەدەنىي - مودا يىگىتكە كۆپرەك ئوخشايتتى. ئۇنىڭ پاكىز ۋە سىپايىلىقى ئۈچۈنمىكىن، تۇنجى كۆرۈشۈشتىلا كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ، يول كىراسى ھەققىدە زادىلا ئېغىز ئاچمىدى. مەن ئەسلىدە يول كىراسى ھەققىدە تالاش - تارتىشلىق سودا بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. ئۇ، بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىغاندىن كېيىن مەنمۇ ھېچنېمە دېيەلمىدىم. «مەيلىلا، مەنزىلگە يېتىپ بېرىۋالغاندىن كېيىن

بىر گەپ بولار. ئىسسىق چىراي بالىكەن، بەكمۇ نائىنساپلىق قىلىپ تۇرۇۋاتىمەن» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئۇ، مېنىڭ ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «مۇئەللىم، مۇئەللىم» دېگەننى ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى. خۇددى ئۆزى ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئاغزىغا تۈنجى ئېلىم سالغان ئۇستازىنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك تېخىمۇ سىپايىلىشىپ كەتتى. مەنزىلگە ئەڭ تېز سۈرئەتتە يەتكۈزۈپ بېرىشقا ۋەدە قىلدى. لېكىن چۈچۈرە تېخى سەل خام ئىكەن: تۈنۈگۈن داخىيەنگە كەتكەن بىر مال سېتىۋالغۇچى يۈك بېرىشكە ۋەدە قىپتۇ. ئەتە داخىيەنگە بېرىپ كەچكىچە يۈك باسالىساق ئاندىن مېنى 8 - ئىيۇل چۈشتە يۇرتقا يەتكۈزۈپ بارالايدىكەن. مەن پىيازنىڭ بىر ئاز گىچ - گىچلىقىنى ھېس قىلدىم. لېكىن نېمە ئامال؟ ئەتىلا يولغا چىقىدىغان ماشىنا ھېيتگاھدىكى مەپىلەردەك كۆپ ئەمەس. خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىراپمۇ تۇرمايدۇ.

— ئەنسىرىمىسىلە، مال سېتىۋالغۇچى يالغان گەپ قىلىدىغانلاردىن ئەمەس، يۈك بېرىشىدە گەپ يوق. ئەتە يۈك باسالىساقلا ئۆزلىرىنى 8 - ئىيۇل چۈشتىن ئىلگىرى يەتكۈزۈپ بارىمەن. مېنىڭمۇ 9 - ئىيۇلنى زادىلا چۆلدە ئۆتكۈزگۈم يوق.

ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەندىم. كۆلۈمسىرەپ تۇرغان قوي كۆزلەردە يالغانچىلىقتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى. 8 - ئىيۇل چۈشتە يېتىپ بارالىساق، قىزىمنىڭ ئىمتىھانىغا يەنە بىر يېرىم كۈن مەدەت بېرەلەيمەن. ئۇنىڭ تاۋى چېكىلمەيدۇ. ئاپارغان سوۋغاتلىرىمنى ئىمتىھان مەيدانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىلا كۆرسىتىمەن. كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. ئاخىرقى ئىمتىھانلارنى كۆڭۈلدىكىدەك بېرىپ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس...

5 - ئىيۇل سەھەردە قوزغىلىپ، سائەت ئونلاردىن ئاشقاندا داخىيەنگە يېتىپ باردۇق. داۋانچىڭدىن سېتىۋالغان بىر تاغار تاۋۇزنى ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام كۆتۈردى. «مەن كۆتۈرەي» دېگىنىمگە زادىلا ئۇنىمىدى. پەقەت قارا سومكىغا قاچىلانغان تۇخۇم، قېتىق، گۆش... قاتارلىقلارنىلا ماڭا كۆتۈرۈشكە بەردى.

—. ئۇستام، بۇ نەرسىلەرنى نەگە ئاپىرىمىز؟

— مال سېتىۋالغۇچىغا ئازراق ئادەمگەرچە-لىك قىلمىساق بولمايدۇ. قول قۇلنى يۇسا، ئاندىن...

مەن ئۇنىڭ داۋانچىڭدىن شۇنچە جىق نەرسىلەرنى نېمىشقا سېتىۋالغىنىنى ئەمدى چۈشەندىم. ھەي...

ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام مال سېتىۋالغۇچى-نىڭ ياتىقىنى ئوبدان بىلىدىكەن. بىز كۆتۈرگەن نەرسىلەرنى بىر ئىشخانىدىن ئۆتۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە ئەكىرىپ جايلاشتۇردۇق. ئىشخانىدىكى يولەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا يېتىپ، پۇتلىرىنى يېزىق شىرەسىنىڭ ئۈستىگە ئېلىۋالغان ئادەم بىزگە قاراپمۇ قويمىدى. ئەكەلگەن نەرسىلىرىمىز-نى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ يېنىپ چىققىنىمىزدىلا ئاندىن شالاڭ چاچلىق بېشىنى بىز تەرەپكە بۇرىدى. لېكىن يەنىلا پۇتىنى شىرەدىن، بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىدىن ئالمىدى. مەن نېمىگىدۇ ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ قالدىم. ۋۇجۇدۇمنى خۇددى ئېزىقىپ قېلىپ ئىتالىيىدىكى قاراقول پارتىيىسىنىڭ باش شتابىغا كىرىپ قالغاندەك ئاللىقانداق بىر خىل قىسىنىش تۇيغۇسى ئىگىلىدى. قاراپ باقتىم، قولىدا يەلپۈگۈچ بولۇپ، تاپانچا يوق ئىدى.

— كەلدىڭمۇ؟

— ھەئە، — ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام جاۋاب بەردى، — داۋانچىڭدىن ئازراق يەل - يېمىش ئالغاچ كېلىۋىدۇق.

— ئوقتۇم. ھازىر ئىسكىلات بىلەن ئالاقىلىشىۋاتىمەن. سىلەر سىرتقا چىقىپ تاماق يېگەچ كۈتۈپ تۇرۇڭلار.

سىرتقا چىققاندىن كېيىن ئاللىقانداق بىر ئىسكەنجىدىن ئاجراپ ئازادىلاشقاندەك بولۇپ قالدىم. شۇنداقتىمۇ كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ ھاكاۋۇر بىر خوجايىنىنىڭ سىماسى گەۋدىلىنىپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى تاكى كەچ كىرگۈچە ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام ھېلىقى ھاكاۋۇر خوجايىنىنىڭ ئالدىغا كەم بولغاندىمۇ بەش قېتىم كىرىپ چىقتى. ھەر قېتىم چىققاندا بېشىنى ئىغاڭلىتىپ يېنىپ چىقاتتى. مەن ھېلىقى خوجايىن سۈپەت مال سېتىۋالغۇچىنىڭ يەنە: «كۈتۈپ تۇرۇڭلار» دېگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. كۆڭلۈمدە 8 - ئىيۇل چۈشكىچە بولغان ۋاقىتنى قايتا - قايتا ھېسابلايتتىم، تىت - تىت بولاتتىم. قىزىمنىڭ ئىمتىھان مەيدانىدىكى ھالىتى، بويىنىنى يېڭى چىلىماقچى بولغان چۈجە خورازدەك سوزۇپ دېرىزىدىن سىرتقا تەلمۈرۈشى، ئۈنسىز ھالدا: «دادا، تېزرەك كەلسەڭچۇ» دەپ نىدا قىلىشى كۆز ئالدىمدا ئايان بولاتتى. كىشىلەر: «كۈتۈپ تۇرغاندا ۋاقىت بەكمۇ ئاستا ئۆتىدۇ» دېيىشىدىكەن. لېكىن ھازىر ماڭا ۋاقىت خۇددى ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. 7 -، 8 - ئىيۇللارنى خۇددى ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك سېزەتتىم. «ھەي، 5 - ئىيۇلنىڭ قۇياشى، ئورنۇڭدا توختاپ تۇرساڭچۇ، ھېلىقى ھاكاۋۇر مال سېتىۋالغۇچى بىزگە يۈك بەرگىچە، بىز ماشىنىمىزغا يۈك بېسىپ بولغۇچە، ‹يا بىسمىللا› دەپ يولىمىزغا راۋان بولغۇچە توختاپ تۇرساڭچۇ، شۇندىلا مەن 8 - ئىيۇل چۈشتىن ئىلگىرى ئۆيۈمگە يېتىپ بارالايمەن. ئىمتىھان مەيدانىغا بېرىپ

قىزىمنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويالايمەن. دېرىزىلەردىن قەفەزلەرنى شوڭغۇتۇپ، ئۇنىڭغا مەدەت بېرەلەيمەن. توختاپ تۇر، بىز يۈك بېسىپ بولغۇچە توختاپ تۇر...» مەن ئىچىمدە ئاشۇنداق نىدا قىلاتتىم. لېكىن قوياش دېگەننىڭ قۇلىقى يوق ئىكەن. ئادەمنىڭ نالە - پەريادىنى، تەلەپ - ئىلتىجاسىنى ئاڭلىمايكەن. ئۇ، قىپقىزىل شەپەق لىباسىغا پۈركىنىپ، قاراڭغۇلۇق قوينىدا غايىب بولدى. مەن تىتىلدايتتىم. ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام بولسا نېمىگىدۇر خىجىل بولغاندەك كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاريالمايتتى. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ئۇ ئېغىر تىنىپ:

- قاۋاننىڭ قارنى تېخى تويمىغان ئوخشايدۇ. يەنە ئازراق شوڭغۇتمىساق بولمىدى، - دېدى.

ئۇ، پورتماندىن 50 سوملۇقتىن تۆتنى ئالدى ۋە كونۋېرتقا سالدى. مەن ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدىم. كېيىن چۈشەنگەندەكمۇ بولدۇم. «ھەي، ئۇنىڭ ئازراق دېگىنى 200 سوم ئىكەن - دە...»

ئىككىمىز مال سېتىۋالغۇچىنىڭ ياتىقىغا بىللە باردۇق. ئۇ، يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانىكەن. پۇتلىرى يەنىلا يېزىق شىرەسىنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. ئاغزىدا سوزغۇچلۇك تاماكا، قولىدا يەلپۈگۈچ، بىزگە قاراپمۇ قويمىدى.

- بىر پارچە خەت ئالغاچ كەلگەنتۇق، چۈشتە ئۇنتۇپ قاپتىمەن، - ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام كونۋېرتنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. مال سېتىۋالغۇچى قولىنى كۆتۈرۈپ كونۋېرتنى ئېلىشقا ئېرىنىدى بولغاي، كۆزلىرى بىلەن: «ئاۋۇ يەرگە قوي» دېگەن مەنىدە يېزىق شىرەسىنى كۆرسەتتى. ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام كونۋېرتنى ئۇنىڭ پۇتلىرىنىڭ يېنىغا قويدى. بىز بىر ھازاغىچە جىمىدە كۈتۈپ تۇردۇق.

- بولدى، ئۇقتۇم، سىلەر كېتىۋېرىڭلار.

بىز ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ يىگىرمە مېترامۇ ئۇزىمىغاندۇق، كەينىمىزدىن چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

- ھەي، بۇياققا كەل!

چاقىرغىنى ھېلىقى مال سېتىۋالغۇچى ئىدى. ئۇستام ئىتتىك بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەتتى. مەن ئۆز ئىزىمدا ساقلاپ تۇردۇم. ئۇستام قايتىپ كەلگەندە، ئاي نۇرىنىڭ تۇمانسىمان شولىسىدا، مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى خۇشاللىقنى ئېنىق كۆردۈم. ئۇنىڭ قولىدا يۈك بېسىش تالونى تۇراتتى. يۈرىكىم شادلىقتىن دۇپۇلدەپ كەتتى. ئەتە چۈشكىچە يۈك باسالىساق، 8 - ئىيۇل كەچتە يېتىپ بارمايمىزمۇ؟ 9 - ئىيۇل، ئاخىرقى ئىككى مەيدان ئىمتىھاندا قىزىمغا مەدەت بېرەلەيمەن؛ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولالايمەن. ھەي، بۈگۈن كېچە تېزرەك ئۆتۈپ كەت، بىزنىڭ يۈك باسىدىغان، يولغا چىقىدىغان ۋاقتىمىز تېزرەك يېتىپ كەلسۇن.

شۇ كېچە ياتاقتا پاراڭلىشىپ يېتىپ، ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام مال سېتىۋالغۇچىلارنىڭ زومىگەرلىكلىرى ۋە شوپۇرلارنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغان 74 -، 75 - يىللىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ چاغلاردا شوپۇرلار مال سېتىۋالغۇچىغا ئەمەس، مال سېتىۋالغۇچىلار شوپۇرلارغا «باج» تۆلەيدىكەن. كېيىن ئىشلار ئۆزگىرىپتۇ. ئاپتوموبىللار كۆپىيىپ، توشۇش ئىقتىدارى يۈك مىقداردىن ئېشىپ كېتىپتۇ. يۈك ئىزدىگەن شوپۇرلار ئەمدى مال سېتىۋالغۇچىلار- نىڭ ئالدىدا تىزلىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

6 - چىلادا، دېگەندەك چۈشكىچە يۈك بېسىپ بولدۇق. مەن خۇشال ئىدىم. بىر يېرىم كۈن دېگەن ئۇزۇن ۋاقىت ئەمەس، لېكىن نېمىشقىدۇر ئاشۇ قىسقىغىنە بىر يېرىم كۈن ئىچىدە ھېس - تۇيغۇلىرىم، خۇشاللىقلىرىم، غەم - ئەندىشىلىرىم ئاشۇ ماشىنا بىلەن، قارا چاچلىق شوپۇر بىلەن باغلىنىپ، بىر گەۋدە بولۇپ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنىدى. شوپۇر مەن ئۈچۈن ئالدىرايتتى، مەن ئۇنىڭ خۇشاللىقلىرى ئۈچۈن كۈلەتتىم. ماشىنىمۇ ئەمدى «مېنىڭ ماشىنام» دىن «بىزنىڭ ماشىنىمىز» غا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا خۇددى يېقىملىق مۇزىكىدەك ئاڭلىناتتى. گۈركىرە ماشىنام، ھەيۋەت بىلەن گۈركىرە، تۇلپاردەك چاپ، دۇلدۇلدەك ئۇچ، كۈمۈش لېنتا ئۈستىدە پەرۋاز قىل. 8 - ئىيۇل كەچتە يېتىپ بارالىساقلا، يەنە بىر كۈن مېنىڭ ئىختىيارىمدا بولىدۇ. قىزىمغا يەنە ئىككى مەيدان مەدەت بېرەلەيمەن.

ئىككى كۈنلۈك سەپەر تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. خۇشپېئىل، پاراڭچى، جان كۆيەر ئادەم بىلەن ھەمسەپەر بولۇش ھەقىقەتەنمۇ بىر بەخت ئىكەن. ئۆزۈڭنى ئەل - ئاغىنە، دىلكەشلىرىڭ بىلەن سەيلە - ساياھەت قىلىۋاتقاندەك ئەركىن ھېس قىلىدىكەنسەن. پاراڭلىشىپ - سىردىشىپ قانمايدىكەنسەن. ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام يول ئۈستىدىكى شەھەر - بازارلارنى، ئۆتەڭ، مەھەللىلەرنى تونۇشتۇرۇپ باراتتى. ئاشۇ يەرلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەرنى، لەتىپە - چاقچاقلارنى، ۋەقە - ھادىسىلەرنى سۆزلەيتتى؛ مەن ئاڭلاپ قانمايتتىم، سوراپ ھارمايتتىم. ئۇستام پات - پات سۆزىدىن توختاپ: «توختايمۇ، قورساقلىرى ئاچتىمۇ، ھاجەتكە چۈشەمدىلا» دەپ سوراپ قوياتتى. مەن بېشىمنى چايقايتتىم. ماشىنا بولسا كۈمۈش سىزىقلارنى ئارقىغا تاشلاپ داۋاملىق ئالغا قاراپ ئۇچاتتى. مەن ئاشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە قىزىمنى، ئۇنىڭ ئىمتىھان ئەھۋالىنى

ئويلاپ تىتىلداشقىنىمۇ پۇرسەت تاپالمىدىم. لېكىن مەن يەنىلا ئالدىرايتتىم. يول بويى ئۇستامنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرىدىن پەقەت بىرىنىلا سەزدىم. ئۇ، گازىرنى تولىمۇ كۆپ چاقىدىكەن. تاماكا چەكمەيدىغان ئادەم ئۈچۈن گازىر ئەڭ ياخشى مىلىكە قىلغۇچى، ئەڭ ياخشى ئۇيقۇ قاچۇرغۇچى بولسا كېرەك. ئۇ، ئىككى سوتكا ئىچىدە تۆت كىلودەك گازىرنى چېقىپ بولدى. كۆزلىرى بولسا بۈركۈتنىڭ كۆزلىرىدەك مەڭگۈ ئوچۇق تۇراتتى. ئالدىمىزدا يېيىلىپ ياتقان كۈمۈش لېنتىدەك پايانسىز يولنى يۇتۇپ بېرىۋاتقاندەك، ئاشۇ يوللار ئاجايىپ تېزلىك بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە كىرىپ تۈگەللىنىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، 2000 كىلومېتىر دېگەن ئاز يول ئەمەس ئىكەن.

بىز 8 - ئىيۇلنىڭ قۇياشى تاغ ئارقىسىغا مۆكۈنۈشتىن ئىلگىرى ئۇ مۇساپىنى بېسىپ بولالمىدۇق. ئالدىمىزدا يەنە ئىككى يۈز كىلومېتىر يول سوزۇلۇپ ياتاتتى. مەن ئويلايتتىم. يەنە ئۈچ - تۆت سائەت ماڭساقلا، ئۇستامنىڭ تالماس كۆزلىرى يەنە ئۈچ - تۆت سائەت يۇمۇلمىسىلا مەنزىلگە يېتىپ بېرىۋالىمىز. مەن قىزىمنىڭ ئاخىرقى ئىككى مەيدان ئىمتىھانىغا مەدەت بېرەلەيمەن. ئىمتىھان مەيدانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا مەن ئۇنىڭ چېكىسىگە سۆيۈپ قويالايمەن. ئەي خۇدا، يولىمىزنى راۋان قىل، تاڭدىن ئىلگىرى مەنزىلگە يەتكۈز...

لېكىن چاتاق مانا شۇ چاغدا چىقتى. 8 - ئىيۇل تۈگەپ سائەتنىڭ ستىرېلكىسى 9 - ئىيۇلغا ئاتقان مەزگىلدە ئۇستامنىڭ پۇتلىرى ماي تەپكۈسىدىن كۆتۈرۈلدى، ماشىنا توختاپ قالدى. ئۇستام ماڭا قاراپ ئېغىر خورسىنىپ قويدى:

- مەن كۆپ تىرىشتىم. 8 - ئىيۇل ئاياغلىششىتىن ئىلگىرى ئۆزلىرىنى مەنزىلگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۆپ تىرىشتىم. لېكىن تىرىشقىنىم بىكار كەتتى. بىز مەنزىلگە يېتىپ بارالمىدۇق. ئەمدى مەن ماڭالمايمەن، ئەمدى توختىمىسام بولمايدۇ. مۇشۇ يەردە بىر سوتكا توختايمىز، مېنى كەچۈرسىلە.

ئۇنىڭ ئاۋازى مۇڭلۇق ۋە غەمكىنىدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ سىرلىق بىر ئەنسىزلىكنىڭ شولىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

ماشىنا توختاپ قالدى. لەنەتتەگكۈر 9 - ئىيۇل بىزنى توختىتىپ قويدى. مانا ئەمدى ماشىنىنى يولنىڭ قىرغىقىدا توختىتىپ قويۇپ، يول چېتىدىكى قوم دۆۋىسى ئۈستىدە ئەتىگەنلىك قۇياشقا قاراپ ئولتۇرۇپتىمىز. 9 - ئىيۇلنىڭ باشلانغىنىغا ئالتە سائەت بولدى. توختاپ قالغىنىمىزغىمۇ ئالتە سائەت بولدى. ھەي، لەنەتتەگكەن 9 - ئىيۇل، سېنى كالېندارىدىن ئۆچۈرۈۋېتىشكە بولماسمۇ؟ سېنى ئۇلۇغ، پارلاق، ئىزگۇ كۈنلەرنىڭ قاتارىدىن مەڭگۈ چىقىرىۋېتىشكە بولماسمۇ؟

مەن ئالدىرايتتىم. مەنزىلگە يېتىشكە، قىزىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر مەيدان ئىمتىھانىغا بولسىمۇ ئۈلگۈرۈپ بېرىشقا ئالدىرايتتىم. بۇ ئالتە سائەت ئىچىدە دېمىگەن گەپلىرىم قالمىدى. يالۋۇرۇپ تىلىمىنىڭ، كالپۇكلىرىمىنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشكۈدەك بولدى، ئەمما مۇنۇ كاج - ئۆز سۆزلۈك شوپۇرنىڭ قوم دۆۋىسى ئۈستىدە ياتقىنى ياتقان، ھېكايە سۆزلىگىنى سۆزلىگەن. مەنمۇ ئۆز يۇرتلۇقلىرىمنىڭ مەشھۇر كاجلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، ھەتتا ئۇلارنىڭ بۇنداق كاجلىقىدىن — «بىرنى بىر دەيدىغان» ئۆز سۆزلۈكىدىن پەخىرلىنىپ يۈرگەن چاغلىرىممۇ بولغان، شەرەپ ھېس قىلغان. لېكىن مانا ئۆز بېشىمغا كېلىۋىدى، كاجلىقتىن يەتكۈچە تويدۇم، يەتكۈچە بىزار بولدۇم. ئۇستام بولسا پەقەت بىرلا سۆزىنى تەكرارلايتتى:

- مەن 9 - ئىيۇلدا ماڭالمايمەن، 9 - ئىيۇلدا ماڭسام بولمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ، چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا، قوم دۆۋىسى ئۈستىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىپتىمىز. شوپۇر ئۇستام كېچىدىلا مېنى ماشىنا توسۇپ يولغا سېلىپ قويماقچى بولغانتى، لېكىن تاھازىرغىچە قېرىشقاندەك بىرمۇ ماشىنا ئۆتمەي قويدى. ۋاقىت بولسا نېمىگىدۇر ئالدىرىغاندەك ئۆتۈپ باراتتى. ئاش ۋاقتى بولدى. چۈش بولدى. قىزىم ئاخىرقى ئىمتىھانغىمۇ كىرىپ كەتتى. ئەمدى ماشىنا توسقاننىڭ، ئالدىرىغاننىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىغانىدى. بەربىر ئۈلگۈرۈپ بارالمايتتىم. قوم دۆۋىسىگە — شوپۇر ئۇستامنىڭ قېشىغا يانپاشلىدىم. قوم قىزىپ كەتكەنىدى. چۆلدىن قىزىتىلغان تونۇر ھارارىتى ئۇراتتى. مەن ماشىنىنىڭ ئاستىغا كىرىپ ئولتۇرۇشنى تەكلىپ قىلدىم. لېكىن ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام رەت قىلدى:

- ياق، ماشىنىغا يېقىنلىششىقا بولمايدۇ. ئۇ، دۆلەتنىڭ مۈلكى، ئۈستىدىكى يۈكمۇ دۆلەتنىڭ، بىزنىڭ ئۇنى ئاسراش مەجبۇرىيىتىمىز بار. 9 - ئىيۇلنىڭ ئاپتىپىنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

- نېمە ئاپەت؟

- سىلى بىلمەيدىلا. 9 - ئىيۇل ئاپەتلىك كۈن. مەن 9 - ئىيۇلدا زادىلا يول يۈرمەيمەن، ماشىنىغىمۇ يېقىنلاشمايمەن. 9 - ئىيۇلنىڭ كىرىشى بىلەنلا نامەلۇم بىر ئاپەت ماڭا يېقىنلىشىدۇ ياكى ماشىنامغا يېقىنلىشىدۇ... مەن ئۇنىڭدىن قېچىشىم كېرەك. زىيانىنى ئازايتىش ئۈچۈن ماشىنىغىمۇ، باشقا نەرسىلەرگىمۇ يېقىنلاشماسلىقىم كېرەك...

ئۇستامنىڭ سۆزلىرى جىددىي ئىدى، كۆزلىرىدە ئەنسىزلىك ئۇچقۇنلىرى پىلدىلداپ تۇراتتى. قاراماتاق چىرايى ئۇزۇنغىچە سۇ كۆرمىگەن قۇم دۆۋىسىدەك سارغىيىپ بوز رەڭگە كىرىپ قالغانىدى. گەپ - سۆزلىرى سىرلىق ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى. سۆز ئارىسىدا ئۆزى بىلىدىغان بىردىنبىر ئايەت «قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد» نى تەكرارلاپ قوياتتى. نېمىشقىدۇ ئۇنىڭدىكى ئەنسىزلىك ئاستا - ئاستا ماڭىمۇ ئۆتۈشكە باشلىدى. مەنمۇ قانداقتۇ بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك تاقەتسىزلىنەتتىم. 9 - ئىيۇلنى ئاپەتلەرگە، ھادىسىلەرگە، پاجىئەلىك ۋەقەلەرگە تولغاندەك ھېس قىلاتتىم. قىزىمنىڭ ئىمتىھانىغا ئۈلگۈرۈپ بارالماسلىقىم، سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولماسلىقى، ھېلىقى مال سېتىۋالغۇچىنىڭ لەنتى قىياپىتى، چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قېلىشىمىز، تونۇردەك ئىسسىق كۈن... ھەممىسى 9 - ئىيۇلنىڭ ئاپىتىدىن دېرەك بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئاپەتنىڭ پەقەت 9 - ئىيۇلدىلا كېلىشى تولىمۇ سىرلىق تۇيۇلاتتى.

— 9 - ئىيۇلدا ماڭمايمەن دەيلا. 9 - ئىيۇل ئاپەتلىك كۈن دەيلا. مەن ھېچنېمىنى ئۇقالمىدىم. ئېنىقراق بىر نېمە دېسىلە، ئۇستام؟ نېمىشقا ئاپەت بۈگۈنلا كەلگۈدەك؟ نېمە ئاپەتكەن ئۇ؟ مەنمۇ بىلىپ قالاي، بەلكىم ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بىرەر چارە تاپارمىز.

— ياق، بۇ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايدۇ. سۆزلىسەم سۆزلەي، لېكىن ئاپەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتىن باشقا ئىلاجىمىز يوق. ئىلگىرى، 9 - ئىيۇلنىڭ ئاپەتلىك كۈن ئىكەنلىكىنى، ئاشۇ كۈندە ماڭا بالايى - ئاپەت كېلىدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەيتتىم. كىم، قاچان ئۆزىگە بالا كېلىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟ كىم، پالانى كۈنى ماڭا ئاپەت كېلەرمىكىن دەپ ئويلايدۇ؟ شۇنداق، بىلمەيتتىم، كېيىن تاسادىپىي بىلىپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن 9 - ئىيۇلنى دەككە - دۈككىدە ئۆتكۈزىدىغان، 9 - ئىيۇل كۈنى يول يۈرمەيدىغان، 9 - ئىيۇل سەھەردە قان قىلىپ، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ، دۇئا - تىلاۋەت قىلدۇرىدىغان، ئۆينىڭ تۆرىگە كىرىپ، يوشۇرۇنۇپ ھېچكىمگە ئارىلاشمايدىغان بولدۇم. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئاپەتتىن قېچىپ قۇتۇلالىغىنىم يوق. ئۇ بەرىبىر قاناتلىرى بىلەن مېنى ئۇرۇپ ئۆتتىدۇ. بەدىنىمنى لەختە، يۈرىكىمنى قان قىلدۇ. ماڭا ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتىن باشقا ئىلاجى يوق. سۆزلىسەم گەپ تولا. ئېشقىلىپ، ماڭا نىسبەتەن 9 - ئىيۇلنىڭ نەس باسىدىغان، ئاپەتلىك كۈن ئىكەنلىكىنى يەنىلا تاسادىپىي بىلىپ قالدىم. سىلىگە نامەلۇم، مېنىڭ ئوڭ قولۇم ئىككى قېتىم سۇنۇپ كەتتى. ھەر ئىككىلا قېتىم ئاشۇ خانىبىرىقا بېرىپ تاڭدۇردۇم. بىلسىلە كېرەك، ئۇ يەردە ئاتا ئىسلام ئاتىسى - مەشھۇر تېڭىقچى ئىسلامكامنىڭ ئىشلىرىنى داۋام قىلماقتا. ئۇدۇم دېگەن ئاجايىپ ئىشكەن. ئۇدۇمى بار قوللار تېڭىق تاڭسىلا سۇنغان جاي تېز، ۋاقتىدا، ئەيىب - نۇقسانسىز ساقىيىدىكەن. بۇرۇنقى چاغلاردا ئىسلامكام تاڭغان سۇنۇق ئاشۇنداق نۇقسانسىز ساقىياتتى. ھازىر ئاتا ئىسلام تاڭغان سۇنۇقمۇ ئاشۇنداق نۇقسانسىز ساقىيىدۇ. كىشىلەرنىڭ: «ئۇدۇمى بار» دېگىنى مۇشۇ بولسا كېرەك. كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمغا ئاساسلانغاندا، باشقىلار تاڭغان سۇنۇق ئۇنداق ئاسان، نۇقسانسىز ساقايمايدۇ. شۇڭىمۇ مەن ھەر ئىككىلا قېتىم ئاتا ئىسلامنىڭ ئالدىغا باردىم. قولۇمنى ئاشۇ يەردە تاڭدۇردۇم. قولۇڭ نېمە سەۋەبتىن سۇنغان، دەپ سورىمامدىلا؟ بۇ، بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇنقى ئىش. يۈك بېسىپ ئۈرۈمچىگە كېتىپ باراتتىم. ئاتۇشنىڭ ئۇ يېقىدا، شىبەر كۆلنىڭ ئەتراپىدا ماشىنىنى ئۆرۈۋەتتىم. نېمە بولغىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. نېمىشقىدۇ رولنى كۈچەپ ئوڭ تەرەپكە ئۇرغىنىم يادىمدا. شۇنىڭدىن كېيىن پۇلاڭلاپ ئىككى مېتىردەك چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كەتتۇق. راست، خۇدا ھەققى راست. ئالدىمىزدىن كېلىۋاتقان ھېچنېمە يوق ئىدى. رولنى نېمىشقا بۇرىغىنىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، ماشىنىنىڭ ئالدى جەنۇبقا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ جاڭگۋا بىر دومىلاپ چوڭقۇرلۇققا يەتكەندە يەنە چاقلىرى بىلەن ئۆرە توختاپتۇ. نېمە ئىش بولغىنىنى بىلمەيمەن. كېپىنەكتىن سەكرەپ چۈشتۈم. يۈك جايىدا، ئارغامچىلارمۇ ئۈزۈلمەپتۇ. كېپىنەكنىڭ ئېزىلگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ماشىنا ساپمۇساق. يەنە كېپىنەككە سەكرەپ چىقتىم، ستاتورغا دەسسىدىم، گۈرۈلدەپ ئوت ئالماسمۇ، دېمەك ماتورمۇ ساق... ھەيرانمەن. ئۆرۈلگىنىمىزگىمۇ، سىرىكچىدەك موللاق ئېتىپ قوپۇپ ساپساق تۇرغىنىمىزغىمۇ ھەيرانمەن. شوپۇر ئۈچۈن تۈپتۈز يولدا ئۆرۈلۈپ كېتىشتىن سەت ئىش يوق... دەرھال يولغا چىقىۋالمىسام، بىرەرسى كۆرۈپ قالسا بەكمۇ سەتچىلىك بولاتتى. مايىنى ئۇلغايتىپ ماشىنىنى قوزغاپ باقتىم، ماتور كۈچىگەنلىكتىن ۋىڭىلداپ كەتتى. چاقلار لاي چېچىپ پىرقىرايتتى. لېكىن ئېغىر يۈك بېسىلغان بۇ جاڭگۋا ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتىن چىقالايدىغاندەك ئەمەس... ئەمدى سۆرەپ، ئورەكتىن چىقىرىپ قويىدىغان بىرەر رەھىمدىل ماشىنىنى توسماقتىن باشقا ئىلاج يوق ئىدى. كۆپ ئۆتمەي سۆرەپ قويىدىغان ماشىنىمۇ كېلىپ قالدى. ئۇ، شىركىتىمىزنىڭ ئۈرۈمچى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ماشىنىسى ئىكەن. بىزنى كۆرۈپلا

توختىدى. سىم ئارقان بىلەن ماشىنىلارنى چاتتۇق. يانتۇلۇقنى بويلاپ سۆرەيدىغانغا كېلىشتۇق. مەن ئۆز ماشىنامدا رولنى باشقۇرۇپ ئولتۇردۇم. سۆرۈلۈپ - تىرمىشىپ يولغىمۇ چىقتۇق. چالا قالغان ھادىسە مانا شۇ چاغدا يۈز بەردى. قولۇم نېمىشقىدۇر رولدىن ئاجراپ كېتىپ قالدى. بىر تەرەپكە ئۇرۇلغان رول چاقپىلەكتەك پىرقىراپ كەتمەسمۇ، نېمە بولغىنىنى بىلمەيمەن، ئوڭ قولۇم زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. كېپىنكىدىن سەكرەپ چۈشۈپ: «قولۇم سۇندى» دەپ ۋارقىرىدىم. بەكمۇ قاتتىق ۋارقىرىغان بولسام كېرەك، يەنە بىر ماشىنىنىڭ شوپۇرى چۆچۈپ كەتتى، لېكىن ئىشىنىدىغاندەك ئەمەس. ئوڭ قولۇمنى كۆتۈردۇم. جەينەكنىڭ تۆۋىنىدىن خۇددى پىيازلىقتىكى قارانچۇقنىڭ يەڭلىرىدەك ساڭگىلاپ قالدى. ھايال ئۆتمەي كۆپتەك ئىششىپ چىقتى.

شۇ كۈنى ماشىنىنى شىكەر كۆلدە ئامانەتكە قويۇپ، شىركىتىمىزنىڭ ھېلىقى بىزنى سۆرەپ قويغان ماشىنىسى بىلەن قايتىپ كەلدىم. نېمىشقىدۇر قولۇمنى باشقا يەردە تاڭدۇرغۇم كەلمىدى. ئېتىقاد - ئىشەنچ دېگەن ئاجايىپ نەرسىكەن. مەن پەقەت ئاتا ئىسلامغىلا ئىشىنەتتىم. شۇنداق قىلىپ، قولۇم بىرىنچى قېتىم سۇنغاندا ئاشۇ ئاتا ئىسلامغا تاڭدۇردۇم. ئىشەنگىنىمدەك بولدى، بىر ئايدىن ئاشمايلا قولۇم ئەيىبسىز، راۋۇرۇس ساقىيىپ كەتتى. قولۇم سۇنغان كۈنمۇ يادىمدىن چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنى ئەسلەپ - خاتىرىلەپمۇ قويمىدىم. دېمىسىمۇ، قول سۇنغان ئىشنىڭ ئەسلىگۈدەك نېمىسى بار؟

قولۇم كېيىنكى يىلى يەنە سۇنۇپ كەتتى. ئاشۇ كۈنى مەن كۆمۈر بېسىپ كېلىۋاتقانىدىم. بىر داۋاندىن چۈشكەندە، سەل كېلىپ يولنى بۇزۇۋەتكەن يەرگە دۈچ كەلدىم. ئۆزۈمنىڭ يولىدىن چىقىپ يولنىڭ سول تەرىپىگە قىستالدىم. ئۇنىڭ ئۇ يېقى تاغ ئىدى. دەل شۇ چاغدا قارشى تەرەپتىنمۇ بىر ماشىنا كېلىپ قالماسمۇ، ئىككىمىز قىستىلىشىپ - كەپلىشىپ قالدۇق. ئۇمۇ ئۆتەلمەيدىغان، مەنمۇ ماڭالمايدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالدى. ئارقام داۋاندى، ياناي دەپمۇ يانالمايتتىم. ماشىنىنى تورمۇزلاپ، قارشى تەرەپتىن كەلگەن شوپۇرنىڭ كەينىگە شوخشۇپ، يول بىكارلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم. ھېلىقى شوپۇر بېشىنى كېپىنكىدىن چىقىرىپ ۋارقىرىدى:

- سەن شوپۇرمۇ ياكى ھاڭگۈيلۇق ئوتۇنچىمۇ؟

ئۆز يولۇمدا ماڭمىغان خاتالىق مەندە ئىدى. ياۋاش بولدۇم. ئەھۋالنى چۈشەندۈردۇم. لېكىن كەسمىگەن توغراقتەك تەمبەل، بەڭگىدەك ياپما قاپاق شوپۇر تولىمۇ ئاچچىقى يامان ئادەم ئىكەن. «ھۇ، ئاناڭنى، سىڭلىڭنى» دەپ تىللاشقا باشلىدى. بۇنىڭدىنمۇ پوخادىن چىقماي ماشىنىسىدىن سەكرەپ چۈشۈپ كېپىنكەمگە ياماشتى. مېنى يەرگە سۆرەپ چۈشۈپ زاڭىلىرىمغا چاڭگىلدىتىپ شاپىلاق سالدى. ئۈچىنى ئۇرغۇچە چىداپ تۇردۇم. ئۈچىنچى شاپىلاق كۆزلىرىمدىن ئوت چاقنىتىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغىنىنى بىلمەيمەن. مەنمۇ ئوغۇل بالىغۇ، بىر كىمنىڭ غالچىسى ئەمەس. ئېھتىمال چىداپ تۇرالمىغان بولسام كېرەك، ئاستى تەرەپتىن راسا كېلىشتۈرۈپ پوكانىغا سالدىم. ئۇ، چاقنىڭ يېنىغا ئۈچۈپ چۈشتى. ئىككىمىز پومداقلىشىپ، مۇشتلىشىپ كەتتۇق. ھازىر ئەسلىسەم، ئەگەر شۇ چاغدا بىرگە بىر بولغان بولساق، ئۇ ھەر قانچە تەمبەل بولسىمۇ، كۈچى يەتمەسكەن. لېكىن كېپىنكىدە ئۇنىڭ يەنە ئىككى ھەمراھى بار ئىكەن. كىمدۇ بىرى روگايتكا بىلەن بىلىكىمگە «قارس» قىلىپ بىرنى سالدى. ئەمدى قولۇم جەينىكىمنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن ساڭگىلاپ قالدى. شۇنىڭدىمۇ بوي بەرمىدىم. ھېلىقى پور سېمىزنىڭ بويىنىغا غەزەپ بىلەن ئۈستۈم. ئۈچ ئادەم دېگەن بەرىبىر ئۈچ ئادەم ئىكەن. ئۈچى بىرلىشىپ مېنى تازا ئۇرۇپ ئورنۇمدىن تۇرالمىغۇدەك بولغاندا تاشلاپ كېتىشتى.

بۇ قېتىم يەنە ئاتا ئىسلامنىڭ ئالدىغا باردىم. بارغاندىمۇ، قولۇم سۇنۇپ ئىككى كۈن ئۆتكەندە باردىم. ماھارەتلىك تېڭىقچى ھەيران قالدى:

- ئابلىمىت ئاخۇن، بۇ قانداق گەپ، ئالدىنقى يىلمۇ 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كېلىپلا، بۇ يىلمۇ يەنە شۇ كۈندە كەپتىلا، مەن ھەر يىلى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنىنى پەقەت ئۆزلىرىڭلا ساقلاپ ئولتۇرسام بولغۇدەك، - دەپ قالماسمۇ، ئەسلەپ كۆرسەم راست، تېڭىقچىنىڭ دەپتىرىگىمۇ شۇنداق پۈتۈكلۈك تۇرۇپتۇ. ئەستىلىكلەر قەلبىمدە روشەنلەشتى. ئالدىنقى قېتىممۇ شىكەر كۆلدىن ئىككى كۈندە كەلگەنمەن. دېمەك قولۇم 9 - ئىيۇلدا سۇنغان. بۈگۈن 11 - ئىيۇل بولسا، دېمەك قولۇم بۇ يىلمۇ 9 - ئىيۇلدا سۇنۇپتۇ. مەن ھەيران بولۇپ قالدىم. 9 - ئىيۇل؟ بۇ قانداق كۈن ئىكەن؟ مەن بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەشكە باشلىدىم: بۇنىڭدىن خېلى يىللار بۇرۇن، يېڭىدىن شوپۇر بولۇپ «ئازاد» ماركىلىق ماشىنىنى ھەيدەيدىغان چېغىمدا، ماشىنىنى دەل مۇشۇنداق ئىسسىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆرۈۋەتكەنلىكىم يادىمغا چۈشتى. 9 - ئىيۇل بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ دەرھال پراۋامنى يانچۇقتىن ئېلىپ قارىدىم. راست، دېگەندەك 9 - ئىيۇل. شۇ چاغدا قاتناش ساقچىسى چۈپەيلىك قىلىپ، چېسلا بىلەن سادىر بولغان ۋەقەنى يېزىپ، تامغا ئۇرۇپ قويغانىدى، ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ. شوپۇر بولۇپ، ماشىنا ھەيدەپ، ماشىنىنى ئىككى قېتىم ئۆرۈۋېتىپتىمەن. ھەر ئىككىلا ھادىسە 9 - ئىيۇلدا

سادىر بوپتۇ، ئىككى قېتىم قولۇم سۇنۇپتۇ. ھەر ئىككىلا قېتىم 9 - ئىيۇلدا سۇنۇپتۇ.

شۇ قېتىم قولۇم ساقايغىچە سۆڭەك قايىنتىپ ئىچىپ، بىرەر ئايدەك ئۆيدىن تالاغا چىقماي ياتتىم. مېڭەمگە نېمىشقىدۇر ئاشۇ 9 - ئىيۇل مەھكەم ئورنىشىۋالغانىدى. ئۇيان ئويلايتتىم، بۇيان ئويلايتتىم، لېكىن ئاشۇ 9 - ئىيۇلدىن قۇتۇلالمايتتىم. ماڭا كېلىدىغان بارلىق بالايى - ئاپەتنىڭ، قازايۇ - قەدەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ 9 - ئىيۇلدىلا كېلىدىغاندەك، 9 - ئىيۇل كۈنى بالايى - ئاپەتنىڭ قاراقانتى بېشىمغا سايە تاشلايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بارا - بارا 9 - ئىيۇلنىڭ ئۆز تەقدىرىم بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىگە، قىسمەتنىڭ 9 - ئىيۇل كۈنىلا ماڭا كۈچى يېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ قالدىم. راست ئەمەسمۇ، 9 - ئىيۇل كۈنى تۇپتۇز يولدا كېتىۋېتىپ ئۆرۈلۈپ كەتسەم، بىكاردىن بىكار قولۇم سۇنسا، شۇنچە يالۋۇرۇپ چىرايلىق گەپ قىلساممۇ ھېلىقى شوپۇر ئۆرۈپ قولۇمنى يەنە بىر قېتىم سۇندۇرۇۋەتسە، مەن 9 - ئىيۇلنىڭ كارامىتىگە ئىشەنمەيمەنمۇ؟ ياق، ماشىنىنى مەن ئۆرۈۋەتمىدىم، ماڭا 9 - ئىيۇلدىلا كۈچى يېتىدىغان تەقدىر ئۆرۈۋەتتى. قولۇمغا روگايتكا بىلەن ئۇرغىنى ھېلىقى ياپما قاپاق شوپۇرنىڭ ھەمراھى ئەمەس، قىسمەت. مېنىڭ قولۇمنى سۇندۇرغىنى قىسمەت. شۇنداق قىلىپ، مەن 9 - ئىيۇلنىڭ ئۆزۈمگە ئاپەت ھەمراھ بولىدىغان كۈن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالدىم. ئىككى - ئۈچ قېتىمدەك ئۆلۈپ چۈش كۆردۈم. ئۆلۈۋېتىپ كالپىندارغا قارىغۇدەك-مىشمەن، كۆزلىرىمگە «9 - ئىيۇل» دېگەن يوغان قارا خەت كۆرۈنگۈدەكمىش.

قانداق قىلاي؟ ئادەمنىڭ تەقدىرى دېگەن ئۆز قولىدا ئەمەس ئىكەن، ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىكەن. قولۇم ساقايغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ مەسلىھىتى بىلەن پال ئاچقۇزۇپ كۆردۈم. ئۇلارنىڭ پالغا ئىشەنمەيلا، شۇنداقمۇ؟ لېكىن مەن ئىشىنىپ قالدىم. ھېلىقى ۋىجىككىنە، يۈزىدە ساقال - بۇرۇتتىن ئەسەر يوق، كىرپىكلىرى پۈتۈنلەي تۆكۈلۈپ كەتكەن، كۆز گىرۋەكلىرى قىپقىزىل بولۇپ تەتۈر ئۆرۈلۈپ تۇرىدىغان پالچى ھەممىنى تاپتى. بېشىمغا كەلگەن ئىشلارنى، ئۇنىڭ قايسى ئاي، قايسى كۈندە بولغانلىقىنى بىر - بىرلەپ دەپ بەردى. «7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۆزلىرىگە ئالۋاستى ھەمىلە قىلىدۇ» دېدى. مەن بۇنىڭ چارىسىنى قىلىش ئۈچۈن 4 - 5 يۈز سوم پۇل خەجلىدىم. ئوقۇيدىغانلار ئوقۇدى، سۈفكەشلىدى، ئىسرىق سالدى، گۈلخان يېقىپ، پالاز قاقتى، قان قىلدى. كېيىن نېمە بولدى، دېمەملا؟ ئۇلار ماڭا بالا كېلىدىغان كۈننى تېپىشىنغۇ تاپتى، لېكىن بالايى - ئاپەت ئالۋاستىسىنى قوغلىۋېتەلمىدى. مەن كېيىنكى يىلىلا ئۇنىڭ بىلەن يەنە دوقۇرۇشۇپ قالدىم. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ نېمە قىلاي؟ 9 - ئىيۇلنىڭ ئاپەتلىك كۈن ئىكەنلىكىنى سەزگىنىمگە بەش - ئالتە يىل بولدى. شۇ كۈندە يولغا چىقمايدىغان بولدۇم. ھەر يىلى 9 - ئىيۇل سەھەردە قان قىلىپ، جامائەتنى چاقىرىپ نەزىرە ئۆتكۈزىمەن، دۇئا - تىلاۋەت قىلدۇرىمەن. ئۆينىڭ تۆرىگە كىرىپ، قۇرئاننى كۆكسۈمگە بېسىپ تالاغا چىقماي ياتىمەن، لېكىن كەلمىشتىن قېچىپ قۇتۇلغىنىم يوق. قىسمەت شۇ كۈنى يەنىلا قارا قاناتلىرى بىلەن مېنى ئۇرۇپ ئۆتىدۇ. ۋۇجۇدۇمنى لەختە، يۈرىكىمنى قان قىلىدۇ... ئالدىنقى يىلى نېمە بولدى، دېمەملا؟ ئۆيدىن تالاغا چىقماي ياتتىم دېگەن بىلەن خۇددى مېھماندەك بىر ئوبدان ئۆتتۇۋاتقان خوتۇنۇم بىلەن تۈنجى قېتىم ئۇرۇشۇپ قالدىم. ئۆتكەن يىلى نېمە بولدى دېمەملا؟ ئۈرۈمچىدىن يېقىن بىر دوستىمىز كەلگەنىدى، ئاغىنىلىرىمدىن بىرى ئۇنى ئۆيىگە چاقىرىپتۇ. ئەلۋەتتە ئۆيدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان مېنىمۇ قوشۇپ بىللە چىللاپتۇ. چىقماي دېسەم ئۇنىمايدىغاندەك ئەمەس. مەشھۇر ناخشىچى سالامەتخاننىڭمۇ قەدەم تەشرىپ قىلىدىغانلىقىنى، دۇتار چېلىپ مۇڭ - پەيزى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قىزىقتۇرۇشتى. چىقتىم، لېكىن بۈگۈن 9 - ئىيۇل ئىكەنلىكىنى، ئارقامدىن بالايى - ئاپەتنىڭ مارىلاپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇمىدىم. قانچە زورلىسىمۇ ئىچمىدىم. پەقەت ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مېھماننىڭ كۆڭلىنى قايتۇرالماي ئىككى رومكىلا ئىچىپ سالدىم. ئاخىر نېمە بولدى دېمەملا؟ ئولتۇرۇشتىن تارقاپ چىققىنىمىزدا خۇپتەندىن يانغان جامائەت بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدۇق. «ئابلىمىتمۇ سەن، ھۇ، دىنىدىن چىققان ئىمانسىز، يەنە ئىچىپسەن - دە» دېيىشتى ئۇلار. كىمدۇ بىرى ياقامدىن قاماللاپ ئېڭىكىمگە ئىككى تەستەك سالدى. ئۈن - تىنسىز جىم تۇرۇۋالدىم. ئەگەر بىرەر ئېغىز گەپ ياندۇرغۇدەك بولسام، قانداق قىزىل قىيامەتنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم. ئەسەبىيلەشكەن تەلۋىلەر كېچىسى ئۆيۈمگە ئوت قويۇۋېتىشتىنمۇ يانمايتتى. ئاخىر ئۇلار مېنى ئۆلۈم ۋە دوزاخ بىلەن بىر ھازا قورقۇتۇشقاندىن كېيىن تارقاپ كېتىشتى.

ئەھۋال مانا شۇنداق. بىلەمدىلا، خوتۇنۇم بىلەن ئۇرۇشقان، ئۇنىڭ نازۇك دىلىنى رەنجىتكەن مەن ئەمەس. مەن بىلەن ئۇرۇشقان، كۆڭلۈمنى بىئارام قىلغانمۇ خوتۇنۇم ئەمەس، ئۇ - قىسمەت، ئاشۇ 9 - ئىيۇلدىلا ماڭا كۈچى يېتىدىغان قىسمەت. مەڭزىمگە ئىككى تەستەك سالغىنىمۇ مەھەللىمىزدىكى مەسچىت جامائىتى ئەمەس، ئۇ 9 - ئىيۇل كۈنىلا ئۇچۇپ كېلىدىغان بالايى - ئاپەتنىڭ قارا قاغىسى.

مەن 9 ـ ئېيۇلدا يولغا چىقمايمەن، ماشىنا ھەيدىسەم تېخىمۇ بولمايدۇ. پەقەت كۈتۈپلا ئولتۇرىمەن، خۇداغا سېغىنىمەن، ئامانلىقىمنى تىلەيمەن. ئۆزلىرىنى 8 ـ ئېيۇل ئۆتۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى مەنزىلگە يەتكۈزەرمەن دەپ ئويلىغانتىم، لېكىن ئامال بولمىدى. ئەمدى مانا چۆلگە تاشلاپ قويدۇم، كەچۈرسىلە. بۈگۈن نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ؟ بالايى ـ ئاپەتنىڭ قارا قاغىسى قاناتلىرىنى قايسى ئېگىزلىككە ئۇرۇپ ئۆتىدۇ؟ بۇ، ماڭا سىر، ئۆزلىرىگىمۇ سىر. باشتا دېدىم، بۇ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغان بالايى ـ ئاپەت ئەمەس. ئۇنىڭ قايسى ياقتىن، قايسى سىياقتا كېلىشىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتمەكتىن باشقا ئامالىمىز يوق. ئۇلۇغ خۇدا، پاناھىڭدا ساقلىغىن، سائەتنىڭ ستىرېلكىسى 10 ـ ئېيۇلغا قەدەم بېسىشى بىلەنلا يولغا چىقىمەن. ئۆزلىرىنى مەنزىلگە يەتكۈزۈپ بارىمەن. ئۇلۇغ خۇدا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغاي. «قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد. . . »

ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستامنىڭ مۇڭلۇق، غەمكىن ئاۋازى ئاستا ـ ئاستا پەسەيدى. ئۇنىڭ ھېكايىسى تۈگىگەن، چۆل خۇددى ھېكايە ئاڭلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالغاندەك جىمجىت ئىدى. چۈشتىن كېيىنكى دىمىق ئىسسىق ئادەمنىڭ دىمىنى سىقاتتى. ئۇستامنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ئىشىنىشنىمۇ ـ ئىشەنمەسلىكنىمۇ بىلمەيتتىم. قەلبىمنىڭ تۆرىدىكى ئاللىقانداق بىر تۇيغۇ ئىشىنىشكە زورلىغاندەك قىلاتتى. سەۋەب نەدە؟ نېمىشقا ھەممىسى 9 ـ ئېيۇلغىلا يىغىلىپ يۈز بېرىدۇ؟ نېمىشقا، نېمىشقا. . . تالاي سوئاللار قەلبىمنى غىدىقلايتتى. قىزىمنىڭ ئىمتىھانىغا ئۈلگۈرۈپ بارالماسلىقىم، ئايروپىلانغا بىلەت ئالالماسلىقىم، چۆلدىكى ئىسسىقتا قىينىلىشىم. . . ھەممىسى قىسمەتنىڭ، كاج تەقدىرنىڭ كاساپىتىدىنمىدۇ؟ 9 ـ ئېيۇل راستىنلا نەس باسقان كۈنمىدۇ؟ 9 ـ ئېيۇلدا ھەممە ئادەمگە ئاپەت كېلەمدىغاندۇ؟ 9 ـ ئېيۇلدا ئادەم خۇش بولىدىغان ئىشلار بولۇپ باقمىغانمىدۇ؟

مەن ئۆزۈمنىڭ 9 ـ ئېيۇلدا ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرىمنى ئەسلەشكە تىرىشتىم. لېكىن ھېچقايسىسى يادىمدا يوق ئىدى. ھەتتا ئۆتكەن يىلقى 9 ـ ئېيۇل كۈنۈمنىمۇ يادىمغا ئالالمىدىم.

ـ ئۇستام، ئەسلەپ كۆرسىلە، 9 ـ ئېيۇلدا بىرەر خۇشال بولارلىق ئىشلارمۇ بولغانمۇ ـ يوق؟ مەسىلەن، توي قىلغان، پەرزەنتلەر تۇغۇلغان، خىزمەتكە ئورۇنلاشقان، مەكتەپ پۈتتۈرگەن، تۇنجى مائاش ئالغان دېگەندەكلەردىن 9 ـ ئېيۇلدا بولغانلىرى بارمىكىن؟

ئۇستام قۇم دۆۋىسىنىڭ باغرىدا ئاسمانغا قاراپ ياتاتتى. ئۇ، چوڭقۇر ئويغا پاتقاندەك ئىدى.

ـ ياق، بۇنداق كۈن يوق. مەن بۇرۇنمۇ ئويلاپ كۆرگەن. توي قىلغان، پەرزەنت يۈزى كۆرگەن، ئىشقا ئورۇنلاشقان كۈنلىرىم باشقا كۈنلەردە بولغان. بىلىلىغۇ، بىز ئىشچى. ئىشچى دېگەنگە مائاشنى ئاينىڭ ئاخىرىدا بېرىدۇ. 9 ـ ئېيۇلدا مائاش ئېلىپ باققىنىممۇ يوق. مەن ھەر يىلى 9 ـ ئېيۇلدا بىرەر خۇشاللىق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى، قىسمەتنىڭ بىردىن ئۆزگىرىپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. بولسا كۆڭلۈمنى كۆتۈرگۈچى چىرايلىق، تاتلىق گەپلەرنى ئاڭلاشنى، پەرزەنتلىرىمنىڭ بويۇنۇمدىن قۇچاقلاپ ئەركىلىتىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. لېكىن ئاشۇ كۈندە بالىلىرىممۇ ماڭا يېقىنلاشمايدۇ. ئېھتىمال كۆزلىرىمدىن قورقۇنچلۇق يېشىل نۇر، ۋۇجۇدۇمدىن مۇزدەك ھاۋا چېچىلىپ تۇرسا كېرەك. مەن شۇ كۈنى پەرزەنت مېھرىدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ قالىمەن. مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن. پەقەت كۈتىمەن. ئاللىقانداق بىر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بېرىشىنى، قارا قاناتلىق بالايى ـ ئاپەتنىڭ دەھشەت سېلىپ ئۇچۇپ كېلىشىنىلا كۈتىمەن.

ـ ئۆزلىرى نەچچە ياشقا كىردىلە؟

ـ 36 ياشقا كىردىم. مەن قۇربان ھېيتنىڭ 3 ـ كۈنى تۇغۇلغانىكەنمەن. دەسلەپتە قۇربان دەپ ئىسىم قويۇشماقچى بولغانىكەن، كېيىن نېمىشقىمۇ ئابلىمىت قويۇشۇپتۇ. بۇنى ئانام سۆزلەپ بەرگەنىدى.

بۇ يىلقى قۇربان ھېيتقا يەنە سەككىز كۈن بار ئىدى. ھېسابلاپ كۆرسەم ئۇنىڭ 36 ياشقا كىردىم دېگىنى توغرىكەن. ھېيت 36 يىلدا بىر قېتىم چۆرگىلەپ كېلىدۇ، دېيىشىدۇ ئەمەسمۇ. بۇ يىل 17 ـ ئېيۇلدا قۇربان ھېيت بولىدۇ. ئۇ، قۇربان ھېيتنىڭ 3 ـ كۈنى تۇغۇلغان بولسا، 19 ـ ئېيۇلدا تۇغۇلغان بولىدۇ. 10 كۈن؟ ياق، بۇ يەردە بىر خاتالىق بار. ھە، راست، كېلەر يىلى 7 ـ ئېيۇلدا قۇربان ھېيت بولىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇ 9 ـ ئېيۇلدا تۇغۇلغان بولىدۇ. راست، شۇنداق، ئۇستام يېشىنى خاتا ھېسابلاپ قويغان، ئۇ 36 ياش ئەمەس، 35 ياش.

مەن بىردىنلا قىممەتلىك بىر نەرسە تېپىۋالغاندەك ھاياجانلىنىپ كەتتىم. قەلبىمدە يېڭى، سىرلىق، قورقۇنچلۇق بىر پىكىر باش كۆتۈرۈپ كېلەتتى. «. . . ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇستامغا كېلىۋاتقان بالايى ـ ئاپەت ھەر يىلى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈندە كەلگەن بولىدۇ. بالايى ـ ئاپەت ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا باشلانغانمىدۇ؟ ئۇ، يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشى بىلەنلا بالايى ـ ئاپەت ئۇنىڭغا يېپىشقانمىدۇ؟ راست، ئادەمنىڭ بۇ دۇنياغا تۇغۇلۇشىنىڭ ئۆزىلا بىر چوڭ ئوقۇشماسلىق. ئۇنىڭ بۇ جاپا ـ مۇشەققەتلىك، غەم ـ ئەندىشىلىك، ھەسرەت ـ نادامەتلىك دۇنياغا

كېلىپ قېلىشىلا بىر چولڭ پاجىئە...، بۇ كىمنىڭ پىكىرلىرى؟ قايسى پەيلاسوپنىڭ مەنتىقىسى؟ راست، ئۇنىڭ بۇ پاجىئەسى بەزىدە خۇشاللىقتىن رەڭلىنىپمۇ قالىدۇ، لېكىن بۇ رەڭ ئۆتكۈنچى. خۇددى يامغۇردىن كېيىن ئۇپۇقتا كۆتۈرۈلگەن ھەسەن - ھۈسەندەك بىردەملىك. ئۇ تېز ئارىدىلا ئۆز رەڭگىنى يوقىتىدۇ. جاپا - مۇشەققەت، غەم - ئەندىشە، ھەسرەت - نادامەتنىڭ قوينىغا سىڭىپ يوق بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا نېمە قالىدۇ؟ يەنە شۇ ئەنسىزلىك، ئۆز كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇش مەقسىتىدە قوزغالغان ئەسەبىي ئىنتىلىش، بۇ راستىنلا بىر پاجىئە، پاجىئە... بۇ كىمنىڭ پىكىرلىرى؟ بۇ كىمنىڭ مەنتىقىسى؟ بۇ راستىمدۇ؟ ئۇنىڭ يۈك ئىزدەپ غەم - ئەندىشە چېكىشى، ھېلىقى ھاكاۋۇر مال سېتىۋالغۇچىغا (باج، تۆلىشى، ۋەزىپىنى ئورۇندايمەن دەپ چۆل - جەزىرىلەردە چېپىپ يۈرۈشى، نېمىنىڭدۇ كۆلەڭگىسىدىن قورقۇپ 9 - ئىيۇلدا يوشۇرۇنۇۋېلىشى... ھەممىسى پاجىئە ئەمەسمىدۇ؟ ئۇنىڭ ھاياتتىن نېمىلەرنىدۇ كۈتۈشى، مېھىر - مۇھەببەت تەمە قىلىشى، ئارزۇ - ئارمانىنىڭ ئارقىسىدىن پايپېتەك بولۇشى - ھەممىسى پاجىئە ئەمەسمىدۇ؟ بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئاھ خۇدا، ئۇ، پاجىئەلەرنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ ئۇنى سەزمەيدۇ. پاجىئەلەرنىڭ ئارىسىدىن پاجىئەلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ. ھەممىنى 9 - ئىيۇلدىن، 9 - ئىيۇلنىڭ قۇياشىدىن، 9 - ئىيۇلنىڭ دەقىقە - سېكۇنتلىرىدىن كۆرىدۇ؟»

مەن ئوي - خىيالنىڭ غەلۋىرىدە تاسقىلاتتىم. قەلبىمنى ئۈمىدسىز، خۇنۇك، نادامەتلىك خىياللار چۇلغاپ كېلەتتى. نېمىنىدۇ چۈشەنمەكچى، نېمىنىڭدۇ سىر - تۈگۈچلىرىنى يەشمەكچى بولاتتىم. پىكىرلىرىمنىڭ كېيىنكىلىرى ئالدىنقىلىرىنى رەت قىلاتتى. مېڭەمدە نۇرغۇنلىغان مەركەزداش چەمبەرلەر پىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. نېمىشقىدۇ ئاشۇ مەركەزداش چەمبەرلەرنىڭ مەركىزىدە «9 - ئىيۇل» خۇددى سىركۇلنىڭ يىڭنىسىدەك قادىلىپ تۇراتتى. 9 - ئىيۇل؟ بۇ، ئۇستامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، ئۇنىڭچە، پاجىئە يۈز بېرىدىغان كۈن. باشقا كۈنلەردە پاجىئە يوقمىدۇ؟ باشقا كۈنلەردە پاجىئە يۈز بەرمەيدىغانمىدۇ؟ باشقا كۈنلەردە قۇياشنىڭ نۇرلىرى يىللىق، ئىسسىق، يارقىن بولۇپ، پەقەت 9 - ئىيۇل قۇياشىنىڭ نۇرلىرىلا مۇزدەكمىدۇ؟

پاجىئەنىڭ ئەڭ يامىنى پەقەت ئۇستامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە - يەنى 9 - ئىيۇلدا يۈز بېرىدىكەن. باشقىلارنىڭ پاجىئەلىرىمۇ تۇغۇلغان كۈنىدە يۈز بېرىدىغانمىدۇ؟

ئاشۇ سوئال مېڭەمگە كىرىشى بىلەن يەنە ئىزدىنىشكە، «قايتا ئويلىنىش» قا كىرىشىپ كەتتىم. مەن ئۆزۈمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى بىلمەيتتىم. مەن تۇغۇلغاندا، ئاتا - ئانام بۇ كۈننى قۇتلۇق ھېسابلىمىغانمۇ، خاتىرىلەپ قويۇشمىغانىكەن. شۇنداق بولغاچقا، ئۆزۈمنىڭ پاجىئەسى يۈز بېرىدىغان كۈننى تېپىشقا ئامالسىز قالدىم. مېنىڭمۇ ئۇنداق كۈنلىرىم يوق ئەمەس ئىدى. لېكىن قايسى كۈن؟ بۇنى... ئېسىمگە قىزىم - ئاشۇ ئىمتىھان مەيدانىنىڭ دېرىزىسىدىن بوينىنى چۈجە خورازدەك سوزۇپ تەلمۈرۈۋاتقان قىزىم كەلدى. ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى يادىمدا ئىدى. ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدىمۇ...

دەھشەت بىلەن ياڭرىغان گۈلدۈر - قاراس سادا پىكىر - خىياللىرىمنى ئۈزۈۋەتتى. بىز گويا ئۇچىدىن چۆچۈگەن كىشىلەردەك ئورنىمىزدىن سەكرەپ تۇرۇشتۇق. ئۇستام ئالدىدا، مەن كەينىدە قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە يامىشىپ چىققىنىمىزدا چاڭ - توزاننىڭ ئارىسىدا قىڭغىيىپ تۇرغان ماشىنىمىزغا كۆزىمىز چۈشتى. ئۇنىڭ ئالدىدا، 10 - 15 مېتىردەك يىراقلىقتا ئوخشاش تىپلىق بىر ماشىنا توختاپ تۇراتتى. قانداقتۇ بىر ھادىسە يۈز بەرگەنلىكى ئېنىق ئىدى. بىز قۇم دۆۋىسىدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ ماشىنىنىڭ يېنىغا بېرىپ توختىدۇق. ماشىنىمىزنىڭ ئارقا سول تەرەپ كوزۇپ جازىسى ئاجراپ يېرىم مېتىردەك سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. ئارغامچىلار ئۈزۈلۈپ يۈكلەرنىڭ بىر قىسمى يەرگە تۆكۈلۈپتۇ. خۇداغا شۈكرى، ھېلىمۇ ماشىنا يول سىرتىدىكى ئازگالغا دۈملاپ كەتمەپتۇ... بىز ئالدى تەرەپتە توختىغان ماشىنىغا تىكىلدۇق. ئاشۇ ماشىنىنىڭ ماشىنىمىزغا ئۇرۇلغانلىقى ئېنىق ئىدى. سېرىق چاچ، خام سېمىز شوپۇر يېنىمىزغا يۈگۈرەپ كەلدى:

- خۇدا ھەققى كەچۈرۈڭلار، كۆزۈم قىلدەك ئېلىنىپ قالغانىكەن، ئاچقىنىمدا ئۇسكەك بۇقىدەك ماشىناڭلارغا قاراپ تۇرتۇپ كېلىشىپتىمەن. رولنى كۈچەپ سولغا ئۇردۇم. نېمە ئىش بولغىنىنى بىلمەيمەن. كەچۈرۈڭلار. ھەممە چىقىمنى مەن تۆلەي، بۇزۇلغان يەرلەرنى مەن ياسىتاي. كەچۈرۈڭلار...

مەن ئەمدى 9 - ئىيۇل ۋەقەلىرىنىڭ چۆچەك ئەمەسلىكىگە، بالايى - ئاپەتنىڭ قاراقاناتلىرىنىڭ ماشىنىمىزغا ئۇرۇلۇپ ئۆتكەنلىكىگە ئىشەنگەنىدىم. ئەگەر بۇ كەلگىنى بالايى - ئاپەت بولمىسا، يولنىڭ ياقىسىدا جىمجىت تۇرغان ماشىنىمىزغا ئۇسۇپ ئۆتەمدۇ؟ تېڭىرقاش ئىچىدە ئابلىمىت ئاخۇنغا قارىدىم. ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك، چۆلنى قاپلاپ كېلىۋاتقان قارا بوراننى خاتىرجەم كۈتۈۋېلىۋاتقان چۆل قويچىسىدەك بىخارامان تۇراتتى. كۆزلىرىدە

ئازراق قالدۇق ئەنسىزلىكمۇ يوق ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنىڭغا نەزەر سېلىپ تۇرغىنىمدا، ئۇ نېمىشقىدۇ ھېلىقى سىرىق چىرايغا قاراپ غەمكىنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى:

- ھېچ ئىش يوق. بۇزۇلغان يەرنى ياسىۋالىمىز. ئۆزلىرىنىڭ ماشىنىسىغا بىرەر زەخمەت يەتمىگەندۇ؟

سىرىق چىراي شوپۇر ئەمدىلا ماشىنىسىنى يادىغا ئالغان بولسا كېرەك، خام سېمىز گەۋدىسىنى سۆرەپ ماشىنىسى تەرەپكە پالاقشىدى، بىزمۇ ئەگەشتۇق. ماشىنىنى بىر چۆگىلەپ تولۇق تەكشۈرۈپ چىقتۇق. ئۇنىڭ ماشىنىسىغا ھېچقانداق زەخمەت يەتمىگەنىدى، پەقەت كوزۇپ جازىسىنىڭ ئوڭ يان ئالدى تەرىپى كىچىككىنە سىجىلىپ كېتىپتۇ، سىرلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تۆكۈلۈپتۇ.

سىرىق چىرايىنى ھەيرانلىق قاپلىدى. مەنمۇ ھەيرانىدىم. 9 - ئىيۇلنىڭ ئاجايىپ ۋەقەلىرىگە، بالايى - ئاپەتنىڭ تۆمۈر قاناتلىرىنىڭ پەقەت بىزنىڭ ماشىنىمىزغىلا تېگىپ ئۆتىدىغانلىقىغا ھەيرانىدىم. پەقەت ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستاملا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىن بىلىدىغاندەك، ئىلگىرىلا بىلىدىغاندەك خاتىرجەم تۇراتتى.

ماشىنىمىزنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدۇق. تۆمۈرلوم ۋە بولقىلار بىلەن ئۇرۇپ كوزۇپنىڭ بۇزۇلغان جايىنى ئوڭشاشقا كىرىشتۇق. ھېلىقى سىرىق چىرايمۇ كېلىپ ياردەملەشتى. بىر نېمىلەرنى قىلىپ كوزۇپنىڭ ئاجراپ كەتكەن جازىسىنى ئەسلى ئورنىغا يېقىنلاشتۇردۇق. سىم بىلەن تاڭدۇق. ئەسلىدىكىدەك ئوڭشالمىغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا بېسىلغان يۈكنى تىرەپ تۇرالىغۇدەك ھالغا كەلگەنىدى. چېچىلىپ چۈشكەن يۈكلەرنى قايتا باستۇق. ئۈزۈلگەن ئارغامچىلارنى ئۇلىدۇق. ئەمدى مېڭىشلا قالغانىدى. مەن: «ئەمدىغۇ بالايى -ئاپەت ئۆتۈپ كەتكەندۇ» دەپ ئويلايتتىم. بىر قانچە قېتىم ئاشۇ مەنىدە ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستامنىڭ چىرايىغا قاراپ قويدۇم، لېكىن ئۇ ھېچنېمە دېمەيتتى، كۆزلىرىدىن ئەنسىزلىكنىڭ شولىسى ئۆچقۇنداپ تۇراتتى، كۆرۈنۈشى يەنىلا غەمكىنىدى.

قۇياش، لەنىتى 9 - ئىيۇلنىڭ قۇياشى چۆل گىرۋىكىگە يوشۇرۇنغان. كەچكى شەپەق قىزىل جىيەك بولۇپ چۆل بىلەن ئۇپۇقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. 9 - ئىيۇل تېخى تۈگىمىگەنىدى. مەن «9 - ئىيۇل ئاياغلاشماي تۇرۇپ، ئۇستامنىڭ كۆزلىرىدىكى ئەنسىزلىك شولىسى ئۆچمىسە كېرەك» دەپ ئويلىدىم.

ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام ماشىنىنىڭ ئۈستىدە ئارغامچىلارنى تارتىپ چىڭىتماقتا ئىدى. سىرىق چىراي شوپۇر بولسا پەستە، چىڭىتىلغان ئارغامچىلارنى يەنىمۇ چىڭىتىپ كوزۇپنىڭ ئاستىدىكى ئىلمەكلەرگە ئىلاتتى، چىگەتتى.

«تارس! » قىلىپ قالدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام ئارغامچىنى پولاڭلاتقىنىچە يەرگە ئۇچۇپ چۈشتى. قىيىلىپ تەييار بولغان ئارغامچا ئۈزۈلگەنىدى. مەن «ئەمدى ئۇنىڭ ئوڭ قولى سۇندى» دەپ ئويلىدىم. مېڭەمدىن «ئەتە يېتىپ بارىمىز. ئاتا ئىسلام ئۇنىڭ قولىنى يەنە 11 - ئىيۇلدا تاڭىدىغان بولدى» دېگەن پىكىر چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى. پالاقشىپ بېرىپ ئۇستامنى يۆلىدىم. ئۇ، كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ ئىنجىقلايتتى، نەپەس ئالالماي قىينىلاتتى. چېكىسىدىن ئاققان قىپقىزىل قان قارامتۇل يۈزىنى بويلاپ ئېقىپ تۇراتتى. «ئاھ، لەنىتى 9 - ئىيۇل، سېنىڭ پاجىئەلىرىڭ تېخى تۈگىمىگەنىكەن - دە».

بىر ھازادىن كېيىن ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام پۇشۇلداپ نەپەس ئالدى، كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يەنىلا بىخارامانلىق چىقىپ تۇراتتى.

- ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى، مەن مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلەتتىم.

- ئۇستام، قوللىرى، ئوڭ قوللىرى ساقمۇ؟

ئۇ قوللىرىنى كۆتۈردى. چېكىسىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ئىسسىق قاننى سىلىدى:

- قولۇم ساق ئىكەن، بۇ قېتىم قىسمەت چېكەمگە ئۇرۇپ ئۆتۈپتۇ.

مەن ھەيرانلىقتا لال ئىدىم. «ئاھ، خۇدايىم، يەنە نېمە كارامەتلىرىڭ بار؟ بىزگە كۆرسەتمىگەن يەنە نېمە كارامەتلىرىڭ بار؟ »

ئاشۇ كۈنى، لەنەتتەگكۈر 9 - ئىيۇلنىڭ قۇياشى ئالىقاچان ئۆچكەن بولسىمۇ، بىز تاكى سائەتنىڭ سترېلكىسى 10 - ئىيۇلنىڭ تۇنجى دەقىقىلىرىگە ئۆتمىگىچە چۆلدىن قوزغالمىدۇق. ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام يەنە نېمىنىدۇ كۈتەتتى، مەنمۇ كۈتەتتىم. ئاشۇ مودا يىگىتلەردەك كىيىنگەن، «ئاخۇن» لاردەك سىپايە، مۆمىن بەندىلەردەك ئېتىقادلىق ئۇستامغا يەنە نېمە كەلمىشلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتىم. ھەيھات، سائەتنىڭ سترېلكىسى لەنەتتەگكۈر دەقىقىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىنىمۇ يالاپ ئۆتتى. قۇلىقىمغا «يا بىسمىللا» دېگەن يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلاندى. بىز قوزغالدۇق. ھەممە ئۆتۈپ كەتكەن - ئەندىشە قويۇنلىرىمۇ، بالايى - ئاپەتنىڭ قارا قاغىسىمۇ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بىزنى پارلاق، گۈزەل، تىنچ، خاتىرجەم كۈن كۈتۈپ تۇراتتى.

مەن 10 - ئىيۇلنىڭ پارلاق قۇياشى شەرق تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەندە ئۆيۈمگە كىرىپ كەلدىم.

ئىمتىھان مەيدانىغا بارمىدىم. قىزىمنىڭ ئاخىرقى ئىمتىھانلىرىمۇ تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن تۈگىگەنىدى. مېنى ئەمدىلا ئۇيقۇدىن كۆز ئاچقان قىزىم كۈتۈۋالدى. بوينۇمغا گىرە سېلىپ ھۆڭرەپ يىغلىدى. مەن ئۇنىڭ دولىسىنى، يۇمشاق چاچلىرىنى سىلاپ پەپىلىدىم. كېيىن سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ ئىمتىھانلىرى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولماپتۇ. ئۇ ئەڭ ناچار ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر ئىمتىھان مەيدانىدا ئولتۇرۇپ قاپتۇ. مۇزاكىرىلىشىپ، ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ ئىمتىھان بېرىشكە ئىمكان بولماپتۇ. ئىمتىھان مەيدانىنى ئورۇنلاشتۇرغۇچىلار ھاكىمنىڭ، شۇجىنىڭ، دېرىكتورنىڭ، ئىدارە باشلىقىنىڭ، بۆلۈم باشلىقىنىڭ، گورۇپپا باشلىقىنىڭ بالىلىرىنى ھەر بىر ئەلاچىنىڭ يېنىغا بىردىن سىغداپ 36 - مەيدانغا ئورۇنلاشتۇرغاندىكەن. قىزىم ئۇ يەرگە سىغماپتۇ. كونا خىزمەتداشلىرىممۇ ياردەم بېرەلمەپتۇ. چۈنكى كىچىككىنە 36 - مەيدانغا ئۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە سىغمايدىكەن. تۈگۈنچەك قەغەزلەرنى سۆڭگۈتىدىغانلار 36 - مەيداننىڭ ئىشىكىدىن، دېرىزىسىدىن يىراق كېتىشمەيدىكەن... قىزىم ئولتۇرغان ئىمتىھان مەيدانىغا بولسا، قەغەز سۆڭگۈتىدىغان ئىشلار قاملاشماي قاپتۇ. مەن بولمىغاچقا ئانىسى قاملاشتۇرالماپتۇ. شۇنداق قىلىپ قىزىم كۆڭۈلدىكىدەك ئىمتىھان بېرەلمەپتۇ.

– ئانچە - مۇنچە بىر نەرسە يازالىدىڭىزمۇ؟

– يېزىشنىغۇ يازدىم. ئىمتىھان قەغىزىنى چالا قويماي تولدۇرۇپ چىقتىم. لېكىن...

– خۇدايىم يۆلەر، قىزىم. كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. پېشانىڭىزگە نېمە پۈتۈلگەن بولسا، شۇنى كۆرەرسىز، ئالىي مەكتەپلەرگە، يەنە كېلىپ ئەڭ ياخشى مەكتەپلەرگە كىرىپ قېلىشىڭىزمۇ مۇمكىن. تەقدىرىڭىزدە نېمە بولسا شۇنى كۆرمەي ئىلاجى يوق، - مەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بەردىم.

قىزىم زېرەك ۋە ئەقىللىك ئىدى. ئادەتتە نەتىجىلىرىمۇ يامان ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئىمتىھاننى ياخشى بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. لېكىن پەقەت بىرلا ئىش تۈنۈگۈندىن بېرى كۆڭلۈمگە ئەنسىزلىك سېلىپ تۇراتتى. مەن ئەمدى ھەر بىر ئادەمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە ئۇنىڭغا ئاللىقانداق پېشكەللىكلەرنىڭ ھەمراھ بولىدىغانلىقىغا، بالايى - ئاپەتنىڭ سوڭدىشىپلا يۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ قالغانىدىم. قىزىم 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تۇغۇلغان. يەنى خەنزۇ رىۋايەتلىرىدىكى پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمىچى قىز سامان يولىدا ئۇچرىشىدىغان كۈندە، ئۇلارنىڭ يىقىملىق پىچىرلىشىشلىرى ئاينىڭ كۈمۈش نۇرلىرىغا كۆمۈلگەن تال بوستانلىقنىڭ ئاستىدا ئاڭلىنىدىغان كۈندە يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان. ئەگەر ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستامنىڭ قىسمەتلىرىدىكىدەك، ھەممە پاجىئە تۇغۇلغان كۈندە يۈز بېرىدىغان بولسا... مەن پەقەت مانا شۇنىڭدىن ئەنسىرەيتتىم. قىزىمنىڭ ئاشۇ 7 - ئىيۇلدىكى ئىككى قېتىملىق ئىمتىھاندىن ئەنسىرەيتتىم. خۇدا ئۆزۈڭ ساقلا، قىزىمنى يۆلە، ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بول...

كۆپ ئۆتمەي ئىمتىھانلارنىڭ نەتىجىسىمۇ چىقتى. ئەنسىرىگىنىم بىكار ئەمەس ئىكەن، قىزىم ئۆتەلمەپتۇ، بېكىتىلگەن نومۇر چېكىدىن 30 نومۇر كەم ئاپتۇ. نومۇر جەدۋىلىدىن بىلدۇقكى، قىزىم 7 - ئىيۇلدىكى دەسلەپكى ئىككى ئىمتىھاندا پۈتلىشىپ كېتىپتۇ. ئەمدى ئىلاجى يوق ئىدى. قىزىمنىڭ يىغلاشلىرىغا، ئاھ - نادامەتلىرىگە نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلمەيتتىم. كۆڭلۈمدە بولسا پەقەت بىرلا پىكىر كېزىپ يۈرەتتى: «ياق، قىزىمنىڭ مۇدۇرۇپ كېتىشىگە ئۇنىڭ 36 - مەيدانغا كىرەلمىگەنلىكى سەۋەب ئەمەس. سىرتتىن قەغەز تۈگۈنچەكلەرنى شۇڭغۇتالمىغانلىقىمىزمۇ سەۋەب ئەمەس. ئۇنىڭغا پەقەت لەنەتتەگكۈر 7 - ئىيۇل سەۋەبكار. ئۇ، 7 - ئىيۇلدا تۇغۇلمىغان بولسا، ئىمتىھانلار 7 - ئىيۇلدا باشلانمىغان بولسا... ئاھ، لەنەتتەگكۈر 9 - ئىيۇل، لەنەتتەگكۈر 7 - ئىيۇل، لەنەتتەگكۈر تۇغۇلغان كۈن...»

1990 - يىل 4 - ئاپرېل، خوتەن

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكوم پارتكومى تەشكىلات - تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى (M1)



# ئوغرى



(ھېكايە)

ئىبراھىم ئەمەت

تۆمۈر پەنجىرىدىن چۈشۈۋاتقان ئاي نۇرى كامىر تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىككى مەھبۇسنىڭ يۈزىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. قېرى مەھبۇس ئاسمانغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ياش مەھبۇسقا:

- ئادىشوي، سەن كەلگىلىمۇ نەچچە كۈن بولدى، ئاسمانغا قاراپ پۈشۈلداپلا ئولتۇرىدىغان نېمىكەنسەن، گاچىمۇ يە سەن. بۇ دېگەن تۈرمە، گۇڭگۇر - مۇڭگۇر پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان گەپ. بولمىسا بۇ يەردە كۈننىڭ ئۆتمىكى تەس. ئۆتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك بېزىرىپ تۇرماي، ئۆزۈڭنى بىر ئىشلارغا مىلىكە قىلىپ ئۆتمەمسەن. كۈندۈزى بىر نېمىلەرنى يازسەن. ئاخشىمى مۈشۈنداق ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىپ، قوشتىن چىققان كالىدەك پۈشۈلداپ تۇرغىنىڭ تۇرغان. ئەپتىڭدىن زىيالىيدەك قىلىسەن. نېمە بولۇپ بۇ يەرگە كىرىپ قالدىڭ؟ ئەكەلگىنە تاماكاڭنى.

ياش مەھبۇس ئۇنىڭغا خوشياقماسلىق بىلەن قاراپ قويۇپ بىر ئورام تاماكا تۇتتى. ئارىنى يەنە جىملىق باستى.

- ھە، مۆرىمەيسەنغۇ؟

- دېگۇدەك نېمە گەپ بار.

- قىزىقكەنسەن. ئۆزۈڭ تەلەپ قىلىپ كىرىۋالمىغانسەن بۇ دوزاخقا. تۈرمە دېگەن ئادەم بالىسى قەدەم باسىدىغان يەر ئەمەس. ئوغرى دەمسەن، قاتىل دەمسەن، ياكى ئالىم - زىيالىي دەمسەن ھەممىسى ئوخشاش بۇ يەردە - گەدىنىدە قارىسى بار ئادەم ئەسكىلىرى. ھە، گەپ قىلمايسەنغۇ؟ ئاڭلىسام، بۇ دۇنيادا كىم گۇناھنى كۆپ قىلسا، خاھى پادىشاھ، خاھى گاداي، خاھى ئەمەلدار، خاھى پۇقرا بولسۇن ئۆلگەندە ئۇدۇل دوزاخقا كىرەرمىش. ئۇ يەردە پۇل - ھوقۇق، يۈز - ئابروي دېگەنلەر ئەسقاتمايمىش. تۈرمىمۇ ئوخشاش. بۇ دۇنيادىكى دوزاخ دېگەن مۇشۇ. شۇڭا گۇناھكارلار بۇ يەرگە يىغىلغان. ئۆزۈڭمۇ ئىشلەۋاتقان يېرىڭدە خېلى ئىناۋىتىڭ بار كادىر بولغىيتتىڭ؟ جەمئىيەتتە خېلى - خېلى ئادەملەر ساڭا ئېگىلىپ تازىم قىلىدىغان بولغىيتتى. ئەمما بۇ دوزاختا سېنى ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدۇ.

ياش مەھبۇس ئاچچىق تاماكىنى كۆچەپ تارتىپ، ئىسنى غەزەپ بىلەن پۈۋلىدى. - دە، قېرى مەھبۇسقا ھومىيىپ:

- سەن زادى نېمە دېمەكچى، گەپ قىلمىسا؟

- دېدى ئۆڭگۈپ.

ياش مەھبۇسنىڭ ئەلپازىدىن سەل قورققان قېرى مەھبۇس دەرھال گەپنى ياساپ: - نېمە سەكرەيسەن؟ ئاغزىڭنى تاتىلاش ئۈچۈن چېقىشىپ قويدۇم. پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى دەپ شۇ. قارىسام، ئاغزىڭدىن گەپ چىقىدىغاندەك ئەمەس. بوپتۇ، ئاڭلىغىڭ كەلسە بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئېيتىپ بېرەي، بەك قىزىق دېگىنە، - دېدى مۇغەمبەرلىك بىلەن ھىجىيىپ.

قېرى مەھبۇسنىڭ كېيىنكى گەپلىرىدىن بوشاشقان ياش مەھبۇس «مەيلى» دېگەندەك ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

- قېرىغاندا تۈرمىدە نېمە ئىش قىلىسەن، دەيدىغانسەن ھەقىچان. كالا ئوغرىلاپ كىرىپ قالمايمەنمۇ بۇ دوزاخقا. تۇنجى قېتىملىقمۇ بۇ، دەمسەن؟ نەدىكىنى، بىرەر يۈزدەك ئېشەك ۋە كالا ئوغرىلىغاندىمەن ئۆمرۈمدە. تۇتۇلۇپ قالمىساڭ ئوغرىلىقمۇ بولىدىغان ھۈنەر. مەسىلەن، ئېشەكنى قانداق ئوغرىلايدىغانلىقىمنى ئاڭلىساڭ، كۈلۈپ تېلىقىپ قالىسەن. قارا، ئۆيۈم جاڭگالدا. ئانچە يەرگۈسىز بىر مىدە ئېشىكىم بار. ھەر قانداق

يەردىن قويۇۋەتسەم ئۇدۇل ئېغىلىنى تېپىپ كېلەلەيدۇ. مەن ھەر جۈمەدە بازارغا بارىمەن. ئۇلاغ بازىرىغا كىرىپ چەتكىرەك باغلاپ قويغان ھاڭگا ئېشەكلەردىن بىر نەچچىسىنىڭ نوقتىسىنى ئىگىلىرىگە تۇيدۇرماستىن كېسىۋېتىمەن - دە، ئاندىن مىدەمنى قويۇۋېتىمەن. بىقىش تېپىپ تازا سەمرىپ دىغىراپ كەتكەن بۇ جاڭۋا گۇتتۇر جاڭگالغا قاراپ قاچىدۇ. ھېلىقى نوقتىسى كېسىلىپ بوشانغان ھاڭگىلار مىدەمنى پۇراپ تومشۇقلىرىنى شىڭتايتقىنىچە ئۇنى جاڭگالغا قوغلاپ بارىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئېشەكلەر ئۆز ئايىغى بىلەن ئېغىلغا كېلىدۇ. ئاندىن مەن بۇ ھارامتاماقلارنى باشقا يۇرتقا ئاپىرىپ ئېلىشىغا سېتىپ، تومىقىمنى قىرلاپ، ئېشىكىمنى مىنىپ ئۆيگە يانىمەن.

قېرى مەھبۇس: «قانداق، قالتىسمىكەنمەن؟» دېگەندەك قىلىپ ياش مەھبۇسقا قاراپ ھەييارلارچە كۈلۈپ قويدى. بۇ قېرى ئوغرىنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا قىزىق تۇيۇلغان چېغى، ئىككى كۈنگىچە ئۈندىمەي ئولتۇرغان ياش مەھبۇس ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى:

- ھا - ھا - ھا .... ھىيلە - مىكىردە شەيتانغىمۇ دەرس بېرىدىغان نېمىكەنسەن. ھوي، قېرى قاقباش، ئادەمنىڭ ئەقلىگە كەچمەيدىغان بۇنداق ئۇستاتلىق قانداق خىيالىڭغا كەلدى؟

- پۇل دېگەن ئادەمنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ، دەيسەن. ئوغرىلىق قىلغاندا قانداق قىلسام تۇتۇلۇپ قالمايمەن، دېگەننىلا ئويلايدىغان گەپ.

- ئۇنداقتا كالىنى قانداق ئوغرىلايسەن؟ گېپىڭگە قارىغاندا، بۇنىڭدىمۇ بىر قۇۋلۇق - شۇملۇقۇڭ بارغۇ سەن كەمەك ئەييارنىڭ؟

- ئەكەلگىنە تاماكاڭنى، تولا گەپدانلىق قىلماي. كالىنى قانداق ئوغرىلايتتىم؟ ئاڭلاپ تۇر ئەپەندىچاق: مەنچۇ، خاسلا مۈڭگۈزى بار كالىلارنى ئوغرىلايمەن. ئۆزۈم ئالدىدىن چەن سوقۇپ قويغان كالىنى ئوغرىلاپ كەلگۈچە تونۇردا ئىككى كۆممە كاۋا پىشىپ تۇرىدۇ. ئاندىن ئۇ كالىنى مىدىرلىيالمىغۇدەك قىلىپ دارغا باغلايمەن - دە، ئىككى كاۋىنى ئىككى مۈڭگۈزىگە قادايمەن. كالا ھۆركىرەپ ھالىدىن كېتىپ قالىدۇ، ئۇنىڭغىچە كاۋىلار مۈڭگۈزنى يۇمشىتىپ بولىدۇ. مەن بۇ مۈڭگۈزلەرنى ئۆزگەرتىپ ئېگىمەن - دە، كالىنى ئەتىسىلا سېتىۋېتىمەن. مۈڭگۈزى ئوخشىمىغاندىكىن، بەزىدە ھەتتا ئۆز ئىگىسىگە ساتساممۇ ئۇقماي قالىدۇ تېخى.

ياش مەھبۇس ھەيران قالدى:

- كاۋا شۇنچە توم مۈڭگۈزنى يۇمشىتالامدۇ؟

- ئالدىرىمىغىنا، گېپىمنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىمامسەن. دېمىدىمغۇ ساڭا، خاسلا مۈڭگۈزى بار كالا ئوغرىلايمەن، دەپ. مەن مۈڭگۈزنىڭ قاندىقىنى يۇمشاتقىلى بولىدىغانلىقى، قاندىقىنى يۇمشاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن. بۇ قېتىم مۈڭگۈزى بەك توم بىر كالىنى ئوغرىلاپ سېلىپ، يا مۈڭگۈزىنى ئېگەلمەي، يا ساتالماي، ئاخىر تۇتۇلۇپ قالغان. ئەمدىغۇ بىلگەنسەن.

- خەقنىڭ كالىسىنى ئوغرىلىغانىنى ئاز دەپ مۈڭگۈزىنى ئېگىپ ساتقىنىڭ قىپقىزىل ئالدامچىلىق ئەمەسمۇ؟

- قويە ئۇنداق پاق - پاق گېپىڭنى، جەمئىيەتتە بۇنداق ئالدامچىلىق - قىزىلكۆزلۈك قىلىۋاتقان يالغۇز مەنلىمىدىم. سىلەر زىيالىيلاردىمۇ خەقنىڭ ئەمگىكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىغان ئىشلار ساماندەكمىشقۇ؟ ئەمەلدارلارنى دېمەيسەن تېخى؟ بىرەر ھاجەتمەن سوۋغا - سالامسىز باشلىقنىڭ ئالدىغا بارالمىسا. ئۇلارنىڭ مەندىن نېمە پەرقى؟ بېقىپ كۆرسەك ھەممىمىز ئوغرى. ھەممىمىز خەقنى قاقشىتىپ، قاقتى - سوقتى قىلىمىز. مەن خەقنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلاپ ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالسام، ھېلىقىدەكلەر ھۆكۈمەت بەرگەن ھوقۇققا تايىنىپ خەقنىڭ نەرسىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ. ئەسلى ئۇلار ئوغرىنىڭ چوڭى. شۇنىڭغا ھەيرانمەن. مەندەكلەرنى ساقچىلار ئىز قوغلاپ تۇتىدۇ، ھېلىقىدەكلەر بولسا قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىمايدۇ. مېنى «ئوغرى» دەپ ھېچكىم ئارىم ئالمايدۇ، مەندىن مەرەزدىن قاچقاندەك قاچىدۇ. ھېلىقى چوڭ ئوغرىلارنى بولسا، ھەممە ئادەم بىلىپ تۇرۇپمۇ ئەيىبلىمەيدۇ. ئۇكامويي، سەن زىيالىي بولغاندىكىن، بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ باققىنا؟

ياش مەھبۇس ئۈنچىقمىدى. ئەمما ئوغرىنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا تەسىر قىلىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست ئەمەسمۇ؟ بىزدە قانۇنلۇق بولغان نەرسىنىڭ ھەممىسى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇۋەرمەيدۇ. ئوخشاشلا بىز ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ قارىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قانۇنلۇق بولۇشى ناتايىن. شۇڭا قانۇن بەزىدە تۈزۈمنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالسا، تۈزۈم بەزىدە قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسەيدۇ. تۈزۈم دېگەن نېمە؟ ئۇ دېگەن باشلىقنىڭ ئىرادىسى. ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن بەزىدە بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى بەلگىلىنىدىغان گەپ. بىراق جاھان ھامان ئوڭشىلىدۇ، قاچان ئوڭشىلىدۇ، دەمسىز؟ ئادەم قانۇننى ئەمەس، قانۇن ئادەمنى باشقۇرغاندا! (M1)

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ خادىمى

# ئېچىلماي توزىغان غۇنچە



( ھېكايە )

**ئابدۇرېشات مۇساجان ( مۇراد )**

مەن ھەمراخان بىلەن ئۆتكەن يىلى ئۆرۈك پىشىقىدا تونۇشۇپ قالغانىدىم. ئۇچاغدا مىنى نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەشكە مۇشۇكەنتكە تەقسىم قىلغان بولۇپ، كەنت تەشكىلىنىڭ نە بىرەر ئېغىزلىق ئىشخانىسى، نە ياتاق قىلغۇدەك بىرەر ئېغىزلىق ئۆيى بولمىغاچقا، ياتاق - تاماقىم ئالدىن بېيىغان دېھقان قادىر چوقىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

قادىر چوقا 60 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئوتتۇرا بوي، سەل مۈكچەيگەن، شالاڭ ساقاللىق چىرايىنى ئۈمۈچۈك تورىدەك قورۇقلار باسقان يۇمۇق كۆز كىشى بولۇپ، ئەتىدىن كەچكىچە ئېتىز - ئېرىق ئىشى بىلەنلا بولاتتى. ئۇنىڭ 12 ياشلىق نەۋرىسى ياسىن تاڭ سەھەردىلا ئىككى ناننى پوتىسىغا چىگىپ، قوي پادىسىنى ھەيدەپ بىر چىقىپ كەتسە، قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كېلەتتى.

قادىر چوقىنىڭ ئايالى ھەمراخان ھەمىشە قېرى ئاياللاردەك كۆكرەك پۈرمە كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا ئاق داكا ياغلىق ئارتىپ يۈرىدىغان ياشقىنە جۇۋانىدى. ھەمراخانىنىڭ قېرىلارغا خاس كىيىمى زىلۋا بويىنى يوشۇرۇپ، ئۇنى 30 ياشتىن ئاشقاندەك كۆرسىتەتتى. يۇمىلاق يۈزى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن بولۇپ، ئىنچىكە قاشلىرى ئاستىدىكى شەھلا كۆزلىرى تولىمۇ مىسكىن كۆرۈنەتتى. ھەر قانداق كىشى بىر قاراپلا ئۇنىڭ قىزۋاقتىدا نى - نى يىگىتلەرنى كۆيدۈرۈپ، يۈرىكىگە ئوت ياققان گۈزەل ئىكەنلىكىنى جەزم قىلالايتتى.

بىر كۈنى كەنت كادىرلىرى بىلەن دېھقانلارنى خامان ئېلىشقا ئالدىرىتىپ قويۇپ بالدۇر قايتىپ كەلدىم - دە، بىرەر سالقىنراق يەر تېپىپ بىردەم ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن بىر پارچە كىگىزنى ئېلىپ باغقا كىردىم. مەن تال بارىڭى ئاستىغا كىگىز سالدىم - دە، تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ بىردىنلا ھەمراخانىنىڭ ئۆرۈك تېرىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ پىشىپ تۆكۈلۈپ كەتكەن ئۆرۈكلەرنى تېرىپ سېۋەتكە قاچىلاۋاتاتتى. ھەر قېتىم ئورنىدىن تۇرغاندا ئىككى قولى بىلەن يامپىشىنى چىڭ قاماللاپ، قەددىنى ئاران رۇسلايتتى.

بۇ كېسەلچان ئايال ئۇ يەردە ئاشۇنداق قىينىلىپ ئۆرۈك تېرىۋاتسا، كۆزۈمگە قانداقمۇ ئۇيقۇ كەلسۇن؟ شۇڭا مەنمۇ بېرىپ ئۆرۈك تېرىشىپ بەردىم.

- قادىر ئاكام يوقمۇ؟

- ئەتىگەندىلا ئۆرۈك ساتقىلى شەھەرگە كىرىپ كەتكەنىدى.

مېنىڭ خېلىدىن بېرى، شۇنچە ياش تۇرۇپ بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىغا تېگىۋالغان بۇ چوكاننىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش نىيىتىم بولغاچقا، ئۇنىڭدىن كوچىلاپ گەپ سوراشقا باشلىدىم:

- نەچچە ياشقا كىردىلە؟

- يېگىرمىگە، - تەبەسسۇم بىلەن جاۋاب بەردى ئۇ.

- يېگىرمىگە؟ - قايتىلاپ سورىدىم ھەيرانلىقىمنى باسالماي.

- ھەئە. بۇ يىل ئۈجمە پىششىقىدا 20 گە كىردىم. ھەيران قېلىۋاتامىلا؟ سىلەر شەھەرلىكلەر تەييارنى يەپ، جاپاتارتماي، 60 ياشقا كىرىپمۇ ساقال قويماي يىگىتلەردەك يۈرگىنىڭلار بىلەن بىز سەھرالىقلار جاپانىڭ دەستىدىن مانا مۇشۇنداق بالدۇرلا قېرىپ كېتىمىز.

- ئۇنداقتا سىلى ئەرلىرىدىن 40 ياشتەك كىچىك ئىكەنلا - ھە؟

- شۇنچىلىك.

- قادىر ئاكامنىڭ سىلىدەك نەۋرىسىمۇ باردۇ؟

- چوڭ نەۋرىسى مەندىن ئىككى ياش چوڭ، پەنەۋرىلىرى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ.

- سىلى قانداق بولۇپ چوڭ دادىلىرىدەك بۇ كىشىگە تەگدىلە؟

ئۇ مەندىن بۇنداق سوئالنىڭ چىقىپ قېلىشىنى ئويلىمىغانمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، بىر سىقىم ئۆرۈكنى تۇتقان پېتى كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇپ قالدى. بىر ھازادىن كېيىن ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ، قولىدىكى ئۆرۈكلەرنى سېۋەتكە تاشلىدى - دە، ماڭا لاپپىدە بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ گەپ باشلىدى:

- سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا. ئۇ چاغلاردا ئائىلىمىز بەكمۇ نامرات ئىدى. ئانام ھەمىشە ئۆزىنىڭ كونا كۆڭلەكلىرىنى سۆكۈپ ماڭا كۆڭلەك تىكىپ بېرەتتى. تاكى تويۇم بولىدىغان چاغقىچە بىرمۇ يېڭى كىيىم كىيىپ باقمىغانىدىم. جان سانىمىز كۆپ بولغاچقا، كۈنىمىز تولىمۇ غورىگىل ئۆتەتتى. دېمىسىمۇ بىزلا ئەمەس، مەھەللىمىزدىكى تولا ئادەملەر بەك نامرات بولغاچقا، ئالتە - يەتتە جان بىر يوتقاننى يېپىنىپ ياتىدىغان ئائىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

مەن 11 ياشقا كىرگەندە بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ بوغالتىرنىڭ ئائىلىسى بىلەن باردى - كەلدىسى ئاۋۇپ كەتتى. ماڭا بىر قانچە قېتىم يېڭى كىيىم - كېچەك تىكتۈرۈپ بەردى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانامدىن: «تويۇڭنى قىلىمىز» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدىم. مەن توي قىلىنىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم، شۇڭا ئانامدىن:

- ئانا، تويۇمنى قىلسا قانداق بولىدۇ؟ - دەپ سورىدىم.

- تويۇڭنى قىلساق، كۈندە يېڭى - يېڭى كىيىملەرنى كەيمەيسىز، گۆش، كاۋاپ، پولۇ يەيسەن، - دەپ چۈشەندۈردى ئانام.

بالىلىق دېگەن بالىلىقتە؟! مەن ئانامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، توي قىلغان كىشىلا يېڭى كىيىم كىيىپ، گۆش، كاۋاپ يېيەلەيدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. شۇڭا ئانامدىن يەنە سورىدىم:

- ئانا، سىزمۇ توي قىلغانمۇ؟

- ھەئە، - جاۋاب بەردى ئانام كۈلۈپ كېتىپ.

- ئەمىسە، سىز نېمىشقا كۈندە يېڭى كىيىم كەيمەيسىز، گۆش، كاۋاپ، پولۇ يېمەيسىز؟

ئانام بىر ھازا تېلىقىپ كۈلۈپ كېتىپ جاۋاب بەردى:

- مەن ئۇنداق كۈندە ماڭا يېڭى كىيىم تىككۈزۈپ، گۆش، كاۋاپ ئېلىپ بېرىدىغان باي ئادەمگە تېگەلمىگەن. ئەمدى سەن ئاشۇنداق باي يىگىتكە تېگىدىغان بولدۇڭ، قىزىم.

- كىمگە؟

- بوغالتىرنىڭ ئوغلى قاسىمجانغا.

- ياق، ئۇنىڭغا تەگمەيمەن، ئۇ بەك ئەسكى. ئۆتكەندە تراكتورىغا ئېسىلسام مېنى ئۇرغان.

- ئەمدى ئۇرمايدۇ. سېنى چىرايلىق ياساندۇرۇپ، تراكتورىغا چىقىرىپ، يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ بازارغا ئاپىرىدۇ، كاۋاپ، لەڭمەن ئېلىپ بېرىدۇ.

- ئۇ ماڭا ئاكا بولامدۇ؟

- ياق، سېنىڭ ئېرىڭ بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن دائىم يېڭى كىيىم كىيىش، گۆش، كاۋاپ يېيىشنى تولا ئارزۇلاپ «تويۇم تېزراق بولسىكەن» دېگەننىلا ئويلايدىغان بولدۇم.

- سىلى ئوقۇمىغانمۇ؟ - سورىدىم مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

- ئۆمرۈمدە مەن يا مەكتەپتە، يا ئاخۇنۇمدا ئوقۇپ باقمىغان، ئېلىپنى چوماق دېيەلمەيدىغان قارا قورساق خوتۇنمەن. كىچىك چاغلىرىمدا: «ئوقۇيمەن» دېسەم، ئاتا - ئانام: « قىز بالا دېگەن ئوقۇيمەن دەپ سەكىلدەپ يۈرسە ئوبدان بولمايدۇ، ئۇكىلىرىڭنى باقسەن» دەپ مەكتەپكە بەرمىگەن.

- ھە، كېيىن قانداق بولدى؟

- بالىلىق دېگەن ئاجايىپتە؟! «تويۇم بولىدۇ» دەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قويغا ئوت ئېلىپ بوغالتىرنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى كوچىدىن چوڭ يولغا چىقسام، قاسىمجان يول بويىدا تۆت - بەش كىشى بىلەن تراكتورنىڭ چاقىنى ئوڭشاۋېتىپتۇ. مەن تاغارنى يۈدىگەن پېتى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ قاراپ تۇردۇم. بىردەمدىن كېيىن باشقىلار كۈلۈشكەن پېتى قاسىمجاننى نوقۇپ، مېنى ئىشارەت قىلدى. قاسىمجان مېنى كۆرۈپ ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتى ۋە دۇدۇقلاپ دېدى:

- بۇ يەردە نېمىگە ھاڭ بېقىپ يۈرسەن؟ ماڭ، ئۆيۈڭگە كەت!

- قاسىمجان ئاكا، مېنى قاچان ئالىسىز؟ - بۇ گېپىم ھەممەيلەننى پاراققىدە كۈلدۈرۈۋەتتى. قاسىمجان يەردىن بىر سىقىم شېغىل ئارىلاش توپىنى ئېلىپ، ئاچچىقى بىلەن ماڭا ئاتتى. مەن ھۆكۈرەپ يىغلىغان پېتى قايتىپ كەتتىم.

ئۇزۇن ئۆتمەي تويىمىز بولدى. شۇ چاغدا مەن ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەنىدىم.

- 12 ياشقا؟ - سورىدىم مەن ھەيرانلىقىمنى باسالماي، - توي خېتى بەردىمۇ؟

- بوغالتىر يۈز - ئابرويى بار، قولى ئۇزۇن، قىلمەن دېگەننى قىلالايدىغان ئادەم تۇرسا، توي خېتىنى ئالالمايدۇ دەملا؟ بوغالتىرنى سىلىمۇ چۈشىنىپ قالغانلا ھەقاچان.

- مۇشۇ كەنتنىڭ بوغالتىرى تۇرسۇن كالتەكمۇ؟

- ھەئە، شۇ.

- ھە، كېيىن قانداق بولدى؟

- توي قىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن مەن ئاياللار كېسىلى بولۇپ قېلىپ جىق داۋالاندىم. ھازىرغىچە سۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان بەل ئاغرىق كېسىلىم شۇ چاغدىن قالغان. شۇ كېسەل بىلەن تولا بويۇمدىن ئاجراپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم. بەزىدە بىر يىلدا ئىككى - ئۈچ قېتىم بويۇمدىن ئاجراپ كەتتى. بويۇمدا قالاتتىيۇ، ئۈچ ئاي بولا - بولمايلا چۈشۈپ كېتەتتى. بۇنىڭغا قىلمىغان داۋا قالمىدى. قېيىن ئاتام خېلى يىراق يەرلەردىن داخان چىللاپ كېلىپ ئوقۇتۇپ باقتى، پال سالدۇرۇپ باقتى، كۆز كۆرگەن، قولاق ئاڭلىغان سەۋەب - ئىرىملارنىڭ ھەممىنى قىلىپ باقتى، لېكىن ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. شۇنداق قىلىپ، قاسىمجان بىلەن تۆت يىل ئۆي تۇتتۇم. ئاخىر قېيىن ئاتام سۆزۈمنى بەرگۈزدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تۆت قېتىم ئەرگە تەگدىم. ئۇلار بىلەن ئۇزۇنى بىر يىل، قىسقىسى ئۈچ ئايلا ئۆي تۇتالىدىم. بۇلتۇر قادىر ئاخۇن ئەلچى كىرگۈزگەنىكەن، تارتىنىپ تۇرمايلا ماقۇل بولدۇم. لېكىن قادىر ئاخۇننىڭ بالىلىرى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۆي تۇتقىنىمغا بەك نارازى. ھەتتا ئۇلار بۇ ئۆيگە كېلىپ، مېنى نەچچە قېتىم ئۇرۇپ - تىللاپ قوغلاپ چىقاردى. شۇڭا، ھازىر قادىر ئاخۇن بالىلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن گەپلەشمەيدۇ، ئۇلارمۇ قادىر ئاخۇنغا قارىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، مەن قادىر ئاخۇننىڭ پۇل - مېلىنى قەستلەپ تېگىۋاپتۇ مىشمەن. ماڭا پۇل - مالنىڭ نېمە كېرىكى؟ بىر خالتا ئۇن بولسا، يالغۇز جېنىمغا بىر يىل يېتىدۇ. ماڭا پەقەت «مېنىڭ ئۆيۈم» دەپ ئېچىپ كىرىپ، ئېتىپ چىقىدىغان بىر ئائىلە، خاتىرجەم تۇرمۇش بولسىلا بولدى. مەنمۇ ئېرىم بولغۇچىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، رازى قىلسام، ئېرىم بولغۇچىمۇ ئۇستۇمنى يالىڭاچ، قورسىقىمنى ئاچ قويماي باقسا، خاتىرجەم ياشىغىلى قويسا، ماڭا شۇ بولدى.

ياش كىشىلەرگە تەگسەم: «تۇغمىدىلىق» دەپ جېدەللىشىپ سۆزۈمنى بەردى. قادىر ئاخۇن پەنەۋرە يۈزى كۆرگەن كىشى بولغاندىكىن، «تۇغمىدىلىق» دېمەيدۇ ھەم دېمىدى. مېنىڭمۇ كۆزلەيدىغىنىم دەل مۇشۇ. مانا، قادىر ئاخۇن بىلەن ئۆي تۇتقىلى بىر يىل بولدى. ئۇمۇ مەندىن رازى، مەنمۇ ئۇنىڭدىن رازى. خۇدايىم بۇ يۇۋاش بەندىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن.

ئۇ، سۆزىنى تۈگىتىپ، ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى.

* * *

ئۇ گەپلەرگە بىر يىل بولدى. بۇ يىل يەنە يېزا خىزمىتى بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈپ كەنتلەرنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، ئۈچ ئاي تۈز - تاماق يېيىشىپ بىر ھويلىدا تۇرغان كىشىلەر - قادىر چوقا بىلەن ئۇنىڭ ئايالى - نامراتلىق، نادانلىقنىڭ ئاسارىتىدە روھى ۋە جىسمى زەخىم بولغان، رەسىدە چاغلىرىدا قېرىلىق ھاياتىنى باشلىغان ھەمراخاننى يوقلاپ ئۆتۈش مەقسىتىدە ئۇلارنى ئىزلىگەنىدىم. ئەپسۇس، ئىككى ئاي ئىلگىرى ھەمراخان بالاياتقۇ راكى بىلەن ۋاپات بولغانىكەن.

مەن چوڭقۇر ئېچىنىش، ئىچ ئاغرىتىش، ھەسرەتلىنىش ھېسسىياتى ئىچىدە، قادىر چوقىنىڭ ھەمراھلىقىدا، ھەمراخاننىڭ روھىغا دۇئا قىلىش ئۈچۈن تۇپراق بېشىغا كەلدىم.

مانا، ئالدىمدا تۇرغىنى ھەمراخاننىڭ بىر قانچە كەتمەن توپا دۆۋىلىنىپ نىشانە قىلىپ قويۇلغان قەبرىسى - نامراتلىق، نادانلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ، ياشلىق، سۆيگۈ - مۇھەببەت، تۇرمۇش، بەخت دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرغىچە توزۇپ پايخان بولغان غۇنچىنىڭ قەبرىسى.

«ئاھ، ھەمراخان، سەن بىر ئۆينىڭ ئىگىسى بولۇپ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلغان ئەمەسمىدىڭ. ئارىدىن تېخى بىر يىل ئۆتە - ئۆتمەي پانىي ئالەمنىڭ رەزىل - ئىپلاسلىقىدىن تويۇپ ئەبەدىي خاتىرجەم ماكانغا - باقىي ئالەمگە ۋاقىتسىز كېتىپ قالدىڭمۇ؟»

مەن كۆز ياشلىرىمنى تەستە بېسىپ دۇئاغا قول كۆتۈردۈم: «تىرىكلىكىڭدىغۇ بۇ دۇنيانىڭ خۇۋلىقىنى كۆرمىدىڭ، ئۇ ئالەمدە بولسىمۇ تىلىگىنىڭگە يېتەرسەن. خۇدايىم جايىڭنى جەننەتتە قىلغاي، ھەمراخان.» (M1)

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيىلىك رۇھىيە ئىدارىسىنىڭ خادىمى



# ئاھ، ئۇزاققا سوزۇلغان چۈش

(داستان)

روزى سايىت

## مۇقەددىمە

ئەسسالام قەۋمى قېرىنداش، دوست - قاياش،
ئەسسالام جىمجىت كېچە، تاڭ ، ئاي، قۇياش.
ئەسسالام ئىلھام - تەپەككۇر - پەيلى شاش،
ئەسسالام قەغەز، قەلەم، مۇڭ، كۈلكە، ياش...
خەير - خوش ئۈيقۇ - ئۇزاق چۈش غەپلىتى،
ئەسسالام سۇبھى - يېڭى كۈن - ئالدىراش.
ئەسسالام دىلداش - كىتابخان ئەقلى ئۇز،
مېھنىتىم - يازمامغا ئېيت تەبر - قاراش...

* * *

ئەي دەۋرى گۈلىستان، قۇچىقى نۇرىستان، قەھرى ياۋغا زېمىستان ئانا ماكان - خۇش ھىد باغىستان، چۈشۈڭنى چۈشەپ ئۇزۇندىن ئۇزۇن، بولۇپ پەرۋانە ئاشىق سۇبھى - شەبىستان؛ خاۋالىتىڭ، خىيالىتىڭدىن يېزىپ چىقتىم نەسرىي شېئىر، داستان...

غەيرەت ئالدىم جاسارىتىڭ، كامالىتىڭدىن، ئىلھام تاپتىم مېھىر - ساخاۋىتىڭدىن، قەلىمىم رەڭلەندى، مىسرالار جەملەندى دالالىتىڭدىن، ھىمايىتىڭدىن!...

سېنىڭ چۈشۈڭ - مېنىڭ كەچمىشىم، سېنىڭ چۈشۈڭ - مېنىڭ تەشۋىشىم، مېنىڭ ئەندىشىم؛ سېنىڭ ئەمىنلىكىڭ دەل مېنىڭ بەختىم، پەرۋىشىم. شۇڭا چۈشۈڭنى چۈشىدىم بىللە بولۇپ سىردىشىڭ، يېقىن دىلكىشىڭ...

پەرد:

جايى جەننەتتۇر كىشىگە ئۆز ئېلى، ئۈسكەن يېرى،
تەكتى تۇز كوركىم ئۇنى باتىن كۆزىدە كۆرمىسە.

يارانلار، دوست - قەدىردانلار، مەن بۇ چۈشنى ئېلى ئالمىزاردا، تۇرپان ئۈزۈمزاردا، ئۈرۈمچى، قەشقەر بازاردا كۆردۈم؛ يىراق ئالتايدا، نېفىت شەھرى قارامايدا، كورلىدىكى بىر سارايدا، ئاقسۇ، كۇچا، بايدا، يەكەن، قاغىلىق دېگەن جايدا كۆردۈم...

يېزىپ چىقتىم كۆرگەن چۈشنىڭ جەريانىنى،
شېئىرىم سۆزلەپ بەرسۇن ئۇنىڭ بايانىنى.

## 1

پەرد:

ئۆمرىدە ئادەم تۈمەنمىڭ چۈش كۆرەر،
ئەمما ئەستە بىرلا چۈشنىڭ دەھشىتى.

... يۇرەتتىم جەننىتى نىشان چىمەندە، گۈلىستانى ئېرەمدە، ئۇ يەردە يۇسۇفكە زۇلەيخاسى، تاھىرغا زۆھراسى بىللە ھەمدەمدە؛ شىرىن بويىدىن مەست ئىدى پەرھاد، ۋەسلى مۇشتاقلىق غېرىب - سەنەمدە؛ بۇلبۇل قۇچىقىدا غۇنچىنىڭ بېشى، ھۇزۇرى ھالاۋەت ھەر بىر قەدەمدە...؛ ئاي كاكۇلىنى ئوينايتتى قۇياش، كۆڭلى خۇرسەندە، ئۇلارغا ئەركىلەيتتى يۇلتۇز پەرزەندە؛ ھەممە ياقتا ناخشا، ھەر تۈپ گۈلنىڭ لېۋىدە خەندە، لالە - رەيھان پىشىنماقتىدى ھاۋۇز كەۋسىرىدە - ئاب - زەمزەمدە...

قىتئە:

نۇرى ئەپشاندا چىمەنلەر يايرىغان،
نەغمىچى قۇشلار چۇرۇقلاپ سايرىغان.
ھۇرۇ - غىلمان مەڭزىدە تاڭ جىلۋىسى،
گۈل تۇۋىدە بەزمە - مەشرەپ قاينىغان...
ئاھ، بىر كەمدە، بىردەمدە...

## 2

تۇتەك باستى گۈلزار ئىچىنى، قەيەردىندۇ پەيدا بولۇپ سۇرلۇك ئالۋاستى، سالما قىلىپ

تۇگدى چىچىنى؛ دىماغلارغا پۇركۇپ ئىس - تۇتۇن، خۇشاللىقنى دەم تارتىپ پۇتۇن، كۆز - كۆز قىلدى ھەيۋە كۇچىنى؛ ئالۋاستى تۇتۇنىدە پۇتتى دىماغلار، ئىسكىلىتقا ئايلاندى قەددى چىنار، ھۆسنى ئوماقلار، كۆزى بۇلاقلار. . .

بېيىت:

كۇلدى ئالۋاستى كۆرەڭلەپ، يىتتى نازلىق كۇلكىلەر،
ئۇلجا ئىزدەپ چىقتى ئوۋغا بۆرە، سىرتلان، تۇلكىلەر. . .




ياپىرىم، قاراڭ بۇ ئوۋچىنى! كۆرۈڭ بۇ ھىيلىگەر نوچىنى، خىيالىدا بىرنى مەست، بىرنى خەس، بىرنى پەس ئېتىپ تويغۇزماقچى بولدى قورساق ئىچىنى؛ كىم تېگىپ كەتسە، تۇتۇپ سالسا بىلمەي چىچىنى - چىچىنىڭ ئۇچىنى، «مەككىنىڭ رودۇپىيى» دەك تارتىپ يېنىغا، چىڭ چاپلىشىپ شۇنىڭ تېنىغا، نەشتەر سانجىپ تومۇر - قېنىغا، زامىن بولدى ھەتتا جېنىغا - ئالدى ئۆچىنى. . .

پەرد:

بىر تېگىپ سالدىڭمۇ تەس ئايرىلمىقىڭ،
جاننى ئالماي توختىمايدۇ رودۇپاي.

3

ئاجايىپ چۇش، غەلىتە ئىش، سەزگۇمدە تەشۋىش، روھىمدا غەليان، ئېڭىمدا تەپتىش:

«ئاق ئالۋاستى باغقا چىللاپ جۇت، دىمىقىدىن، تىنىقىدىن پۇركۇپ سېسىق دۇت، خىيالىدا چىقارماي شەپە، چىقارماي تىۋىش؛ پەسلى يازنى ئەيلىمەكچى قىش. ئەۋلاد غېمى - مىللەتنىڭ غېمى، شۇ گەپتە ھەر ئېغىزنىڭ دېمى، بولسا ئۇلار ئالۋاستى يېمى؛ قېنى بىزنىڭ ئۇمىد - ئارزۇلار، قېنى گۇلگە تۆلەنگەن بەدەل، كەتكەيمۇ بوش تەر ئەجرى، پەرۋىش».

شۇ خىيال، شۇ ھەس - ھەستىن شۇركۇندى تېنىم، قىزىدى قېنىم؛ قەلىمىم، دەرد - ئەلىمىم چۇشۇمنى نوقۇپ، ۋىجدانىم ئالۋاستىغا مىڭ لەنەت! ئوقۇپ نەزىم جەڭگاھىدا چاپتى بى تېنىم:

غەزەل:

يارانلار، دوست - قەدىردانلار، ئەمەس ھەرگىز رىۋايەت بۇ،
خروئىن ئەجدىھاسىغا ئېتىلغان ئوق - شىكايەت بۇ.
ئىدۇق ساق - بىجىرىم مىللەت، يۇقۇپ ئالۋاستىدىن ئىللەت،
تۇتۇندە بۇلغىدۇق روھنى جىنايەت بۇ، جىنايەت بۇ!
ئەسىر ھالقىيدىغان ئەۋلاد، ئەسىر توشماي ھالاك، بەرباد،
قېنى ئارزۇ - ئۇمىد؟ پەرياد! نومۇس بىزگە ناھايەت بۇ.
چېكىملىك ئايرىسا ياردىن، چېكىملىك قىلسا بى ھاردىن،
تۇتۇن - ئىس ئەتسە خار - زاردىن پۇشايمان ئۇمۇرۋايەت بۇ!
«خۇمار» ئەپسۇنى ئايەتمۇ؟ ئۇنى چەكمەك ھىدايەتمۇ؟
بۇ ئۇيغۇرلۇق سالاھىيەتمۇ؟ ھاقارەت بىزگە غايەت بۇ!

4

يەنىلا شۇ چۇشنىڭ داۋامى. . . مەن بۇ چۇش ئىسكەنجىسىدە ئاۋارە، چۇش مېنىڭ لەنتىمدە مىڭ پارە - ئىلھام ئالدىراش، يورغىلايدۇ قەلەم بىچارە. . .

پەرد:

ئەي قەلەم چاپ، يورغىلا، دەردىمنى ياز، ئەرزىمنى ياز،
بوشىسۇن كۆڭلۇم، نادامەتلەر ئىچىمگە پاتمىدى!

مۇسەننىپى ئاجىز، لال - ھەيران ئىزتىراپتا، خانىۋەيران دەرد - پىراقتا؛ چۇنكى ئۇ كۆردىكى، ئاشۇ قىسمەت قۇربانلىرى گاھى يىغقىن، گاھى يىراقتا، گاھ ئاشكارا، گاھ دالدىراقتا، ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىپ ئاق ئالۋاستى تارقاتقان مەست - پۇراقتا، سەكرات بۆشۇكىدە ئىڭرىماقتا - جېنى ھەلقۇمدا، گېلى قىڭراقتا. . . ئاھ، بۇ ھالدىن ئۇنىڭ تاقىتى - تاق قەھرى سوراقتا! ھەسرەتلىك نىدا، غەزەپلىك سادا شېئىرىدىكى ھېسسىياتتا، رادىق، تۇراقتا. . .

مۇرەببە:

ئەقىللىك ئەھلى ئۇيغۇرسەن،
ئەمەس دۆتلۇككە پاتقان ئەل.
ئەمەس يا دورى يانغان ئەل،
ئەمەس يا بەختى قاچقان ئەل.

يېنىدا يارى - دىلدارى،
زەپەر - شان كۆڭلىدە بارى،
ئەمەس ھېچ كەم نومۇس - ئارى،
تىرىشچان، ئىشتا چاققان ئەل.

خروئىن ـ قەستى تاكتاكچى،
مىكىر مەقسەتكە يەتمەكچى،
سىنى ئاق ئىستا ئەتمەكچى.
كىسەل، سەكراتتا ياتقان ئەل.

يوقالسۇن «ئاق» قا قۇل قىلغان!
ئۆجۈقسۇن «ئاق»نى پۇل قىلغان!
سىنى ئۇ بىقۇۋۇل قىلغان،
قۇرۇپ ئەقلىڭگە قاپقان، ئەل.

ئۆيات! مىھرىڭنى ئۈز «ئاق» تىن،
زەھەر ئەلامى تەر ياقتىن ①
قىنى، ئوت جەڭگە ھەر ياقتىن،
يىگەر شۇم ياۋنى چاپقان ئەل.

5

بارۇ ـ يوق مۈلكى بىساتىم بولمىش نەسىھىتى خىتاب، ئەي يورۇق ئىزدىگۈچىلەرگە مەنسۇپ ئەلئەتى ئاپتاپ؛ چاقنا، يورۇ، غاپىللىق زۇلمىتىدىن ئەقلى كورلاشقان بىچارە بىتاپ نەدە بولسا شۇنى ئىزدەپ تاپ؛ تىل دۇردانىلىرىڭنى ئەگلە ئۇلارغا ئاتاپ: ـ ئەي ئوغۇز پۇشتى، ئۇيغۇر ئەۋلادى، ئەي ئانا دىيارىنىڭ شىرىن ـ پەرھادى؛ ئىسىڭدە بولسۇن، سەن ئاتىلارىنىڭ بەختى، مۇرادى؛ ئانىلارىنىڭ خۇشلۇقى ـ شادى؛ مىللەتىنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدى، ۋارىس ـ ھەغدادى؛ بىز كىم؟ بىز دىگەن ھەيۋە ـ دوق قورقىتالمىغان، ئوق، قىلىچ يوقىتالمىغانلارنىڭ پۇشتى ـ نىجادى؛ ھەزەر ئەيلە ئاق ئالۋاستىدىن، سىنى تاپتىن چىقارماقتۇر ئۇنىڭ ئەس ـ يادى؛ ئىس ـ تۇتۇندە تۇنجۇقمىسۇن ئەقلىي بەردەملىك، ئۇ نىجىسنى يولاتمىغىن قىشىڭغا زادى!

پەرد:

بۆزگە يۇققان كىر ـ سوپۇنلاپ چايقىساڭ پاك بولغۇسى،
روھىي شالتاقنى ئادالاش تەس، ياران ئەيلە ھەزەر.

خىتابىم تەسىرىدىن ئاسمان تۆكتى ياش، دولقۇن ئاتتى ئىلى، يورۇۇقاش، قاناس ھەم باغراش؛ ئابرال، قارا قۇرۇم ماقۇللۇقتا لىڭشىتتى قول ـ باش؛ تەكلىماكان توغراقلىرى، ئالتاي قارىغايلىرى سالدى شاۋقۇن تۇتاش ـ بىر تۇتاش؛ «ئاق» ساتقاننى، «ئاق» تارقاتقاننى لەنىتتىبە كۆمدى كائىنات ـ ئاي، يۇلتۇز، قۇياش...

پەرد:

كولىدىڭ داغدامغا بىر چاھ ②، سىندى غاپىلنىڭ پۇتى،
مىلىڭ، تومەن قارغىش ساڭا ئازدۇر غوچى شەيتان لەئىن!

غەزەل:

كىشىنىڭ ئۆمرى ئوخشار زەر دەرەمگە③
ئاقىللار خەجلەر ئۇنى قۇت، كەرەمگە④
كىمكى بۇ دەرەمنى قىلدى ئىسراپ،
ھەۋەسنىڭ سورۇندا نەشىگە ـ بەڭگە؛
تىرىپتۇ دەپ چۈشەنگىن خوخا، يانتاق،
ھاياتلىق گۈلشىنى ـ شۇ باغ ئىرەمگە.
تىكەن بار باغدا ھەرگىز ئايىماس گۈل،

نەقىشلە بۇنى كۆڭۈل خاتىرەڭگە!...

6

يەنە شۇ خاۋالەت ئۆيقۇ، يەنە شۇ خىيالەت چۈشىدىكى تۈيغۇ...

نەزەر كۆزۈمگە تاشلانغىنى ئىمجان بىر جۈپ ياش، ئەنە ئۇلار كەيىپ خۇمارىغا بىرەلمەي بەرداش؛ ۋۇجۇد مۈلكىنى يارىلاپ تىنغدا، يىرتىپ ئۈستىباش؛ باش ـ كۆزىگە ئۇرارتىنماي تاش؛ مەن بىلەتتىم، مەن تونۇيتتۇم ئۇلارنى ئەسلى، ئاۋۋسى تەمبەل، ماۋۇ قەلەمقاش؛ بىرسى يۇرتتا ناملانغان ياش باي، بىرسى ئىدى گۈل يۈزلۈك رەنا ـ ھۆسن بازاردا تىپىلماس تەڭداش؛ ئۇلار قاچانكى بولدى «ئاق» بىلەن ھەمنەپەس ـ يولداش، بىرسى ئايرىلدى پۇل ـ مالىدىن، كۈچ ـ مادارى، يار ـ دىلدارىدىن، بىرسى چەتلەشتى ھۆسن بازارىدىن، رەڭ، باھارىدىن، نومۇس ـ ئارىدىن... ئەمدى يوق ئۇلارنىڭ تاۋىقىدا ئاش، ئۆيىدە قاياش، غىمىگە غەمداش... ئاھ، ئۇلارنىڭ لەۋىز ئىنقىرارىدا، نالە ـ مۇڭزارىدا، ئىزا ـ ئارىدا پەريادى ئىڭراش!...

غەزەل:

ئۆسكىنىم يادىمدا كەپسىز، ئەركە ـ نايناقلىق قىلىپ،
ئىچكۈزەلمەيتتى ئاپام، ئىسسىت، چاينى قايماقلىق قىلىپ.
ھەممە ئىش رايىمچە، ھىچكىم «ناڭ!...» چىكەلمەيتتى مىنى،
ئۆيمۇ ئايرىپ بەردى چوڭلار «تۆگە ـ تايلاقلىق» قىلىپ؛
سودىدا پىشتىم، «دىگىنز»غا شۇڭغۇدۇم ـ سۆزدۈم گۆھەر،
«ئاز» غا قاناماس بولدى نەپسىم قىنى قايناقلىق قىلىپ.
بىر كۈنى، ئاھ، بىر كۈنى... (شۇ كۈندە باشلانغان غىمىم)
«ئاق» سەتەڭ قاش ئاتتى ـ سۆيدى بوينى باغلاقلىق قىلىپ.
بىر شوراش...، ئۈچ ـ تۆت شوراش... تا قىلدى رام كەيپى خۇمار
لايغا پاتتىم، دەردنى تارتتىم پۇتى مايماقلىق قىلىپ.
بىر قىبتىم يۇتقان تۇتۇن ـ بوغناقتا 100 كوي يەتمىدى،
بايلىقىم ئايلاندى ئىسقا ـ بۇسقا، ئەخمەقلىك قىلىپ.
ئۆي بۇزۇلدى، خاتۇنۇم تۇل، مەن غىرىب، پەرزەنت يىتىم،
بىر مەھەل چاپتىم توسۇن تايدەكلا ھايتاقلىق قىلىپ...
ئاھ، نىتەي، گەجگەمدە كۆز، كالپۇكتا مازغاپ، تەن يارا،
ئۇشبۇ كۈنگە قالمىدىممۇ پەزلى شالتاقلىق قىلىپ!...

پەندىيات! قاراڭ ئاشۇ ھالەتكە، نىمە دىگۈلۈك بۇ نومۇسلۇق ئاھانەتكە؟ ئۇنىڭ بىر تومۇرىدا جىنى، شۇ جانمۇ قويۇلۇپتۇ ئارىيەتكە ـ ئامانەتكە؛ ئۇ، خروئىن ـ ئاق ھىيلىسىدىن بوغۇلۇپ دەردكە، ئايلىنىپ «سەت» كە، تىل ئۇشلاۋاتامدۇ ئەپسۇس ـ نادامەتكە؟...

رۇبائىي:

كوچىدا بىر ئىت ياتۇر باسقان قوتۇر،
يۇندىغا كۆنمەستە ئۇ شۇنداقمىدى؟
ئىتقۇ ـ ئىت، ئاھ، ئادىمي ئىتقا قارا،
پەيلى بەدلىك قىلدى خار ـ ئەسقاتمىدى!

ئەمدى ئاۋۇ بىرسىمۇ قىمىرلاتتى لەۋ، كەچمىشىنى ھىكايەت قىلىپ، ئۇنىڭ سىياق ـ تۇرقىدا نە ئادىمي سالاپەت، نە ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس جەزبى لاتاپەت؛ نە كۆزىدە ياشلىقىنىڭ جىلۋە

- جۇلاسى، نەۋۇجۇد مۇلكىدە غۇرۇر لىباسى،نە روھ زېمىنىدا تارتىم - مەھلىياسى، ئىپپەت - نومۇس، شەرمى - ھاياسى؟ تۆۋەندىكىسى ئۇنىڭ دەرد - شىكايىتى، كەچمىش ئىقرارسى، قايغۇ - نىداسى:

غەزەل:

ئاق كېپەن ئالۋاستى قىلدى يوقۇ - بارىمغا خىرىس،
ياشلىقىمغا، شاشلىقىمغا، نومۇس - ئارىمغا خىرىس.
گۈل ئىدىم خۇش ھىد، ۋىسالىمغا تومەن بۇلبۇل كۆيۈك،
قوغلىدى بۇلبۇلنى ئۇ، يەتتى باھارىمغا خىرىس.
نە بالالىق كۈن ئىدىكى دۇت - دىماغدىن تەگدى ئوق،
قەددى زىبالىق يوقاپ كەلدى مادارىمغا خىرىس.
ئېتىبارىمنى يوقاتتىم بەختۇ - ئىقبالغا قوشۇپ،
بى ھايالىقتىن يېپىشتى پەزلى ھارىمغا خىرىس.
ئۇشبۇ قىسمەتتىن ئازازۇل خۇش، قەدىردانلار خاپا،
كەلدى «ئاق» تىن ئۆمرى سالىم شان - كامالىمغا خىرىس.

7

ئەي چۇش، ئەي چۇش سىياقىدىكى ناكەس، ئۆز ھالىمغا قوي مېنى بىر پەس! دىلىمنى ئېزىپ ئەرزۇ - ھال - نالەش، تاقىتىمنى قويمىدى ھۆددەس ⑤؛ تۇتۇنسىز ئازادە جاھانىمغا، ھاۋايى ساپ ماكانىمغا قايتاي - ئالاي خۇش نەپەس...

بۇ يەردە، تىكەن - چاتقاللار ئىسكەنجىسىدە، ئاق ئالۋاستىنىڭ مەھكۇملۇق پەنجىسىدە ئاۋۇ يىغلاپ ماۋۇ كۈلىدۇ، بىرسى ياشاپ مىڭى ئۆلىدۇ؛ بىرسى نەشە كومىلىچىنى گېزىت قەغىزىگە پەنەك قىلىپ ئورايدۇ، چىلىمىنى ئوتلىتىپ خورۇلدىتىپ شورايدۇ؛ يەنە بىرلىرى «ئاق» ساتىدۇ - ۋىجدان ساتىدۇ، قايسىبىرلىرى ئۇنى چېكىپ، ئاققا چىقىپ خار - زەبۇنلۇقتا بېشى قاتىدۇ؛ خۇمار ئىزتىراپىدا جىنايەت پاتقىقىغا پاتىدۇ، قانۇن زەنجىرىگە پۇت چاتىدۇ.

ئېيتقىنا ئەي چۇش - سۇرى قاباھەت، نەۋاقىچە خورلىنار ئىنسانىي پەزىلەت، سۆيگۈ - ساداقەت؛ قاچانغىچە كۆرەڭلەر ئاق رەڭلىك ئالۋاستى - جىلۋە قىياپەت، جانغا جاپا، مىللەتكە ئاپەت! ؟

بېيىت:

قاراڭغۇ، ئۇزۇن بۇ كېچە، يولىمۇ تار...
ئۈمىدلەن، ھامان كۈن چىقىپ تاڭ ئاتار!

* * *

مۇشەققەت - جاپانىڭ چېكى يوق دېمە،
قارا، چىقتى قىرغاقىقا ئاخىر كېمە...

مەن نەرە تارتتىم ياڭراق ئاۋازدا، ئاپرا سىياپ، ئوغۇز بوۋىدەك قەھرلىك ئەلپازدا. كۆك بۆرە توتېمىنى ئەيلىدىم ھامىي، ئۆزۈم چۇش خاۋالىتىدە، روھىي پەرۋازدا!...

«توۋا» دەپ - توۋا، مەن يۈرىمەن شۇتاپ «ئاق» ئالۋاستى بىلەن جەڭدە - ئارازدا، ئەمما ئاۋۇ، يەنە ئاۋۇ خۇمار ھېرىسىدە غىلجىڭ تەننازدا، ئۇ بىر توپ ئازغۇنلار جىن سەنىمىگە دەسىنشەر غەيرىي ئەندازدا...

8

ئۆمۈچۈك تور تارتقان ئۇۋا - ئۆچەكتە، تۇتەك باسقان دالدا - بۇرجەكتە باشقىچە بىر سۈيىقەست:

ئازغۇنلار ئارىسىدا، چاپاقلاشقان كۆزلەرنىڭ جىيەك قارىسىدا، ئوكۇلدا قاتقان تومۇر - بىلەكلەرنىڭ سىزىق - كانارىسىدا، ئىسكىلىتقا ئايلانغان ئاشۇ تىرىك مۇردا - جەسەتلەرنىڭ زەخمە يارىسىدا لەنىتى ئەتكەس - نەشە نەس، كوكايىن بەرەس⑥، خىروئىن تېگى پەس كۆرەڭلەيدۇ ھەردەم، ھەر نەپەس؛ تارقىتىدۇ خۇمارى ھەۋەس؛ ئەسنەك تۇتۇپ، تۇتۇن يۇتۇپ بولغان چاغدا مەست، يوقالغاندا ۋىجدان ھەم ھۇش - ئەس، تارقىتىپ ۋەس - ۋەس؛ ئۆزلىرىنى بازارغا سېلىپ، ئالا - جۇقا سۆزلەپ ھارمايدۇ ھۆددەس... مانا بۇ ئۇلارنىڭ كۆرەڭ، ئىپلاس غەزىلى، ھەجۋىي ھەزىلى، بارمىدۇ ئىقرارى ھەقىقەتنىڭ بۇندىن رەزىلى؟...

ھەزىلى مۇرەببە:

- مېنىڭ ئىسمىم ئاق خىروئىن، قاپقارا نەشە،
مېنى چېكەر، ئېلىپ - ساتار ۋىجدانى كەپشە⑦
كارامىتىم، ئالامىتىم، قەستىمنى سورىساڭ،
ساقنى كېسەل، باينى گاداي قىلماق ھەمىشە.

يىلتىزى مەن، مەنبەسى مەن بارچە ئاپەتنىڭ،
ئارامىنى ئوغرىلايمەن ئەلنىڭ، مىللەتنىڭ،
قاتىلى مەن غۇرۇر، ئىپپەت، قەدىر - قىممەتنىڭ،
تۇتۇنلىرىم دىلغا نەشتەر، كۆزگە دەرپەشە.

ئوغرى، قاتىل، بەدنىيەتكە ھامىي - قاياشمەن،
خاتىرجەملىك، مۇقىملىقتا ئېتىلغان تاشمەن،
ھېلىھەم تولا شەيتاندىنمۇ ئۆتە قاقباشمەن،
يەيدۇ مېنى (تەكتىم ئوغا) چاغلاپ كەرپەشە⑧

چېكىملىكلەر ئارىسىدا قالتىس «داھىي» مەن،
بىزارلىقتا تالايلارنىڭ نەپرەت، ئاھى مەن،
كەڭرى چاغدا ئەجەب كەڭرى، بەك قىس گاھى مەن،
مەن بار يەردە بىر سۈيۈق سۇ مەي ئاتلىق «خوشە».

ئېسىمدە تۇت مەيلى سېقىڭ، مەيلى بىمارىڭ،
گويا ئەۋرەت لاتىسى، بىل، نومۇسۇڭ، ئارىڭ،
ئۇندىن ئارتۇق ھۇزۇر نەدە قانسا خۇمارىڭ،
كەل مۇخلىسىم - چەك، بۇ پۇرسەت كەلمەس ھەمىشە...

ئاق ئالۋاستى ناز نىقابىنى ئېلىپ يۈزىدىن تاشلاپ نېرىغا، قىياپىتىنى قىلدى ئاشكارا، چاقماق بولدى ئوخشاپ ھېرىغا (ھەرىگە)؛ خىرىس نەشتىرىنى تەڭلىدى ئاللىكىملەرنى قىستاپ ئورىغا، چىرماپ تورىغا...

ئاھ، ھەيۋە - كۆرەڭلىك، ئىسىت ئەقلىي دېۋەڭلىك، ھېرىسمەنلىك، بىزارلىق، خىلمۇ خىل تەڭلىك؛ ھەي قىياپىتى بەشەر، ۋاي قىيامىتى مەھشەر! - جانغا تىكلەنگەن ئەجەل،

چېكىملىك قىياپىتىدىكى زەھەرى شەمشەر. . .

ئۇ راست گېپىنى قىلدى خېرىدارىغا، كونا چوپقىتى بىمارىغا؛ نېسىيگە بەرمىدى گۈزىنى - پەرۋايى پەلەك گىنىنىزارىغا - كەيپى خۇمارىغا؛ نېمە دەيدۇ دەڭ: «نەق تۆلە، نەق ئال، بولمىسا ئېسىلىپ ئۆل خۇمار دارىغا! ھەر قايسىڭنى كۆنۈكتۈرگۈچە چەكتۈردۇممەن، بىل، بىكارىغا؛ ئەي ئەخمەقلەر، ئۆيلىمىسام ھازىرقى پايدىنى، كۆز قىسارمىدىم سەن ئاۋارىغا! . . . »

قاراڭ، نىيىتى شەيتان، يۈزى قارىغا، ئۆندىدى ئەمدى ئۇچۇقتىن - ئوچۇق جىنايىتى قەستەنلىككە - خەتەر چارىغا:

. . . پۇل بولمىسا «قىسىپ تارت»
بۇلائاتا - ئاناڭنى.
قوي، ئېشەككە قېتىپ سات،
زىلچە - گىلەم، كالاڭنى.
«دەتتىكام! » غا ھوشۇق ئات،
قىماردىن تاپ چالاڭنى.

ئوغرى بولغىن - تام تەشكىن،
گۆرۈگە ئال - تۇتتۇۋال.
قويمىچى بول - يىپ ئەشكىن،
ئاجىزلارنى يۇتتۇۋال.
تىلەمچى بول، تۇگەشكىن،
بوسۇغلاردا يېتىۋال.

شەرمى - ھايا - نومۇسنى،
قايرىپ قويۇپ پۇل تاپقىن:
پىچاقلىغىن جان دوستنى،
قەۋمىڭگە يات يول تاپقىن.
خاتا بىلەن دۇرۇسنى،
ئايرىغانغا تاش ئاتقىن.

ئىپپەت سېتىپ بۇلغانغىن،
چىدىماسلار «ئاھ» دېسۇن.
پۇل بەرسىلا تولغانغىن،
شەھۋانىيلار «پاھ. . . » دېسۇن،
بىر ماڭملا تايانغىن،
سېنى ھەركىم «شاھ» دېسۇن.

مەن باشلىغان سەپكە كىر،
(كۆر، ئاز ئەمەس قاتارىڭ).
چەككەنگە توي - خام كېكىر،
يىتسۇن قۇۋۋەت - مادارىڭ.
ئۇيغۇر پۇشتى گەپكە كىر،
خازان بولسۇن باھارىڭ! . . .

9

شۇنداقمۇ چۈش بولامدۇ تۈگمەيدىغان، كۆرۈپ - كۆرۈپ ئۆلگۈرمەيدىغان، يىغىسىلا بار - كۈلدۈرمەيدىغان؟

مەن چۈشىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ - تارتىپ يىقىتتىم يەرگە، گۈنى باستى تىترەك، چۆمۈلدى تەرگە، سۆرەپ چىقتىم پىغاندىن چارسۇ - بەندەرگە؛ گېيتتىم:

- تىڭشاپ تۇر، گېپىم بار ساڭا دەيدىغان، قانداق چۈش سەن دەردىنلا راۋا كۆرۈپ، پاراغەتتىن كۈنلەيدىغان، چۈش ئەمەس جاللاتسەن قان شورايدىغان، يول تورايدىغان؛ پەيلىڭدىن ھېچكىمگە يوق ئارامى خۇشلۇق، راھەتى بوشلۇق؛ قىلدى قەستىڭ جان يېرىنى قاقاس - گۈل ئۈنمەيدىغان! . . .

غەزەل:

ھەممىنى دۈڭگەپ چۈشۈڭگە، چۈشنى تىرگاۋ ئەيلىمە،
بارچە كەلمىش كالتە پەم، ئەخلاقىي بەدلىك پەيلىدىن.
تەقدىرى قىسمەتتە قىڭغىر بولغىنى يوق ھېچنېمە،
كۆر، ئەنە قىڭغايدى رۇس قىڭغايتقۇچىنىڭ مەيلىدىن.
ئەي كۆڭۈل، مېھرى - مۇھەببەت، ئىشقى كەمنى ئەردېمە،
ئەر ئەمەس پەرق ئەتمىگەن ئازغاننى رەيھان، لەيلىدىن!

ئاشۇنداق بىر ھۆكمىي نىدا، بىر سۈلھى سادا كەلدى ئەرشىئەلا - دارۇل باقادىن، چۈش ياقىسىدىن بوشاندى قولۇم، ئەمما لەۋزىم توختىمىدى ئەرزى خۇدادىن:

- بۇ بىزگە نېمە كەلگۈلۈك، نېمە كۆرگۈلۈك؟ ئالۋاستىلار شورىماقتا قان، زەيلەشكەچكە كۆڭۈل بوستانى، قۇرۇدى گۈللۈك؛ ئاقنى چېكىپ ئاقتا چىقتى بىر مۇنچە ئەۋلاد، خانىۋەيران بولدى ئۆي - ئوتاغ، بىساتى مۈلۈك؛ سۆيگۈ زەخمەت يېدى، مۇھەببەتنىڭ بوينىدا زەنجىر، بوينىدا چۈلۈك؛ ئەجدادلارنىڭ روھى پارامۇش، نەۋرىلىرى بەڭ چېكىپ خامۇش، لەقۋا - ئۆلۈمتۈك؛ باللار دادا مېھرىگە، ئانا شەپقىتىگە زار، كۆلۈشكە ئېتىنالماس - تىنالماس ئۈنلۈك؛ ئاشۇ لەنىتى ئىس - تۈتەك، قانخۇمار زۇلۇك، كىم بولسا خۇمارىنىڭ پەيلىگە كۆنۈك؛ نەق شۇلارنى ئەتتى جىسمى تىرىك، ۋىجدانى ئۆلۈك؛ بىز كىم ئىدۇق، ئەمدى كىم بولدۇق، بۇئىشلارغانېمە دېگۈلۈك؟ قاچان پاكلىنىدۇ بۇغۇبارى ئىللەت، زاۋالىتىيوك؟ . . .

پەرد:

گەركى بىر قەۋم بولدى بىزار كىر - غۇباردىن قاچان،
ئىلتىجاھىدۇر بىكار ئىللەتنى تەرك ئەتمەي تۇرۇپ.

مۇخەممەس

ياخشىلارنىڭ جانىبىدىن ⑨ ئاپىرىدە نەۋ باھار،
ياخشىلارنىڭ پەزلى بىرلە باغدا گۈل، شاختا ئانار،
ياخشىلارنىڭ خۇش بۇيىدىن بۇ جاھان مۇشكى ئىپار،
ياخشىلارنىڭ ھىممىتىدىن زۇلمىتى تۈن پارە - پار،
تاڭ زىيالىق، تاڭ ھاۋالىق، تاڭ تازا، تاڭ بىغۇ بار.

بۇ جاھاننى پەيلى بەدلىك بۇلغىماقچى، ئەلھەزەر،
«كىم ئىدۇق، بولماقچى كىم سەن - بىز؟» دېمەڭ، ئۇ بىنەزەر،
روھىي گۇمراھ بەد بۇيىدىن ئىسلىشىپ باغ، يول، گۈزەر،
ئېيتتى ئەجداد: «بى مۇرادمۇ ئارزۇ، ئىشنى كىم تۈزەر؟

ئاھ، ئىشەنگەن تاغلىرىم - يەتتىمغۇ نەۋرەمدىن ئازار!...»

پۇشتى تۈزكورلۇقنى لەنەت - نەپرىتىدە قامچىلاپ،
تولغىنىپ تارىم، زەرەپشان ئاتتى دولقۇن قانچىلاپ،
ئاقتى خانتەڭرى كۆزىدىن قان شۇرۇلداپ، تامچىلاپ،
ئەمما، ئازغۇنلار بۇ قاندا باقتى قورساق نان چىلاپ،
كىم يوقاتسا ھۆسنى ئۈزلۈكنى چىدارمۇ لەيلىزار؟

يەتمىگەندەك تاپقىنى يۇرتتا بىلىمسىزلىك ئېقىش،
يەتمىگەندەك ئىلمۇ، پازىللارغا ئۆچلۈك، قەست، چېقىش،
يەتمىگەندەك مەزھەپى بۆلمەك، بۆلۈنمەك - جان بېقىش،
يەتمىگەندەك ئۆم - ئىناقلىقنىڭ كۆزىگە مىخ قېقىش،
مەيلىمۇ ئالۋاستى «ئاق» نىڭ مىكرىسى تاپسا بازار؟

مەيلى دەمدۇق دىل بېغىغا بۆرىلەر تاشلاپ ماياق،
دەسسىسە ئارزۇ - تىلەكلەر ئۈستىگە ئازغۇن ئاياغ،
ياخشىلار، تالڭ گۈلشەنىنى ئەمدى قوم باسسۇنمۇ؟ ياق!
قەستى مەلئۇن قەھرىمىزدىن يەرتېپىك، يۈز مىڭ تاياق،
ھەق يولىدىن ماڭسا ھەر كىم ئەل ئۇنىڭغا ئىنتىزار...

10

روھلار ئۆرە ئاياغ بولدى خىتابى مۇناجاتتىن، تىللار سوغۇرۇلدى ناباتاتتىن؛ تۆركۈمى پەندۇ - نەسىھەت، ئىنساپقا دالالەت ئۆرغۈپ يۈرەكتىن، سەپ - سىپى بىلەن ئۆتتى پاراتتىن، مىسالىنى كۆتۈرۈپ قەلبى بەرباتتىن، نالە - پەريادتىن، نومۇسى ئۇيياتتىن:

- ئەي ياخشى ئەر پۇشتى، ياخشى قەۋمىنىڭ ۋارىسى، ئەي كۆزلەرنىڭ قارىسى، يۈرەكلەرنىڭ پارىسى؛ ساڭا نەدىن يېپىشتى بۇ دەردۇ - بالا، مەرەز يارىسى؟ «مەستلىك، پەسلىك، نەسلىك» ئەمەسمۇ، نەس باسقانلار بىلەن كىمنىڭ چاتىقى؟ كىمنىڭ كارى؟ ئۆزۈڭنى قۇتقۇزمىساڭ غەپلەت تۇزىقى، ئازاب دوزىخىدىن سانجىلىدۇ ئەجەل ئارىسى، ئۈزۈلىدۇ ھايات تارىسى؛ مېھىر ئۈزگىن «ئاق» كاساپەتتىن، ئاق رەڭلىك ئاپەتتىن، قەتئىيەتتە دەردىنىڭ دارىسى، غەمىنىڭ چارىسى، ئاڭلىغىن، تىڭشىغىن ئەي ئازغۇن - ئىسلاش جان، بۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ قايغۇ - زارى، پەرياد - نالىسى:

ناخشا:

بىز پىراقىڭدا بالام دەرد - «ئاھ!...» چېكىپ،
سەن تىرىك مۇردا زەھەرلىك «ئاق» چېكىپ،
ھەسرىتىڭدە باغرىمىز خۇن، كۆزدە ياش،
ئويلىما يۇردۇمغۇ مەن، دەپ، ئاق چېكىپ.

«ئاق» نىجىس قىلدى قۇرۇق شاخ ئارچىنى،
«ئاق» نىجىس ئازدۇردى سەندەك قانچىنى،
«ئاق» نىجىس يۇتماقچى ئاخىر بارچىنى،
بىز تۈگەمدۇق «ئاھ» چېكىپ، سەن «ئاق» چېكىپ؟

بىز ئىدۇق مەردانە مەشرىق ئەھلىدىن،
قورقمىغان توپ، ئوق، قىلىچنىڭ ۋەھىمىدىن،
پۇشتىمىز بولسا ھالاك «ئاق» زەخمىدىن،
سەن تۈگەمسەن «ئاق» چېكىپ، بىز «ئاھ» چېكىپ؟

پەيلى شەيتانغا بېرىلمە «ئاق» چېكىپ،
بىز تۈگەشمەيلى بالام «ئاھ - ئاھ» چېكىپ!

ئانا پەريادى، ئاتىنىڭ غەم - دادىدىن لەرزىگە كەلدى زېمىنۇ - ئاسمان، باغۇ - گۈلىستان؛ يۇم - يۇم ياش تۆكتى باغرى يۇمشاق ئاي، قۇياش يۈرىكىدىن سىرغىپ چىقتى قان؛ چەرقى گەردۇننىڭ ئايلاندى بېشى، سۈكۈت قۇچىقىغا يىقىلدى داۋان؛ خانتەڭرى، قارا قۇرۇم ئاقتى سۇ بولۇپ، «پەندىيات!» دەپ مۇشتلىدى كۆكەس يولغۇنلۇق ماكان؛ ئابرالدا ئارغىماق، باغراشتا تۇلپار چاپچىتتى تۇياق، كىشنەشلىرىدە مۇڭ، پىغان، چۇقان...

پەرد:

ئۇتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ كۆيگەي قولى دەپ ئويلىما،
چەللىگە ياماشسا ئوت ئايۋان - سارايىڭ كۈل بولۇر.

تاقەتنىڭ يىپى ئۈزۈلدى، سەۋرنىڭ چېكى بۆسۈلدى، ھەر كىمنىڭ ۋىجدانىدىن ئېلىندى سىناق - كاتتا ئىمتىھان. «ئاق» ئالۋاستى بوينىغا چەمكەكچۇن ئارقان، قورشاۋ ھالقىسىنى چىڭىتتى بۇدەم ئەلچى، قەشقەر، ئۈرۈمچى، تۇرپان؛ قۇرۇپ «كۆككە تور، زېمىنگە قاپقان».

ئەنە، تىڭشاڭ: جەڭگىۋار قوشۇننىڭ مەردانە مارشى، زەھەرلىك ئالۋاستىغا قارشى غىلاپىدىن چىقتى زۇلپىقار - خەنجىرى ئىسيان!

غەزەلى مۇناجات:

ۋا دەرىخا! باغ بۇدەم گۈلدىن جۇدا،
ھەسرىتا! گۈل - غۇنچە بۇلبۇلدىن جۇدا.
ئاق نىجىس - ئاق ئىستا چىرمالدى ۋۇجۇد،
بولدى باشلار دوپپا، كاكۇلدىن جۇدا.
پەيلى ئازغۇنلارغا تەگدى ئاق ۋابا،
ئەقلى - ھۇش بولدى تاكامۇلدىن جۇدا.
يەتتى بەرھەم تەندۇرۇسلۇققا، ئىسسىت،
ئاۋۇ جاندىن، ماۋۇ - مال - پۇلدىن جۇدا.
مەنزىلى نۇسرەت يېقىنلاشقان چېغى،
بۇ سەپەر كارۋانى دۇلدۇلدىن جۇدا.
ئەي نادان - غاپىل، غېمىڭدە مىللىتىڭ،
مەشرىبىنى قىلما مەرغۇلدىن جۇدا.
پۇشتى ئۇيغۇرسەن، ئەمەس نەسلى بوزۇق،
«ئاق» نى تەرك ئەت، بول ئازازۇلدىن جۇدا...

11

كارامىتىنى كۆرسەتتى مۇناجاتى خىتاب، قۇياش چېھرىدە نۇر - تەلئەتى ئاپتاپ؛ ئەرش تاقىدىن چاقماق چېقىلىپ، گۇمراھلىق تۆپىسىگە تاغلار يىقىلىپ؛ ئالۋاستى ئاق - ھىيلىگەر ئالىقاپ، ئۆزىنى يوشۇرۇپ - نەگىدۇر يوقاپ؛ گۈل رۇخسارلاردىن پاكلاندى غۇبار، جاي بوشاتتى گۈلشەنگە كوھىقاپ؛ باللار شاد، ئانىلار خۇشال،

يىرتىلدى ئەتكەس ھازازۇلنىڭ يۈزىدىن نىقاب؛ مانا، تۈنۈگۈنكى تىرىك مۇردا - بىمافدۇر، بىتاپ، سەھۋە - خاتارىدىن خىجىلدۇر شۇتاپ، ئەپسۇس، نادامىتى چەكسىز، بىھېساب! . . .

قەسىدە:

كۆر چىۋىننى! ھالى ناچار - ئۈستىدە ئوينار پالاق،
فىڭشىيالمايدۇ پاشا، ئۇ باغدا يوق - قاچتى يىراق.
كۆر چىمەننى، بۇيى بەدتىن قوينى پاكلاندى ئۇنىڭ،
باغدا باغدەك ھۆسنى ئۇزلۇق، گۈلدە گۈلدەك خۇش پۇراق.
قايتىدىن ئوخچۇپ زىلال سۇ سۈيدى سۈمبۇل، لالىنى،
نەغمىچى قۇشلار ناۋاسى بىر يېقىملىق قوڭغۇراق.
سەلكىنى تاڭنىڭ ھۇزۇرىدا غۇنچىنى ئەتتى باغاش،
نەپ - نەسىۋە ئالدى ھەتتا بۇ ھۇزۇردىن چىم، قىياق. . .
قاغا - قۇزغۇنلار ھەسەتتە پەرتىتىپ مۈگدەيدۇ، كۆر،
ئىت سوزۇپ ھاۋشۇيدۇ سۆڭگۈچتىن كىرەلمەي بى سوراق.
ئەمدى يوق ئالۋاستى نازى، ئەسلا يوق زەھرى تۈتۈن،
ئۇ گۈلىستانى ئىرەمدىن يىتتى يۈتكەپ ئۇلتۇراق.
كۈندۈزى كۈن، ئاخشىمى ئاي، تاڭدا چولپان جىلۋىگەر،
دىل يورۇق، تارتىش كۈچىدىن قالدى قوڭغۇز - پالتىراق.
ئاق ئەمەسكەن (بىلدى ئازغۇن) «ئاق» كۆزۈنگەننىڭ بەرى،
نەچچە مۇددەت گەجگىگە چاپلاشتى «ئاق» تا كۆز قاراق.
كونا خامان سورىمايدۇ ئەقلى مەزمۇت ئەر بۇدەم،
ئەمما، ئۇنتۇشمۇ خاتا، بار دالدا - پىنھاندا ماراق. . .

شۇنداق، تېخى يەكۈنگە بۇرۇن، خۇلاسىنى قىلماي ئالدىراپ، ئاق ئالۋاستى قاچتى - يىتمىدى، يىتىمگىنى كىپلەر پەيتىگە قاراپ، «چىپچىنى تاراپ». ئەپۇ - مەردلىكتە ھاتەم، ھوشيارلىقتا بولماسلىق روستەم، مەئىشەت داستىخىنىدىن رىسقىنى قاساپ، يەنە نەشتەر تىقماسمۇ قاچقۇن كاززاپ، مۇرتەد نا ئىنساپ؟ شۇڭا، «ئىيۇن» ئۆتسە «ئىيۇل» دا، مەيلى چىغىر، مەيلى چوڭ يولدا زەھەرگە قارشى تەر ياقى ياساپ، ئەتمەك لازىم مەنئۇي قاشا، مۇستەھكەم تۇساق؛ شۇ چاغدىلا قالمايمىز ئاقساپ. مانا شۇ ئەۋزەل، مانا شۇ ھېساب!

ئىككى پەرد:

زەخمە يەتكەنلەر پىچاقتىن ئۇنتۇماس تىغ قەستىنى،
يارا پۈتكەنگە پىچاق ئىزناسى تارتۇق قالدۇرار.

* * *

يەردە نىمجان ھەرە كۆرسەڭ دەسسە، چاقمايدۇ دېمە،
نەشتىرى يادىڭدا بولسۇن، ئۇ دېگەن چاققاق نېمە!

نەسىھەتنامە:

سۆزى گەرچە يېقىملىق جانغا راھەت،
ئىبتىگنى قىلسا كۈندە مىڭ قىرائەت.
ئەگەر ئۇ كونا دۈشمەن، بولما غاپىل،
ساڭا كۆڭلىدە ئىستەر دەرد - تالاپەت.
ھېنزىي بول ئىت تالايدۇ ھاۋشىماستىن،
ساقايغان بارمۇ تارتۇقسىز جاراھەت.
دېمەككى، كونا دۈشمەن كۈندە دۈشمەن،
تەۋەززۇ ⑩ پەيلى يالغان، راستى ئاپەت! . . .

## خاتىمە بايان

ئۆيقۇ - ئۇلۇم، چۈش - تەكتى غەپلەت، دېمەك، ئەجەل دېگەن غەپلەتنىڭ ئارقىسىدا؛ كۆززۈمنى ئاچتىم ئۆيقۇ بىلەن بىدارى ئاگاھلىقنىڭ ئارىسىدا؛ قولۇم تۇرۇپتۇ ھېلىھەم ئۇزاققا سوزۇلغان چۈشنىڭ ياقىسىدا؛ چۈش كەچمىشى، چۈش تەشۋىشى يۈرەكنى مۇجۇپ، ئىگىمنى قوچۇپ ئەتمەكتە سەۋدا. . .

«چۈش تەبىرگە باغلىق» - شۇنداق دەپتىكەن بىر مۇنەججىم، نامى ئاتاقلىق، ئەمما مېنىڭ تەقدىرىم ئەمەس «تەبىر» گە باغلاقلىق، چۈشنىڭ كارايىتى چاغلىق!

پەرد:

ئىت قاۋار، كارۋان ماڭار، ئاتلار ئورۇق، مەنزىل يىراق،
ھەممىدىن غالىب كىپلەر مەردانىلىكنىڭ تەدبىرى.

ئەمما، «چۈش» كە ياندىش بىر رېئاللىقتىن بولمايدۇ قېچىپ، ئۇ - خىرۇئىن ئاپىتى. يۈرەك بى ھاجەت ئاڭا پال ئېچىپ؛ ئۇ ئوخشايدۇ زەھەرلىك چايانغا، ساتارمەنلىرى تەڭداشتۇر ۋەھشىي قاۋانغا، چېكەرمەنلىرى دىتسىز ھايۋانغا! بۇ ئۆچ مەرەز قاتراپ ھەر يانغا، تىكلەندى غۇرۇر - ۋىجدانغا، نۇسرەتكە - شانغا، ھەتتاكى جانغا، دەرمان، ئارمانغا. . . شۇڭا يازدىم بىر تالاي تەسۋىر سىغداپ بايانغا.

پەندىنامە

ئۇيلا ئۇيغۇر، سەن ئۇيۇشقاق ئەسلىدىن،
ئۇيلا ئەۋلاد، سەن ئەدەبنىڭ نەسلىدىن.
پەزلى ئەخلاق ئىسلىشىپ بۇلغانمىسۇن،
شۇ زەھەرلىك ئاق نىجىسنىڭ قەستىدىن.
سۇر - توقاي قىل نەدە بولسا ئۇ مەرەز،
قوغلا يۇرتتىن - دالدا مەيلى رەستىدىن.
ھەممىدىن روھىي زاۋال، غەپلەت يامان،
كۆرگۈلۈك بۇ بىزگە غەپلەت دەستىدىن.
كوچىنى مەست باسسا ئاڭنى نەس باسار،
كۈچ خورار بۇ ھالدا مىللەت بەستىدىن.
قىلمىغاي دەيمەن جۇدا «ئاق» جىلۋىسى،
نەۋ باھارنىڭ پەسلىدىن، تاڭ ۋەسلىدىن! . . .

* * *

ئاھ، ئۇزاققا سوزۇلغان چۈش. . .

1996 - يىلى 3 - ئىيۇل، خوتەن

ئىزاھاتلار

① تەرياق - زەھەر قايتۇرغۇچى دورا ئۆسۈملۈكى ② چاھ - قۇدۇق ③ دەرەم - ئالتۇن پۇل ④ كەرەم - ئۇلۇغلۇق ⑤ ھۆددەس - مۇتلەق ⑥ بەرەس - ئاق كېسەل ⑦ كەپشە - تاز ⑧ كەرەپشە - چىگەي ⑨ جانبىدىن - تۆپەيلىدىن، سەۋەبكارلىقىدىن ⑩ تەۋەززۇ - مۇلايىم، كىچىك پېئىل.



# رېئالىزم تەرەققىي قىلىشى كېرەك

## ـ ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر بىلەن سۆھبەت

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

سوئال: ئۆكام ئەختەم، سىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆز ئەسەرلىرىڭىز ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، ئالقىشىغا ئېرىشتىڭىز. مەنمۇ سىزنىڭ بەدىئىي ئىقتىدارىڭىزغا قايىل. شۇڭا سىز بىلەن پروزا ئىجادىيىتى ھەققىدە سۆھبەتلىشىشكە بەكمۇ قىزىقىمەن. مېنىڭچە، بۇ خىل سۆھبەت ئىجادىيەت ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق. سىز پروزا ئىجادىيىتىگە قاچاندىن باشلاپ كىرىشتىڭىز؟ تۇنجى ئەسىرىڭىز قانداق مەيدانغا كەلگەن؟

جاۋاب: بىزدە «سۇنىڭ ئاستى بىر خىل، ئۈستى بىر خىل ئاقىدۇ» دېگەن گەپ بار. مەن ئۆزۈمچە مەشق ۋە تاۋلىنىشنى خېلى ئۇزاق ئېلىپ باردىم، دەپ قارايمەن. ئۇزاق مەزگىل چېنىقىش جەريانىدا بىر نەرسە يازىدىغانلىقىمنى باشقىلارغا بىلدۈرمەي يۈردۈم. ئەسىرىم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كىشىلەر ماڭا دىققەت قىلدى. راستىنى ئېيتسام، سىزدەك سىستېمىلىق نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە ئوبزورچى بىلەن بۇنداق سۆھبەتلىشىش مېنى ئويلاندۇرماي قويمىدى.

**ئىجادىيەت ھەققىدە سۆھبەت**

بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىر مۇنچىلىغان ھەۋەسكار ئۆكىلار، ئوقۇغۇچىلار، يۇكسەك غايىگە ئىگە ئوبزورچىلار بىلەن سۆھبەتلەشكەنىدىم. ئۇ سۆھبەتلەردە كۆپ ئاڭلاپ، ئاز سۆزلىگەنىدىم، بۇ ماڭا ئادەت ئىدى. سىزنىڭ رەسمىي سوئاللىق سۆھبىتىڭىز مېنى سۆزلىتىدىغان بولدى. سۆزلىگەنلىرىم مېنىڭ مۇكەممەل قاراشلىرىمغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ، دەپ قارىمايمەن. چۈنكى مەن يېتىلىش باسقۇچىدىكى بالا قەلەمكەشمەن. جامائەتنىڭ بۇ قاراشلىرىمنى ماڭا ياكى ئۆزىگە تاڭماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن 1979 ـ يىلىغىچە نۇرغۇنلىغان كونا ـ يېڭى كىتابلارنى ئوقۇدۇم. ئاشۇ يىللىرى مەلۇم بىر ساۋاقدىشىمنىڭ خاتىرىسىدىن ئاپتورى نامەلۇم بولغان «ئاخىرقى سىناق» ناملىق ھېكايىنى زور ئىشتىياق بىلەن كۆچۈرۈۋالدىم ۋە قايتا ـ قايتا ئوقۇپ يادلىدىم. بىر ساۋاقدىشىمنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىنى ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ «ئاخىرقى تەلەپ» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا يېزىپ چىقتىم. لېكىن ئۆزۈمگە يارىماي، ئۇنى 24 قېتىم ئۆزگەرتىپ، ئاندىن رازى بولدۇم. بۇ چاغدا ئۇ پۈتۈنلەي باشقا بىر تۈسكە كىرگەنىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ مېنىڭ تۇنجى ھېكايەم بولۇپ قالدى. مېنىڭ ھېكايە يېزىشىمغا تۈرتكە بولغان «ئاخىرقى سىناق» ناملىق بۇ ھېكايە ئۇستازىم مۇھەممەتئىمىن ھوشۇرنىڭ ئىجادىيىتى

ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقىنىمدا ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بولدۇم. شۇ قولىيازمام ھېلىمۇ بار. مېنى پىروزا ساھەسىگە ئېلىپ كىرگەن دەل بىزنىڭ ئۇيغۇر پىروزىسى. ئۇكەملەردە ئۇيغۇر پىروزىسى يوق دېيەرلىك ئىدى، ئاجىز ئىدى. پىروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئاپتورلىرىمىز تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلار بىلەن كۆز ئالدىمدىكى تىرىك ئادەملەرنى سېلىشتۇراتتىم. تۇرمۇشتىكى ئادەملەر ساختىمۇ ياكى پىروزا ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلىنىۋاتقان ئادەملەر ساختىمۇ، دەپ مولاھىزە قىلاتتىم. بەزىدە تۇرمۇشتىكى ئادەملەر، بەزىدە پىروزا ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن ئادەملەر ساختا بولۇپ چىقاتتى. ھەقىقىي ئادەم زادى بارمۇ - يوق؟ مەن ئاخىر بۇ ئادەمنىڭ ھەقىقىي تۇرمۇشنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئىزدەش كېرەك. مانا مۇشۇ ھەقىقىي تۇرمۇش، ھەقىقىي ئادەمنى ئىزدەپ، تۇرمۇشىمىزدىكى ئۆزىمىزنى ئالداش بىلەن پىروزىدىكى ساختىلىقتىن ئازاد بولۇش كېرەك، دېگەن كۈچلۈك پارتلاش ۋۇجۇدۇمنى تىترەتتى. بىز ئۆزىمىزنى ئالداشتىن توختىغان كۈنى دۇنياغا يېڭىدىن تۇغۇلغان بولىمىز. ھەقىقىي پىروزا ئۆزىنىمۇ، تۇرمۇشنىمۇ ئالدامچىلىقتىن قۇتۇلدۇرالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە.

سوئال: سىزنىڭچە، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم جەزمەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشى كېرەكمۇ؟ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان ئادەم ئىقتىدارلىق يازغۇچى بولالامدۇ؟

جاۋاب: مېنىڭچە، ئەدەبىي ئىجادىيەتچى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالىغان ياكى ئوقۇيالمىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم ئالىي مەلۇماتلىق، ئەتراپلىق نەزەرىيىۋى ھەم ئەمەلىي بىلىم ئىگىلىگەن بولۇشى كېرەك. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئالىي مەلۇماتلىق بولۇش ئۈچۈن. بىلىمنى نەدىن ئېلىشنى ئىجادىيەتچىلەر ئۆزلىرى تاللىسا بولىدۇ. ئىقتىدارلىق يازغۇچى بولۇشنىڭ بىردىنبىر شەرتى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش دەپ كېسىپ ئېيتىش ئەخمىقانىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭغا «ئەيسانىڭ ئېشىكى مەككىگە بارسىمۇ ئېشەكلىكىچە يانىدۇ» دېگەن ھېكمەت ناھايىتى ئوبدان جاۋاب.

سوئال: سىزنىڭ «زېمىن، قارا، ئادەملىرىڭگە» ناملىق پوۋېستىڭىز كىتابخانلار ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. بەزىلەر بۇ ئەسەرنى ماختىسا، بەزىلەر ئۇنى ئەيىبلىدى. بۇ مۇنازىرىگە مەنمۇ «ئىنسان خاراكتېرى قېلىپقا چۈشەمدۇ؟» دېگەن ماقالەم بىلەن قاتناشتىم. سىز ئۆزىڭىزنىڭ بۇ ئەسىرىنى قانداق باھالايسىز؟

جاۋاب: «زېمىن، قارا، ئادەملىرىڭگە» ناملىق ئەسىرىمنى ئۆزۈمگە باھالاتسىڭىز، مەن ئۇنى ئۆزىدىن باشقىنى ياخشى دېمەيدىغان ھازىرقى مىليونلىغان قېرىنداشلىرىمغا ئوخشاشلا «ياخشى» دەپ باھالايمەن. ئوخشىمايدىغان يېرىمۇ بار، يەنى ئۇنى چىن مەنىسىدىن «ياخشى» دەيدىغان باشقا كىشىلەرمۇ بار، ئەسىرىمنى ئۆز نۆۋىتىدە مەنمۇ شۇنداق دەيمەن. مۇنازىرىچىلەرنىڭ بەزىلىرى بىلەن مەنمۇ ناتونۇش ئەمەس. بەزىلەرنىڭ پىكرى ئادەمنى ئويغا سېلىش قىممىتىگە ئىگە، لېكىن بەزىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيۋاتقانلىقى، ئۆزلىرى ئېشەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرسىمۇ، بۇلۇتقا مىندىم دەپ داۋراڭ سېلىپ، ھاماقەتلىك قىلىۋاتقانلىقى ئادەمنى قاتتىق ئېچىندۇرىدۇ.

سوئال: سىز «زېمىن، قارا، ئادەملىرىڭگە» ناملىق پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن جامالنى قانداق ئوبراز دەپ قارايسىز؟

جاۋاب: مەن ئۇنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان كۆرمىگلىغان جامالالارنىڭ بىرى دەپ قارايمەن.

سوئال: سىزنىڭچە، ئىنساننىڭ خاراكتېرى قېلىپقا چۈشەمدۇ؟ پېرسوناژلار خاراكتېرىنى مۇئەييەن قېلىپقا چۈشۈرۈش شەرتمۇ؟

جاۋاب: قېلىپ دېگەن ئاتالغۇ ئۈستىدە ئويلاپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. مۇشۇ ئاتالغۇنى خاراكتېر بىلەن باغلاشنىڭ ئۆزى «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاش» قا ئۇرۇنغانلىق.

سوئال: سىز «زېمىن، قارا، ئادەملىرىڭگە» ناملىق پوۋېستىڭىزدىكى پاتىمە، خۇماخان قاتارلىق پېرسوناژلارنى نېمىشقا ياراتقان؟ سىز ئۇلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق قانداق بەدىئىي غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى ئىدىڭىز؟

جاۋاب: ھەر ئادەم ئۆزىنى ئۆزى يارىتىدۇ. پاتىمە، خۇماخانلارمۇ شۇنداق. مەن ئۇلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى چۈشەنمەك بولدۇم.

سوئال: سىز تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: ھازىر چىنلىق ھەققىدە گەپ تولا. «راست گەپ تاپالمىغاندا يالغان گەپ بىلەن باپلاش» مۇ مەۋجۇت. بۇ، بىزگە چىنلىقنىڭ كەينىدە پەردازلىق بىر كۆلەڭگىنىڭمۇ ئەگىشىپ يۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەسلىدە چىنلىق پەقەت بىرلا بولسىمۇ، ئۇنى ئۆز ئېھتىياجىغا بويسۇندۇرۇش مەقسىتىدە ئادەملەر يەنە بىرنى ياساپ چىققان. مەن چىنلىقنى شېرىكسىز دەپ قارايمەن.

سوئال: سىز تۇرمۇشتىكى تىرىك ئادەم بىلەن بەدىئىي ئەسەردە يارىتىلغان پېرسوناژنىڭ

مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟ سىز ئۆز ئەسەرلىرىڭىزدە بۇ مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلدىڭىز؟

جاۋاب: تۇرمۇشتىكى ئادەم بىلەن ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئادەم مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىن ياكى يىراقلىقى ئۇلارنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىدە دەپ قارايمەن. ئەسەردىكى ئادەم تۇرمۇشتىكى ئادەمدىن ياتلاشقانسېرى ياسما، ئەھمىيەتسىز نەرسىگە ياكى جەسەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەلۋەتتە، بىزگە قەدىرلىكى تىرىك ئادەم. مەن ئەسەرلىرىمدە تىرىك ئادەملەرگە ئۈمىد ھەم مۇھەببەت باغلىدىم.

سوئال: سىز خاراكتېر يارىتىشنىڭ قانداق تەجرىبىلىرىنى توپلىدىڭىز؟

جاۋاب: مەن ئۆز خاراكتېرىم ھەققىدە زىددىيەتلىك بولغىنىم ئۈچۈن، خاراكتېر يارىتىش دېگەن سۆزنىمۇ ئويلىنىپ تىلغا ئېلىش كېرەك، دەپ قارايمەن.

سوئال: سىز ئىجادىيەت جەريانىدا خام ماتېرىياللارنى قانداق تاۋلايسىز؟ پروتوتىپلاردىن قانداق پايدىلىنىسىز؟

جاۋاب: خام ماتېرىيال دەپ قارىغانلىرىمنى ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر، يەتمەكچى بولغان غايەمنىڭ قۇربانلىقلىرى سۈپىتىدە خاتىرجەم ئۇيان - بۇيان قىلىپ كېتىۋېرىمەن، پروتوتىپلارمۇ ھەم شۇنداق، لېكىن ياسالما نەرسىلەرنىڭ سوقۇنۇپ كىرىۋېلىشىدىن قاتتىق ھەزەر قىلىمەن.

سوئال: ئىجادىيىتىڭىزگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن يازغۇچىلار كىملەر؟ سىز قايسى يازغۇچىلارنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشتىڭىز؟

جاۋاب: چېخوپ، بالزاك، موپاسسان، شولوخوپ، ياشار كامال، زوردۇن سابىر، مۇھەممەتئىمىن ھوشۇر قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىمدە كۈچلۈك تەسىرى بار. تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم، ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن، زوردۇن سابىر، مۇھەممەتجان راشىددىن، ئابلىمىت ھاجى، تۇرسۇنجان لېتىپ، ئەخمەت ئىمىن، سېيىت زۇنۇن، قۇربان بارات، مۇھەممەتئىمىن ھوشۇر قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ يار - يۆلەك بولۇشىغا، قوللىشىغا ئېرىشتىم. ئۇلارغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

سوئال: سىزنىڭچە، ياش يازغۇچىلىرىمىز پېشقەدەملىرىمىزنىڭ قايسى ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك؟

جاۋاب: مېنىڭچە، ياش يازغۇچىلار پېشقەدەملەرنىڭ ئەدەبىيات ئۈچۈن ئۆمرىنى، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىش، ۋىجدان، ھەققانىيەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك.

سوئال: سىز ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: ئېسىل ئەنئەنىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش دېگەننىڭ ئۆزى يېڭىلىق يارىتىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ھەر قانداق يېڭىلىقمۇ ئەنئەنە بولۇپ كەلگەن ئانا تۇپراقتا يىلتىز تارتماي، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلالمايدۇ.

سوئال: ھازىر كىشىلەرنىڭ رېئالىزمغا تۇتقان پوزىتسىيىسى بىردەك ئەمەس. بەزىلەر رېئالىزمنىڭ بۇرۇنقى پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلىسە، بەزىلەر ئۇنى بېيىتىشنى، راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. سىز بۇ مەسىلىگە قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: مېنىڭ ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغىنىم ھەم ئازراق بىلىدىغىنىممۇ رېئالىزم دەپ قارايمەن. پرىنسىپ دېگەنلەرگە كەلسەك، ئۇ، رېئالىزمنى ھاياتىي كۈچكە داۋاملىق ئىگە قىلىش قۇدرىتىگە ئىگە بولسا، ئۇنىڭدا ئەلۋەتتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئەگەر ئۇ رېئالىزمنى چۈشەپ قويغۇچى بولسا، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش كېرەك. رېئالىزم چوقۇم راۋاج تېپىشى، يېڭى - يېڭى ئىلغارلىقلار بىلەن ئۆزىنى نۇرلاندۇرۇشى كېرەك. بىر خىل قاتماللىق ئىچىدە ئۇنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. توختاپ قېلىشنىڭ ئۆزى چېكىنىش ياكى ھالاكەتتىن بېشارەت بېرىدۇ.

سوئال: سىز ئۆز ئىجادىيىتىڭىزگە مودېرنىزملىق ئەدەبىياتنىڭ بەزىبىر ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى تەدبىقلاپ كۆردىڭىزمۇ؟

جاۋاب: راستىنى ئېيتسام، مەن مودېرنىزملىق ئەدەبىيات ھەققىدە تولۇق ساۋاتقا ئىگە ئەمەسمەن. بۇ جەھەتتىكى تولۇقسىز مەلۇماتلار ۋە ھېس قىلغانلىرىم يازغانلىرىمنىڭ ئارىسىغا ئانچە - مۇنچە سىڭىپ كەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايمەن.

سوئال: سىز ئۇسلۇب مەسىلىسىگە قانداق قارايسىز؟ قانداق ئۇسلۇبنى ياقتۇرىسىز؟

جاۋاب: ئۇسلۇب كۆپ. ئۇسلۇبنىڭ كۆپ بولغىنى ياخشى. ئەسەرنى ھەقدادىغا يەتكۈزەلەيدىغان ئۇسلۇبنى تاللاشنىڭ ئۆزى مۇۋەپپەقىيەت. مەن ئىجادىيەت جەريانىدا پىكرىم قايسى ئۇسلۇب بىلەن روناق تاپسا، شۇ ئۇسلۇبنى تاللىۋالدىم. ئۆزۈمنى نوقۇل بىر ئۇسلۇبنىڭ قۇلى دەپ قارىمايمەن.

سوئال: سىزنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ناملىق پوۋېستىڭىز ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان ئىنكاسلار مەۋجۇت. مەن ئىقتىدارلىق ياش قىرغىز ئوبزورچى مامبەت تۇردۇنىڭ «روزا بۇزۇلمايدۇ» ناملىق نادىر ئوبزورى ئارقىلىق بۇ پوۋېستنى قىزغىنلىق بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنى قوللايمەن. بەزى كىشىلەر بۇ پوۋېستتا يېزا

ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بىلەن بۈگۈنكى يېزا - كەنتلىرىمىز بەكمۇ خۇنۇكلىشىپ كېتىپتۇ، دەپ ئاغرىنىدى. سىزنىڭچە، بۇ خىل قاراشنى توغرا دېگىلى بولامدۇ؟

جاۋاب: مەن «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» توغرىسىدا ھەر خىل ئىنكاسلارنىڭ بولۇشىنى تەبىئىي، نورمال ھادىسە دەپ قارايمەن. مابەت ئەپەندىنىڭ ھاياجانلىق سۆزلىرى مېنى خىجىل قىلماي قويمىدى، ھەتتا بەزى كىشىلەرنىڭ ئاشۇ ئوبزور سەۋەبلىك ئېيتقان نەشتەرلىك سۆزلىرىگىمۇ دۇچ كەلدىم ۋە ئامالسىزلىقتىن كۈلۈمسىرەپ قويدۇم، خالاس. مابەت ئەپەندىنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا سەمىمىيەت بىلەن كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن.

بەزى كىشىلەرنىڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە يېزا - كەنتلىرىمىزنىڭ ئاتالمىش خۇنۇكلەشتۈرۈۋېتىلگەنلىكى ھەققىدىكى ئاغرىنىشلىرى ئالاھىدە دىققىتىمنى تارتتى. مېنىڭ ئۇلارغا ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىپ قويغۇم كېلىدۇكى، بىزنىڭ چوڭ خاتاغا يول قويۇۋاتقىنىمىز دەل ئۆز ئەھۋالىمىزنى ئۆزىمىز ئېتىراپ قىلماي، ئۆزىمىزنى ئالداپ كەلگەنلىكىمىزدە. بۇ يەردە خۇنۇكلەشتۈرۈش ياكى كۆككە كۆتۈرۈش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. قېنى، مەن ئۆزۈمدىن ھەم ئاشۇ كىشىلەردىن سوراپ باقاي: 100 مېتىر يىراقتىن پۇراپ تۇرىدىغان سېسىق سۇنى سىز ئىچەلەمسىز؟ ئاشۇ خەق ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن يەردە تۇرۇشقا سىز قانچە كۈن بەرداشلىق بېرەلەرسىز؟ سىز ئۇلار بىلەن بىرداستىخاندا ئولتۇرۇپ، ئۇلار ئەتكەن تاماقنى قورقماي يېيەلەمسىز؟ مەن ئاشۇ يەرلەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولدۇم. شۇڭا، مەن ئۆزىنى ئالداپ يۈرگەن كىشىلەرگە شۇنداق جاۋاب بېرىشكە ھەقلىقمەنكى، ئۇلارنىڭ كاللىسى بۇككىدە ئېچىلغان گۈللەر، باغلار، سۈزۈك سۇلار بىلەن تولغان ئاتالمىش غايىۋى جەننەت - يېزىنىڭ ياسالما سۈرەتلىرى بىلەن تولغان. ئۇلارنىڭ كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ كۆرمەيدۇ، قەلبى بار تۇرۇپ تونۇمايدۇ، قۇلىقى بار تۇرۇپ ئاڭلىمايدۇ.

سوئال: سىز «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» نى يېزىش جەريانىدا پروتوتىپلاردىن پايدىلاندىڭىزمۇ؟

جاۋاب: «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» نىڭ پروتوتىپلىرىنى مەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە كۆرگەنمەن. ئۇلار ھېلىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتىدۇ.

سوئال: سىز بۇ ئەسىرىڭىز ئارقىلىق قانداق ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈردىڭىز؟

جاۋاب: مەن بۇ ئەسىرىم ئارقىلىق ئىنسانلار بىر - بىرىمىزگە كۆيۈنەيلى، بىر - بىرىمىزگە ياخشىلىق قىلايلى، بىزنى بېقىۋاتقان دېھقانلارغا، تەبىئەتكە، يەرگە، سۇغا، ئورمانغا مەسئۇل بولايلى دېمەكچىمەن.

سوئال: «تارىم» ژۇرنىلىغا سىزنىڭ «تاش مۇنار» ناملىق پوۋېستىڭىز بېسىلدى. بۇ پوۋېستىڭىزنىڭ ئۇسلۇبى بۇرۇنقى پوۋېستلىرىڭىزغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭدا مودېرنىزملىق ئەدەبىياتنىڭ بەزىبىر ئىپادىلەش ئامىللىرى قوللىنىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن سىزنىڭ مۇشۇنداق ئۇسلۇبتا ئەسەر يازغىڭىز كېلىپ قالدى؟ سىز «تاش مۇنار» ئارقىلىق قانداق خاھىشنى ئىلگىرى سۈردىڭىز؟

جاۋاب: ئەقلىمگە كەلسەم، تاش چىقماس تەكلىماكان قۇملۇقىغا سىڭىپ قۇرۇلغان يۇرتۇم يانتاقتا قىزىل سىرلانغان، ناھايىتى ئېگىز، تۆت چاسا كەلگەن بىر تاش مۇنار بار ئىكەن. ئۇنىڭ باش تەرىپىگە يۇقىرى ئاۋازلىق كاناي ئورنىتىلغان، ماۋزېدۇڭنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، تۆت تەرىپىگە ماۋزېدۇڭ سۆزلىرىدىن ئۈزۈندىلەر چىرايلىق پۈتۈلگەنىكەن. كېيىنكى چاغلاردا بۇ ئۈزۈندىلەر ئۆچۈپ كەتسىمۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى يەرلىك قورقۇنچلۇق ھۆكۈمدارلارنىڭ كارى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ياشلار، ھۆكۈمدارلارنىڭ ناھەقچىلىكىگە، ئۇۋالچىلىقىغا چىدىمىغانلار مۇنارغا ئۆزىنىڭ دەرد - ئەھۋالىنى، چاقچاق - لەتىپىلىرىنى يېزىپ قويىدىغان بولدى. ئۇنىڭ يېنىغا كىشىلەر ئولىشىۋېلىپ تاماشا ھەم مۇنازىرە قىلىشاتتى. ماۋزېدۇڭ ئۈزۈندىلىرىدىن بالىلارنىڭ چاقچاقلىرى يېزىلغانغا قەدەر ئۆتكەن 20 نەچچە يىل جەريانىدا بۇ تاش مۇنارنىڭ تۈۋىدە رەخماخۇن ئىسىملىك بىر ئەۋلىيا سۈپەت ئادەم يالىڭاچ يېتىپ يۈردى. بۇ ئادەم ئۇزاق يىللار يالىڭاچ يۈرگەچكە، پۈتكۈل تەبىئەت قارغا كۆمۈلگەن چاغلاردىمۇ توڭلاپ قالمايتتى. قار ئۇنىڭ بەدىنىگە تېگىپلا ئېرىپ كېتەتتى. يانتاق خەلقى بۇ ئادەمنى «ئەۋلىيا» دەپ ھۆرمەت قىلاتتى. ياشلار مۇنار ئەتراپىدا مۇنازىرە قىلسا، ئۇ، مۇنارنى ئىشارەتلەپ بىر نېمىلەرنى دەيتتى، ئەمما ئۇنىڭ گېپىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ماڭا كىچىكىمدىنلا ئەۋلىيا ھۆرمىتىگە ئىگە ئاشۇ ئادەم بىلەن تاش مۇنارنىڭ بىر خىل سېھرىي مۇناسىۋىتى باردەك، مۇنار بىلەن يالىڭاچ ئادەم بىر گەۋدىدەك سېزىلەتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەلۇم يېزا باشلىقى مەست بولۇپ، رەخماخۇننى تىللاپتۇدەك. شۇ كۈنى كېچىسى مۇنارغا: «يېزا باشلىقى xx كوچىدا يۈرىدىغان سارىڭ خوتۇن x x بىلەن مەستچىلىكتە يۇندا ئېرىقىدا تۇتۇلۇپ قالدى» دېگەن خەت يېزىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن يېزا باشلىقىنىڭ زۇلمىدىن جاق تويغان خەلق يېزا

باشلىنىشىغا شۇ سارالڭ خوتۇنغا قاپىيىداش لەقەم قويۇپ، ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قورقمايدىغان بولدى. تېخى يېقىندىلا ئۇ ئەۋلىيا سۈپەت ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇزاق ئۆتمەي تاش مۇنارمۇ يىقىتىۋېتىلدى. ئاشۇ مۇنار يىقىلىش بىلەنلا گۈزەل يانتاق - بوستانلىق بازار چۆلدەرەپ، قاقاسلىشىپ، قۇملىشىپ، شورلىشىپ، كۆكۈلسىز، توپاچىراي بولغاندەك بوپقالدى. . . . خوش، بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەپ كەتتىم. مەن «تاش مۇنار» ناملىق پوۋېستىمدا «بىر ئادەمنى يەنە بىر ئادەم قۇتقۇزالمايدۇ. ھەر ئادەم ئۆزىنى ئۆزىلا قۇتقۇزالايدۇ. ساڭا بەخت يارىتىپ بېرىمەن دەپ ئۆزىگە ئىشەندۇرۇشكە ئۇرۇنغان، ئىلاھ بولۇۋالغانلارنىڭ ھەممىسى دەل ساڭا بەختسىزلىك ئېلىپ كەلگۈچى، سېنىڭ بەختىڭنى تارتىۋالغۇچىدۇر. ئۆزىنى ‹قۇتقۇزغۇچى ئىلاھ› كۆرسىتىپ، سېنى ئۆزىگە چوقۇندۇرغۇچىلار ئەمەلىيەتتە ئۆزى بەختىنى تاپالماي، سېنىڭ بەختىڭگە قارا سانىغان ئالدامچىلاردۇر. ھېچكىم ھېچكىمگە بەخت ئەكېلىپ بەرمەيدۇ. ھەر ئادەم ئۆز بەختىنى ئۆزى تاپىدۇ. . . » دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈردۈم. ئەسەرنىڭ قايسى ئۇسلۇبتا يېزىلغانلىقىنى ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيمەن. ئەمما مەن مەقسىتىمنى قانداق ئىپادىلەشنى، قايسى يولدا مېڭىشنى تاللايمەن. گېپىمنى قايسى شەكىلدە دېيىش ئەپلىك بولسا، شۇ شەكىلنى تاللايمەن.

سوئال: سىزنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1994 - يىللىق 1 - ، 2 - سانى (قوشما سان) غا بېسىلغان «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىڭىز پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى زور زىلزىلىگە سېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ئەسەر توغرىسىدا باشقىچە قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. مېنىڭچە، سىز بۇ ئەسىرىڭىزدە زامانىۋى ئاڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئارزۇيىڭىزنى ۋە ھازىرقى ھالەتتىن ئېچىنىش ھېسسىياتىڭىزنى روشەن ئىپادىلەپ بەردىڭىز. بۇ ئەسىرىڭىز ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى جانلىق، تەسىرلىك ھەم قايىل قىلارلىق يېزىلغان. ئۇنىڭدىكى پاكىتلار، سېلىشتۇرۇشلار ئوقۇرمەنلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ ھەم ئالغا بېسىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. سىز بۇ ئەسىرىڭىزگە قانداق قارايسىز؟ ئۇ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن قانداق كەچۈرمىشلەرگە دۇچ كەلدىڭىز؟

جاۋاب: مەندە ئۇزاق يىللاردىن بېرى دىلىمدىكى مەقسىتىمنى خەلققە قانداق شەكىل ھەم ئۇسۇل بىلەن يەتكۈزەلەرمەن دەيدىغان كۆچلۈك تېپىرلاش بار ئىدى. گېپىم جىق، لېكىن گەپنى نەدىن باشلاش ۋە قانداق دېيىشنى بىلەلمەي ئىچىم سىقىلاتتى، ھەتتا بەزىدە كۆزۈمدىن ياش قۇيۇلۇپ، بوغۇزۇم ئۆيۈپ قالاتتى. بۇ ئەدەبىي خاتىرىنىڭ بۇنداق يېزىلىپ قېلىشىغا ھەم ئېلان قىلىنىشىغا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى قۇربان مامۇت سەۋەبچى بولدى. مەن چەت ئەلگە چىقىدىغان چاغدا قۇربان مامۇت بىر زىيارەت خاتىرىسى يېزىشىمنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلدى، لېكىن مەن ئۇنىڭغا قىزىقمىدىم. «نۇرغۇن يازغۇچى چەت ئەللەرگە چىقىپ، زىيارەت خاتىرىلىرى يېزىپ، دەيدىغاننى دەپ بولدى. مەن يەنە يازسام، سەن بارغان يەرگە مەنمۇ باردىم، دەپ ئۆزۈمنى كۆرسەتكەندەك ئىش بولىدۇ» دەپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم، لېكىن ئۇ: «ياق، سىز چوقۇم ئۆزىڭىزنىڭ تەسىراتىنى يازسىز، ئۇنىڭ پەرقى بولىدۇ. باشقىلار دېمىگەننى دەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن» دەپ تەلىپىدە چىڭ تۇرىۋالدى. مەن ئاخىرى: «سىز ئېيتقاندەك باشقىلار دېمىگەن، خەلقىمىزگە نەپ تېگىدىغان گەپ تاپالىسام يازاي، تاپالمىسام يازماي» دەپ ئۇنىڭغا ۋەدە بەردىم. قۇربان مامۇت: «سىز چوقۇم تاپىسىز» دېدى. مەن چەت ئەل سەپىرىدە پات - پات: «نېمە يازسام بولار؟! ۋەدىنى قانداق ئورۇنلارمەن؟!» دەپ خىيال قىلىپ، جىق ئەنسىرىدىم. گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي، تېڭىرقاپ يۈردۈم. كېيىنكى چاغلاردا تەسىراتلىرىمنى قايتا ئەسلەپ كۈندىلىك خاتىرىلىرىمنى بىر قۇر رەتلىسەم بىر نېمە چىقىدىغانلىقىنى پەملەپ، قولۇمغا قەلەم ئالدىم. «يازاي. قۇربان مامۇت ياراتمىسا، مېڭىلىغان يارامسىز قولىيازمىلىرىم قاتارىدا قالار» دېگەن ئوي بىلەن يېزىۋەردىم. يازغانسېرى تاپالمىغان، دېيەلمىگەن، ئىچىمنى سىقىقان گەپلەرنىڭ بىر قىسمىنى دەۋالغاندەك يېنىكلەپ قالدىم. نەچچە يىللاردىن بۇيان قىيناۋاتقان ۋەسۋەسە بېسىلىشقا باشلىغاندەك، يازمىلىرىم گەپلەشكەندەك تۇيۇلدى. قۇربان مامۇت باش قىسمىنى كۆرۈپلا، ھەم مەجبۇرلاش، ھەم مەدەت، ھەم ئىلھاملاندۇرۇش بىلەن مېنى ئۆيىدە بىر قانچە كۈن قوندۇرۇپ، تالاغىمۇ چىقارماي، ئەسەرنىڭ ئاخىرىنى يازدۇرۇپ، ئاندىن بولدى قىلدى. زىيارەت خاتىرىسىنىڭ تۈنجى قولىيازمىسى قايتا ئوقۇش، تۈزەش دېگەنلەر بولمايلا قۇربان مامۇتتا قالدى. مەن قەشقەرگە قايتتىم. ژۇرنىلىغا جېنىنى پىدا قىلىپ، ئۆزىنى بەخشەندە قىلىۋەتكەن بۇ مۇھەررىر ئەسەرنى بىر يىلغا يېقىن قايتىلاپ كۆرۈپ، تەھرىرلەپ، بېسىشقا كېلىش ئېھتىمالى بولغان ئېغىر قىسمەتلەردىن قورقماي دادىللىق بىلەن ئېلان قىلدى. ئەسەرنىڭ يامان ئەمەس

چىققانلىقىنى مۇھەررىرىمۇ، مەنمۇ قىياس قىلغان بولساقمۇ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بۇنداق كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلىدىغانلىقىنى، تەسىرىنىڭ بۇنچىلىك زور بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىمىگەنىدۇق. بۇ ئەسەرنىڭ يېزىلىشى ھەم ئېلان قىلىنىشىغا مەندىن كۆرە قۇربان مامۇتنىڭ كۆپ ئەجرى سىڭگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. ئۇ زورلىمىسا يېزىلماسلىقى، ئۇ تەۋەككۇل قىلمىسا ئېلان قىلىنماسلىقى تۇرغان گەپ ئىدى. قاپلىق ئۇنىئالغۇ لېنتىسى قىلىپ ئىشلەشتە ئابدۇقەييۇم ئىمىن بىلەن خەمىت خالىق ئىككىنچى قېتىملىق جانلىق ئىجادىيەتكە تەۋەككۇل ھەم ھىممەت قىلمىغان بولسا، بۇ ئەسەرنىڭ تەسىرى بالاغىتى يەنىمۇ كېڭەيمىگەن، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ساۋۇت سالاھىددىن، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئۆمەر ھېمىت، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى تۇرغۇن ئابلىز، مۇئاۋىن مۇدىرى ئەنۋەر ئابدۇللا، «تەقدىرداش» ژۇرنىلىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بەگمەت يۈسۈپ (ھازىر «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى – مۇھەررىردىن) قاتارلىقلار بۇ سەنەمگە دوست تارتىپ كىتابچە قىلىپ نەشر قىلىش ۋە كۆچۈرۈپ بېسىشقا جۈرئەت قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ يىراقلارغا يەتمىگەن بولاتتى. شۇڭا، مەن خەلقىمىز قاتارىدىكى بىر كىشى سۈپىتىدە ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈرمەي تۇرالمايمەن. بۇ ئەسەرنىڭ بىر ھېكمەتلىك يېرى، پوۋېست، ھېكايىلىرىمدا تولا ئىما - ئىشارەت قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ قىسىلچىقىغىمۇ كەلتۈرەلمىگەن بىر قىسىم گەپلىرىمنى ئوچۇق خەلق تىلىدا ئۇدۇل دېگەنلىكىمدە بولدى.

سوئال: 1991 - يىلىدىن كېيىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا سىزنىڭ «قەدىمىي زەرداپ»، «قورساق تويسىلا ھېسابمۇ؟»، «كېچىنىڭ كۆزى»، «لەنجۇ كوچىسىدىكى بىر ئۇيغۇر»، «توغراقلىق رىۋايىتى»، «تىنالماي ياشاۋاتقانلار»، «ئارىمىزدا مويسىپىتلەر ئاز ئىدى»، «سىرتماق»، «قارا باسقان كېچە»، «تورغاي» قاتارلىق ھېكايە، ئەدەبىي ئاخبارات ۋە دراملىرىڭىز كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىندى. سىزنىڭچە، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: سىز يۇقىرىداساناپ ئۆتكەن ھەر بىر ئەسەرگە خەلقىمگە دەيدىغان بىردىن مۇھىم گېپىمنى سىڭدۈرۈلگەن. بۇ ئەسەرلەرنى تۈرلۈك ژانىرلاردا ئۇيدان يېزىپ، مۇشۇ گېپىمنى خەلقىمگە بىلدۈرەي دەپ تىرىشتىم. ئەمما ئۇ ئەسەرلىرىمنى زادى قانچىلىك ئادەم ئوقۇدى، ئوقۇپ قانچىلىك ھەزىم قىلدى؛ بۇنىسى ماڭا نامەلۇم.

سوئال: 1994 - يىلى يازدا سىز «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسىگە يۆتكىلىپ كەلدىڭىز. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 5 - ، 6 - سانى (قوشما سان) غا سىزنىڭ «نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ پالاكەتكە يولۇققۇشى» ناملىق كىنو سىنارىيىڭىزمۇ بېسىلىپتۇ. سىز بۇ سىنارىيىدە قايسى ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرمەكچى؟ بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەر بۇ سىنارىيىدە نەسرىددىن ئەپەندى خۇنۇكلەشتۈرۈۋېتىلگەن دەپ قارىماقتا. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بەرسىڭىز. سىز ھازىر كىنو ستۇدىيىسىدە كەسپىي يازغۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتامسىز؟ بۇنىڭدىن كېيىن كىنو سەنئىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىشنى ئويلىشىۋاتامسىز؟ قانداق سىنارىيىلەرنى يېزىشنى پىلانلاۋاتىسىز؟

جاۋاب: فېلىمدە نەسرىددىن ئەپەندىن ئىبارەت ئوبرازىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ناتونۇش، مەككار، قارانىيەت، ئىچى مىڭ خىل ھىيلە - مىكىرگە تولغان خىزمەتكارنىڭ تاتلىق سۆزلىرىگە ئالدىنىپ مال - دۇنيا، ئۆي - جايىدىن تارتىپ ھەتتا ئۆزىنىمۇ يوقىتىپ قويۇپ ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قېلىشىغىچە بولغان تىراگېدىيىسى يېزىلدى. نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ ئوبرازىنى يالغۇز مەنلا ئەمەس، ھەممىمىز خۇنۇكلەشتۈردۇق. بۇ يەردە مەن پەقەت قەلەمكەش سۈپىتىدە نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ بۈگۈنكى سۈرىتىنى سىزىشقا تىرىشتىم. مەن يازغان نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ لەتىپىلىرىمىزدىكى ئوبرازىدىن چوڭ پەرقى يوق. لەتىپىلىرىمىزدە نەسرىددىن ئەپەندىم بەزىدە دانىشمەنىنىڭ رولىنى ئالسا، بەزىدە ئەڭ كۈلكىلىك كالۋانىڭ رولىنى، بەزىدە دۇنيادا تەڭدىشى يوق چېچەننىڭ رولىنى ئالسا، بەزىدە قورقۇمسىز — باتۇر سەركەردىنىڭ، يەنە بەزىدە توخۇ يۈرەك غالچىنىڭ رولىنىمۇ ئالدى. بۇ ئوبرازنىڭ جەۋھىرى شۇ ۋاقىتتىكى رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ قاتتىق قامچىلاشتىن ئىبارەت. بىز نەسرىددىن ئەپەندىمنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئوبرازىنى تېخىمۇ ئۇبدانراق ئۆگەنسەك ئۇنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. ئۇيغۇر جەمئىيىتى قايسى دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈپ قانداق ياشىغان بولسا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ياشاپ كەلگەن بۇ ئەپەندىم دەل شۇ كۈننى كۆرۈپ كەلگەنلىكى ئاددىي پاكىت. مەن يازغان نەسرىددىن ئەپەندى بىزنىڭ لەتىپىلىرىمىزدىكى تىرىك نەسرىددىن ئەپەندىمنىڭ ئۆزى شۇ. بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكىگە ئاتلانغان ئۇيغۇرلار نېمە ئىش قىلىۋاتقان بولسا نەسرىددىن ئەپەندىممۇ شۇنى قىلىۋاتىدۇ. ئۇ،

ئېكرانلىرىمىزدا ئاندا - ساندا چېلىقىدىغان، ھەييارغىمۇ، ئاقىلغىمۇ، خۇشامەتچىگىمۇ ئوخشىمايدىغان، سۈنئىي، ئۇلۇك، غالچاسياق، ياسىما «نەسىرىدىن ئەپەندى» ئەمەس. ئەمدى قالدى گەپكە كەلسەك، كىنو ستۇدىيىسىگە ئالمىشىپ كەلگەندىن كېيىن سىنارىيە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش مېنىڭ ۋەزىپەمگە ئايلاندى. يىلدا بىر كىنو سىنارىيىسى يېزىپ تاپشۇرۇش - مېنىڭ ۋەزىپەم. ئۇنى ئىشلەش - ئىشلىمەسلىك ئىدارەمنىڭ ئىشى. مەن يازمىسام ئىدارەمنىڭ مېنى سۆيلەش، زورلاش ھوقۇقى بار، ئىدارەم مەن يازغان سىنارىيىنى ئىشلەتمىسە، مېنىڭ ئۇنى سۆيلەش، زورلاش ھوقۇقۇم يوق. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەريىلى بىر سىنارىيە يېزىپ ئىدارىگە تاپشۇرىمەن. لېكىن ئىدارەمنىڭ مەن يازغان سىنارىيەلەرنى ئىشلىتىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسىنى گەۋدە، ناخشا - ئۇسسۇلنى ئۆزىگە مۇقەددەس ۋەزىپە قىلغان ئۇيغۇر كىنوچىلىقى باشلىنىشىدىن ھازىرغىچە ناخشا - ئۇسسۇل كىنوچىلىقى بولۇپ كەلدى. كېيىن كەلگەندە شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، ھازىر ئىشلەۋاتقان كىنولىرىمىزنى ھىندىستان، پاكىستان كىنولىرىنىڭ تەقلىدى نۇسخىسى ۋە بەزىلىرىنى چالا توغۇندىسى دېسەكمۇ ئىنكار قىلالايدۇ؟ نۆۋەتتە نوقۇل ناخشا - ئۇسسۇلغىلا كۆچەپ تۇرمۇشتىن چەتلىنىش خاھىشى يەنىلا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ. چۈنكى شىنجاڭ كىنوچىلىقى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا شۇنداق بىر قېلىپنى شەكىللەندۈرگەن. مېنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلسىز تۇرمۇشىنىمۇ، ئىشىنىڭمۇ بارلىقىنى دېگۈم، يازغۇم كېلىدۇ، لېكىن ئۇنى قوبۇل قىلدۇرۇشقا كۆزۈم يەتمەيدۇ.

سوئال: سىز يەنە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا «دولان مەشرىپىدىكى دراماتىك خۇسۇسىيەتلەر»، «ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنىمۇ ئېلان قىلدىڭىز. سىز بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق ئىلمىي ماقالىلەرنى يازماقچى بولۇۋاتىسىز؟ سىز «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» گە بېسىلغان «ئۇ كەلمەسكە كەتتى» ناملىق ماقالىڭىز توغرىسىدا قانداق ئىنكاسلارنى ئاڭلىدىڭىز؟ سىز بۇ ئىنكاسلارغا قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: مەن بىر قىسىم قىسقا ماقالىلەرنى ئېلان قىلدىم. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئېلان قىلىشىم مۇمكىن. مەقسىتىمنى ئىپادىلەشكە قايسى شەكىل ئەپلىك بولسا، شۇ شەكىلدە يازىمەن. «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» گە بېسىلغان «ئۇ كەلمەسكە كەتتى» ناملىق ماقالەم ھەققىدە ھاياجانلىق مەدھىيە نامىنىمۇ، ھاقارەت بىلەن تولغان لەنەتنامىنىمۇ ئاڭلىدىم. بۇ يەردە ئاجرىتىۋېلىشقا تېگىشلىك نازۇك بىر مەسىلە، ئادەملىك پەزىلەت بىلەن ئىلمىي ئەمگەك، ئادەملىك سۈپەت بىلەن ئىلمىي سۈپەت، قۇرۇق گەپ قىلىدىغان، ئەمگەكسىز مېۋىسىز، تۆھپىسىز، ئەمما ئەل قاتارى ياشاۋاتقان كۆپ سانلىق ئادەم بىلەن، ئادەمگە خاس ئىللەتلەردىن خالىي بولالمىغان، لېكىن ئىشچان، ھوسۇللۇق، مېۋىسى كۆپ ئاز سانلىق ئادەمدىن ئىبارەت. مەن ئىشتىن قالغان مىڭلىغان رايىش كىشىلەردىن كۆرە ئىشلەپ مېۋە بېرىۋاتقان، كېرەكلىك، ئادەمگە خاس سەھۋە - خاتالىقلاردىن خالىي بولالمىغان كىشىلەرنى قەدىرلەيمەن. ئۇلارنىڭ كەمچىلىكى ئۆزىگە ھېساب، لېكىن ئەمگەك مېۋىسى خەلقنىڭ بايلىقى. «ئەقىلسىز دوستتىن ئەقىللىق (دۈشمەن، ئەلا» دۇر. دېگەنلىرىمنى يوققا چىقىرىپ، ئەرزىمەس قىلىۋەتكەنلەرنىڭ كۆپ ئۆتمەستىنلا مېنىڭ تەلەپپۇزۇمدا چىڭقىلىپ سۆزلەۋاتقانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن. بىز بىر - بىرىمىزنى يوققا چىقىرىشنىڭ ئورنىغا بىر - بىرىمىزنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاشۇ ئۇلۇغ ناخشىنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر بىرلىكتە توۋلىساق، ئۆزىمىزنى كۆرسىتىش نىيىتىدە ئەمەس، ئۆزىمىزگە مەسئۇل بولۇش غايىسىدە توۋلىساق، ئەجرىمىز ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدۇ.

سوئال: سىز ئەسەرلىرىڭىزنىڭ تىلىغا قانداق ئىشلەيسىز؟

جاۋاب: يازغانلىرىمنىڭ بىر جۈملىسىنىڭمۇ خەلق تىلىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا، يازغانلىرىمغا بىرەرمۇ قاتمال، پەردازلانغان، سۈنئىي تىلنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىغا يول قويمايمەن. ئەسىرىمدە ئاشۇنداق سۆزدىن بىرەرنى ئۇچرىتىپ قالسام، قاتتىق ئازابلىنىمەن.

سوئال: سىزنىڭ ئاساسلىق ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىڭىز قايسىلار؟

جاۋاب: دېيىشكە بولسا، مەن ئەسەرلىرىمدە بىز ياشاۋاتقان رېئاللىقنى ئىقرار قىلدىم.

سوئال: سىز ئۆزىڭىزنىڭ قايسى ئەسەرلىرىنى بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان دەپ قارايسىز؟

جاۋاب: «زېمىن، قارا، ئادەملىرىڭگە»، «قورتلاپ كەتكەن كۆل»، «يۇلتۇزسىز كېچە» قاتارلىقلارنى تولۇق بولمىسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان دەپ قارايمەن.

سوئال: سىز ئۆزىڭىز ياراتقان قايسى ئوبرازلارنى ياخشى كۆرىسىز؟

جاۋاب: مەن تۇردى رەزگىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى ئۇ ھاياتلىققا مۇھەببەت قويالىغان بىردىنبىر ئادەم.

سوئال: بەزىلەر مەندە رومان يازغۇدەك ۋەقەلىك بار، لېكىن ۋاقىت چىقىرالمايۋاتىمەن، دەيدۇ. بۇ گەپنىڭ ئاساسى بارمۇ - يوق؟ سىزنىڭچە، پروزا ئىجادىيىتىدە ۋەقەلىك زادى قانداق ئورۇن تۇتىدۇ؟

جاۋاب: مۇشۇ گەپنى ئېيتىشنىڭ ئۆزى بىر قالتىس ۋەقە. ۋاقىت چىقىرالمايمەن دېيىشنىڭ ئۆزى بىر پاجىئەلىك ۋەقە. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاقىتنى قىسلىقىغا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيمەن. مېنىڭچە، دۇنيادا ۋاقىتنى ئەڭ ئىسراپ قىلىدىغان، بىكار تەلەپ، بىرەر مەجبۇرىيەت ئىشقا سالمىسا، نىمە قىلىشنى بىلمەي، تاماق يەپ، كۈن كەچ قىلىشنىلا بىلىدىغان كىشىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ. بىكارچىلار توپلانغان سورۇنلارغا بارسىڭىز، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى كۆرىسىز. رومان يازغۇدەك ۋەقەگە ئىگە ئادەملەر يازسۇن، ئەمما ئاشۇنداق ۋەقەلەرنىڭ رومان بولۇشىغا مەن ئىشەنمەيمەن. بۇنداق كىشىلەر ۋەقەنى يازسىلا ھېكايە، پوۋېست، رومان بولۇۋېرىدۇ، دەپ قارايدىغان ئوخشايدۇ. بۇ بىر خىل نادانلىق. ئۇلار بىرنانىڭ قانچە خىل مۇھىت، شەرت ھەم ۋاقىتتا تەييار بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقسۇن. مېنىڭچە، ۋەقەلىك ئەسەرنىڭ ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان، كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمى.

سوئال: سىزنىڭچە، يازغۇچى قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك؟

جاۋاب: مېنىڭچە، يازغۇچى تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك: بىرىنچىدىن، يۈكسەك غايىگە ئىگە بولۇشى؛ ئىككىنچىدىن، مۇھەببەت - نەپرىتى ئېنىق بولۇشى؛ ئۈچىنچىدىن، قەلەمگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان بولۇشى؛ تۆتىنچىدىن، ئەستايىدىل، تىرىشىپ ئۆگىنىش روھى بولۇشى؛ بەشىنچىدىن، چىداملىق، سالماقلىق ھەم ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان بولۇشى؛ ئالتىنچىدىن، كىتاب ئوقۇشنى بىر كۈنمۇ تاشلاپ قويماسلىقى؛ يەتتىنچىدىن، «بىر كۈن يازمىسام، بىر قەۋەت دات باسىدۇ» روھى بولۇشى لازىم.

سوئال: سىز ھازىر قايسى ئەسەرلىرىڭىز ئۈستىدە ئىشلەۋاتىسىز؟

جاۋاب: مەن ھازىر بىر رومان ئۈستىدە ئىشلەۋاتىمەن، باشقا ھېكايىلەرمۇ بار، ئەلۋەتتە.

سوئال: ھازىرغىچە قايسى ئەسەرلىرىڭىز مۇكاپاتقا ئېرىشتى؟

جاۋاب: «ئاھ، رەھىمسىز دەريا» ناملىق بىر ئەسىرىم مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

سوئال: سىز پروزىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن رازىمۇ؟ سىزنىڭچە، پروزىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ھەم نۇقسانلىرى قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

جاۋاب: مەن پروزىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن ھەم رازى، ھەم رازى ئەمەس. رازى بولىدىغىنىم، بىر تۈركۈم ئاپتورلىرىمىز بۇ ساھەدە يۈكسەك مەسئۇلىيەت ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئىزدىنىۋاتىدۇ. رازى بولمايدىغىنىم، ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ ئومۇمىي ئېكولوگىيىسى ئۈمىدلىك ئەمەس. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى پروزىدا.

سوئال: ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنى دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن يازغۇچىلىرىمىز قايسى جەھەتلەردە ئىزدىنىشى ھەم تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك؟

جاۋاب: ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش دېگەن گەپنى ھازىرچە تىلغا ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقى ھازىر ئېسىنى بىلىش دەرىجىسىگە يەتمىدى. ئۇ ئاۋۋال ئەقلىگە كېلىپ، ئۆز ئۆزىنى تونۇشى كېرەك. يازغۇچىلىرىمىزنىڭ مادارى، ساپاسى، بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلىشى ئالدىنقى شەرت. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇنلىغان مۇھىم ھالقىلارنى يازغۇچىلاردىن ئىزدەش ھاماقەتلىك بولىدۇ.

سوئال: سىز ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى قانداق باھالايسىز؟ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدىن نېمىلەرنى ئۈمىد قىلىسىز؟

جاۋاب: ھازىرقى ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ھەپتىدە بىر ئەزانغا چىقالايدىغان كېسەلمەن مەزىناخۇنۇمغا، ھەدېسە چاچلىشىدىغان ھازازۇل خوتۇنلارغا ئوخشىشىپ قالىدۇ. ئەدەبىي ئوبزور ئۈچۈن كەڭرەك سەھنىمۇ يوق، بولسىمۇ ئېكولوگىيىسى تۇراقلىق ئەمەس. ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىمىزدىن كۈتىدىغان بىردىنبىر ئۈمىد ئادىللىق بىلەن ئىلمىيلىك.

سوئال: سىزنىڭچە، ماھارەت يېتىلدۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى قايسى؟

جاۋاب: مېنىڭچە، ماھارەت يېتىلدۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى كۆپ كۆرۈش، كۆپ يېزىش، كۆپ تەتقىق قىلىش، كۆپ ئۆگىنىش، چىداملىق بولۇش. ھۆرمەتلىك ئەنۋەر ئاكا، جاۋابلىرىم كۈتكىنىڭىزدەك چىقمىغان بولۇشى مۇمكىن، كەچۈرگەيسىز. (M2)

---

ماۋزۇ سۈرىتىدە: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، تالانتلىق باش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر سىياسىي كېڭەش يىغىنى مەزگىلىدە «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئۆمەر ھېيىت بىلەن سۆھبەتتە



# شېئىر هاياتىي كۆچكە موھتاج

يۈسۈپجان كەنجى مۇكەررەم

شەيئىلەر ھەققىدىكى بىلىشنىڭ قېلىپى يوق. مەلۇم بىر شەيئى ھەققىدە ھەركىمنىڭ قارىشى ھەر خىل بولۇشى نورمال ئەھۋال. شۇنداقتىمۇ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە يەكۈن چىقارغۇچى ئۆزىنىڭ نىمىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى، ئۇ توغرىلىق نىمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ، دېمەكچى بولغانلىرىنى بەدىئىي گۈزەللىك ئارقىلىق جۇلالاندۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇشنى بىلىشى كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلان قىلىنىۋاتقان بەزى شېئىرلارغا قىزىقىش بىلەن قارايدىغان بولساق دەماللىققا چىرايلىق بىر بالىغا ئوخشايدۇ، زوقىمىزنى كەلتۈرگەن بۇ «بالا» غا يېقىن كەلسەك ئۇنىڭ تىلى ئاجىز بولۇپ چىقىدۇ. بۇ «بالا» نىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىدىغان ئانىسى «گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلىدۇ» دېگەندەك ئۇنىڭ نىمە دېمەكچى بولغانلىقى توغرىسىدا ئۆزىچە بىر نىمىلەرنى دەپ تەبىر بەرسە، ئۇنىڭغا نىمە دېگۈلۈك؟

شېئىر ـ يىراقتىن يالقۇندەك كۆرۈنۈپ يېقىنلاشقانسېرى غايىب بولىدىغان ئالۋۇن ئەمەس، بەلكى تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى بىلەن رېئاللىقتىن تەۋەللۇت بولغان قايناق ھېسسىيات يالقۇنىنىڭ «مەن» نىڭ ۋۇجۇدىدا چاقنىغان يارقىن شولىسى.

شېئىر - جان تالىشىش ئالدىدىكى بىلگىلى بولمايدىغان پىچىرلاش ئەمەس، بەلكى جۇشقۇن قەلبىنىڭ ساداسى، كۈچلۈك ھاياجان تەسىرىدە لەرزىگە كەلگەن ۋۇجۇدنىڭ نىداسى. نىدا گەرچە ئازابلىق بولسىمۇ، مەقسەتكە يېتىش جەريانىدىكى تەلپۈنۈش ۋە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت.

شېئىر ئۆزىنىڭ نىمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەي دورامچىلىق قىلىۋاتقان بىچارە بىر بەندىنىڭ دۇدۇقلىشى ئەمەس، بەلكى ئىنسانغا ئورتاق نېسىپ بولۇۋەرمەيدىغان، شائىرنىڭلا روھىي ئالىمىدە چېقىلىدىغان ئاجايىپ كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە چاقماق.

دېمەكچى بولغىنىنى باشقىلارغا ئۇقتۇرالماسلىق ياكى تۇرلۇك باھانە - سەۋەب بىلەن بۇ مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ھېچنىمە يازمىغانغا، ياكى گاچا بولۇپ يارىلىپ قالغانغا باراۋەر ئەمەسمۇ؟ (M1)





# لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى

**ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا**

لوپنۇر ناھىيىسى - غەرب تەرەپتە كۇچا، بۈگۈر، شايار بىلەن، شىمال تەرەپتە كورلا، ئۈششاقتال، توقسۇن، تۇرپان، پىچان بىلەن، شەرقىي تەرەپتە چەرچەن، چارقىلىق، غەربىي جەنۇبىي تەرەپتە تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىدۇ. يەر مەيدانى 59 مىڭ 767 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ناھىيە نوپۇسىنىڭ %73 نى ئۇيغۇرلار ئىگىلەيدۇ.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۇلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى، تىلى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە قەدىمكى ئېلېمېنتلارنىڭ بىر قەدەر تولۇق ساقلىنىپ كەلگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ھازىرقى لوپنۇر ناھىيىسى دائىرىسىدە بۇرۇنقى زامانلاردا 18 چوڭ دەريا ۋە ئۇنىڭ ھېسابسىز تارماق ئېقىنلىرى بىلەن 180 دىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك كۆل بولغانلىقىنى؛ ئەجدادلىرىنىڭ كىرورەن، مىرەن، ئابدال، قاراقوش (قاراقوشۇن) قاتارلىق قەدىمكى ئاۋات شەھەرلەرگە ۋابا تارقىلىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن تارىمنىڭ يۇقىرى ئېقىمىنى بويلاپ كۆچۈپ، مۇشۇ دەريا - كۆللەر ئوتتۇرىلىرىدىكى دۆڭلۈكلەر، ئاراللار ۋە ئىپتىدائىي ئورمانلىقلار ئىچىگە ماكانلىشىپ، بېلىق تۇتۇپ، ئوۋ ئوۋلاپ يەپ، تەدرىجىي چارۋا قىلىپ ياشاپ كەلگەنلىكلىرىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بىز، لوپنۇرنىڭ غەربىدىن تا شەرقىي جەنۇبىغا قەدەر نەچچە يۈز كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان لىنىيىدىكى دۆڭقوتان، مىرسالى، قارچۇغا، چوڭكۆل، تېيىزكۆل، چارا، ئۇلۇغكۆل، كۆزلەك، تىكەنلىك، ئويمانكۆل، كۆكئالا، يېڭىسۇ، قارادايى قاتارلىق ئاھالە جايلاشقانلىكى مەھەللە - كەنتلەرنىڭ دەريا - كۆل بويلىرى، دۆڭ قاپتاللىرى ۋە ئورمانلىقلار ئىچىگە جايلاشقانلىقى ۋە ئۇ مەھەللە - كەنتلەرنىڭ ئىسمىدىن سۇ، كۆكلەم، يايلاق قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملارنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىدىن ئىبارەت جۇغراپىيىۋى پاكىتلارغا ئاساسلانساق، ئۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلۇقى مەلۇم بولىدۇ. بۇنداق جۇغراپىيىۋى مۇھىت ئۇلارنىڭ ئۇزۇن دەۋرلەرگىچە سىرت بىلەن ئالاقىسى يوق ھالەتتە ياشىشىغا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىدە ھەر جەھەتتە باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىياتى سەۋىيىسىدىن ئارقىدا قېلىشىغا سەۋەب بولغان. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا بىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ماقالىدە ئەنە ئەشۇ ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمى سۆزلىنىدۇ، 1985 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش جەريانىدا توپلانغان لوپنۇر

**ئۆرپ - ئادەتلەر**

ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنوگراپىيە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## ئىگىلىك ئادەتلىرى

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغا قەدەر يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن، 30 - يىللاردىن بۇرۇن بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق، قوشۇمچە چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. لوپنۇرنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى جۇغراپىيىۋى مۇھىتى، يەنى بېلىقى مول دەريا - كۆللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ساھىللىرىدىكى ئوتى مول يايلاقلىرى، ھەر خىل ياۋايى ھايۋان ۋە ئۇچار - قاناتلار بىلەن تولغان تەبىئىي ئورمانلىقلىرى ئۇلارنىڭ كۆچۈپ كەلگەن ئەجدادلىرىنى تۈگىمەس - پۈتمەس تىرىكچىلىك مەنبەسىگە ئىگە قىلغان. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئەۋزەل جۇغراپىيىۋى شارائىتتىن پايدىلىنىپ دەسلەپ ئۇزۇن بىر مۇددەت بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن، كېيىنچە چارۋىچىلىق ۋە تەدرىجىي دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. شۇڭا ئۇلاردا بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق ناھايىتى تەرەققىي قىلغان.

**بېلىقچىلىق:** لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى بېلىقچىلىق بويىچە يۇقىرى ماھارەت ۋە مول تەجرىبىلەرگە ئىگە. ئۇلار بېلىقنىڭ ياشاش، ھەرىكەتلىنىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، بېلىق تۇتۇش ۋاقتىنى ئىككى پەسىلگە ئايرىيدۇ. بىرى، «سۈسۈك پەسىل» . بۇ، ئەتىياز ۋە ياز پەسلىنىڭ باشلىرى، يەنى دەريا - كۆللەرگە يېڭى سۇ كەلگەن چاغلار بولۇپ، بېلىقلار سۇنىڭ ئۈستۈنكى قاتلىمىدا توپ - توپ بولۇپ ھەر تەرەپكە ياكى سۇ ئېقىمىنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ ھەرىكەتلىنىدۇ. بۇ، بېلىق تۇتۇشنىڭ ئەڭ قولايلىق ۋاقتى بولۇپ، ئىقتىدارى بارلا ئادەم ھەممىسى چىقىپ خالىغانچە بېلىق تۇتىدۇ. يەنە بىرى، «ئۇزۇك پەسىل» . بۇ پەسىلدە بېلىقلار سۇنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاستىنقى قاتلىمىدا ناھايىتى شالاڭ ھەرىكەتلىنىدۇ. بۇ پەسىلدە بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن دەريا - كۆللەرنى ئارىلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ پەسىلدە بېلىق تۇتۇش تەس بولغاچقا، دەريا - كۆللەردىن باشقا دەريا تۇغاملىرى، تۇغام چۇشۇرگىلىرىدىن ۋە قىش كۆنلىرى سولاق ئېچىپ مۇز ئاستىدىنمۇ تۇتىدۇ. لوپنۇرلۇقلار بېلىق بايلىقىنى ئاسراشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەر زامان ئۇششاق بېلىقلارنى تۇتمايدۇ، دەريا - كۆللەرگە بېلىق دورىسى تاشلىمايدۇ. ئۆزى ئۆلۈپ قالغان بېلىقلارنى ھەرگىز يېمەيدۇ. ئۇلار بېلىقنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش تەرەققىياتىغا ئاساسەن بېلىقنى بېلىجان، تىرنا، بېلىق، پاتماچۇق، لوخو دەپ بەش خىل ئاتايدۇ. ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىردىن، ئېغىرلىقى 15 كىلودىن ئارتۇق كېلىدىغان بېلىقلار «پاتماچۇق» ، ئۇزۇنلۇقى بەش - ئالتە مېتىردىن، ئېغىرلىقى 25 كىلودىن ئارتۇق كېلىدىغان بېلىقلار «لوخو» دەپ ئاتىلىدۇ. لوپنۇرلۇقلاردا تا يېقىنقى دەۋرلەرگىچە بېلىقنى تاۋار ئورنىدا سېتىش ئادىتى يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە بېلىقچىلىق ئۇلارنىڭ مۇھىم قوشۇمچە كىرىم مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالدى.

**بېلىقچىلىق سايمانلىرى:** لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى بېلىق تۇتۇشتا ئاساسەن گۆلمە (تور) ، كېمە، مانجا، ساچقاق، چاڭگاق، ئىلغۇ، مانتۇ قاتارلىق سايمانلاردىن پايدىلىنىدۇ.

**گۆلمە:** بۇ، تورقۇ يىپىدا توقۇلىدۇ ( «تورقۇ» ھازىر ياۋا كەندىر ياكى «لوپنۇر كەندىرى » دەپ ئاتىلىۋاتماقتا. ئۇ ئەمەلىيەتتە چىگىننىڭ بىر خىلى بولغاچقا، لوپنۇرلۇقلار «تورقۇ چىگە» دەپ ئاتايدۇ) . تورقۇ يىپى ئەۋرىشىمسىمان يۇمشاق، پۇختا، سۇدا ئاسان چىرىمايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

**كېمە:** كېمە توغرا ياغىچىدىن ئويۇپ ياسىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى تۆت - بەش مېتىر، كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى ئادەمنىڭ ساغرىسى سىغىپ ھەرىكەتلەنگۈدەك ئۆلچەمدە كېلىدۇ.

**مانجا:** بۇ، ئىپتىدائىي بىر خىل سايمان بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە قىرچىن قىپچىلىرىدىن سوكەن ياكى كۆلا شەكلىدە توقۇلىدىكەن، كېيىن تورقۇ يىپىدا توقۇلىدىغان بولغان. بۇ سايمان ئالتاي ۋىلايىتىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كۆچۈرۈپ كېلىۋاتقان بۇددا دىنىنىڭ لاما مەزھىپىدىكى تۈركىي قەۋملەردىن بولغان تۇۋالاردىمۇ بولۇپ، ئۇلارمۇ «مانجا» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ ھال مانجانىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى بېلىق تۇتۇش سايمانلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

**ساچقاق:** ئۇزۇن ياغاچ ساپقا بېكىتىلگەن، ئىككى تەرىپىگە تەتۈر تىل چىقىرىلغان نەشتەر شەكىللىك تىغ.

**ئىلغا:** ئۇزۇن ياغاچ ساپقا بېكىتىلگەن قارماق شەكىللىك تىغ. ساچقاق ۋە ئىلغىدا بېلىق تۇتۇش يۈكسەك پەم - پاراسەت ۋە ماھىرلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. دەريانىڭ تار ئورۇنلىرى، تۇغام چۇشۇرگىلىرى ۋە مۇز ئاستىدىن بېلىق تۇتۇشتا شۇ سايماندىن پايدىلىنىلىدۇ.

**مانتۇ:** مەخسۇس بېلىق ئۆلتۈرىدىغان ياغاچ توقماق.

**چاڭگاق:** بۇ مەخسۇس لوخو تۇتىدىغان ئۈچ ياكى تۆت تىللىق قارماق. ئەمما چاڭگاقنىڭ يىپى دەريا ۋە كۆل بويلىرى ياكى دەريا - كۆللەرنىڭ تېيىز يېرىگە قوزۇق قېقىپ باغلاپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭغا چوڭ بېلىق بېشى سانجىپ قويۇلىدۇ.

**ئوۋچىلىق:** لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا ئوۋچىلىقمۇ بېلىقچىلىقتەك ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ئۇلار بۇرۇنقى دەۋرلەردە گۆش، كىيىم - كېچەك، سېلىنچا - يېپىنچا قاتارلىق ئېھتىياجلىرىنى ئوۋچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا تايىنىپ ھەل قىلىپ

كەلگەن. ئۇلار گۆشىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئوت - چۆپ بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان، ئوۋلاشقا بىر قەدەر ئاسان بولغان بۇغا - مارال، جەرەن - كىيىك، ئارقار، ياۋا ئات - كالا قاتارلىق هايۋانلارنى؛ غاز - ئۆردەك، قىرغول (قىرغاۋۇل)، كەكلىك، چىل، قۇ قاتارلىق ئۇچار - قاناتلارنى؛ مەخسۇس تېرىسىدىنلا پايدىلىنىش ئۈچۈن ئوۋلاش خەتەرلىك - تەس، گۆشخورمار، يىرتقۇچ كەلگەن يولۋاس، بۆرە، قاپلان، تۈلكە، مولۇن، قالۇن (سۆسەر)، قۇندۇز قاتارلىق هايۋانلارنى ئوۋلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئوۋ مەهسۇلاتلىرىنى زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا ئۆز ئارا ئېهتىياجلىق بۇيۇملارغا ئالماشتۇرۇپ كېلىشكەنلىكلىرىنى هېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلاردا 30 - يىللارغىچە تاۋار ئورنىدا سېتىش ئادىتى بولمىغان. ئەمما لوپنۇردا ناهىيە تەسىس قىلىنىشتىن ئىلگىرى لۈكچۈن ۋاڭ قارامىلىقىدا تۇرغان مەزگىللەردە ۋاڭغا ۋە مەنچىڭ خان ئوردىسىغا ئولپانلىق ئۈچۈن بەلگىلىك ساندا بۇغا، بۆكەن مۈڭگۈزى، قالۇن، قۇندۇز، يولۋاس تېرىلىرى بويىچە هەر يىلى سېلىق تۆلەپ كەلگەن. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئوۋچىلىقتا بېلىقچىلىقتەك يۈكسەك ماهارەت ۋە مول تەجرىبىلەرگە ئىگە. ئۇلار شۇ قەدەر ماهىر ۋە مەرگەنكى، ئاتقان ئوقى زايا كەتمەيدۇ. قورغان تۇزاق، تاپانتوزاق، قىلتاقلىرىغا هايۋان ۋە ئۇچار - قانات چۈشمەي قالمايدۇ. ئۇلار، ئوڭ قولىغا پىچاق ئېلىپ، سول بىلىكىگە چۇپۇر ئارغامچىنى يۆگەپ، يولۋاس ئېتىلىپ كەلگەندە سول بىلىكىنى يولۋاس ئاغزىغا توغرىلاپ بېرىپ، پىچاق بىلەن قارنىنى تۆكۈپ تاشلىغان باتۇرلارنىڭ كۆپ ئۆتكەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

**ئوۋچىلىق قوراللىرى:** ئۇلارنىڭ ئوۋچىلىق قوراللىرى ئاساسەن ئوقيا، سوغان، تاپانتوزاق، قىلتاق، قىسماق (تۇزاق)، نەيزە، قارا مىلتىقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىت، قارچىغا، قوش بىلەنمۇ ئوۋ قىلىش ئومۇملاشقان. ئەمما ئوقيا كېيىنچە ئۆز رولىدىن قالغان. بۇ قوراللار ئىچىدە سوغاننىڭ باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇرلاردا، جۈملىدىن، باشقا قەۋملەردە ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، سوغان بىر خىل تاپانتوزاقلىق ئاسما سىرتماق بولۇپ، ياۋايى هايۋانلارنىڭ ئورمانلىق ئىچىدە ئۆتىدىغان يوللىرى ۋە ئۇۋىسى، ئۆڭكۈرلەرنىڭ ئاغزىغا قويۇلىدىكەن.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق جەهەتتە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ئىسىل ئادەت - ئەنئەنىسى شۇكى، ئۇلار تۇتقان بېلىقلىرى، ئوۋ گۆشلىرىنى مېنىڭ، سېنىڭ دېمەستىن، قولۇم - قوشنىلىرى بىلەن ئورتاق بەهرىمەن بولىدۇ. بولۇپمۇ ئەمگەك كۈچى يوق ئاجىز، يېتىم - يېسىرلارنى ئالدى بىلەن رازى قىلىدۇ. قىش كۈنلىرى بېلىق، گۆش زاپىسى يوق ئائىلىلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ قىشلىق بېلىق، گۆش زاپاسلىرىنى تەل قىلىپ بېرىدۇ. ئۇلار بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىقنى ئەنئەنىۋى ئىگىلىك تارماقلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە بۈگۈنكى شارائىتتا قوشۇمچە كەسىپ ئورنىدا داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇ ساهەدە توپلىغان مول تەجرىبىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەلمەكتە.

**چارۋىچىلىق:** لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئاساسلىقى قوي، ئۆچكە ئۇنىڭدىن قالسا ئات، كالا، ئېشەك باقىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىكى قوي، ئۆچكە بولۇپ، ئۇنىڭ گۆشى، يۇڭى، تېرىسىدىن تولۇق پايدىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار قوي، ئۆچكىنى جېنىدەك ئاسراپ كەلگەن. بوۋايلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بىر ساغلىق ۋە چىشى ئۆچكىنى ئۇرۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن نەچچە كۈنلۈك يول يۈرۈشتىن بەسىنمەي ئۇرۇقلاندۇرۇپ كېلىپ، تۆل ئالغاندا قوزىلارنى قوينىغا سولاپ يېتىپ، كۈندۈزى ئىسسىق ئۆيدە بېقىپ، شۇنداق جاپا - مۇشەققەتچىلىكتە تەدرىجىي مال - چارۋا قىلغانىكەن. ئۇلار كالىنىڭ سۈتى، گۆشى، تېرىسىدىن تولۇق پايدىلىنىدۇ، ئەمما كالىنى ئاسانلىقچە ئۆلتۈرۈپ يېمەيدۇ. بولۇپمۇ ئاتنى مەخسۇس يېيىش ئۈچۈن ئۆلتۈرمەيدۇ. يال، قۇيرۇقلىرىنى كەسمەيدۇ. قوي ۋە بايتالنى ساغمايدۇ. ئۇلار سۈيى، ئوتى مول دەريا، كۆل بويلىرىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن چارۋا - ماللارنى ئوت - سۇ قوغلىشىپ يۈرۈپ باقمايدۇ، ئەتىياز، ياز كۈنلىرى مەهەللە - كەنتلەردىن بىرەر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى يايلاقلاردا، قىش، كۈز كۈنلىرى مەهەللە ئەتراپىدا باقىدۇ. ياز، كۈز كۈنلىرى يېتەرلىك ئوت ئورۇپ زاپاس قىلىشىدۇ. چوڭ چارۋىلارنى ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدە دەريا توقايلىرى، كۆللەر ئارىلىقلىرىدىكى يېيىلىقلارغا هەيدەپ چىقىرىۋېتىپ مەخسۇس ئادەم باقمايدۇ. كۈزدە ياندۇرۇپ ئەكىلىشىدۇ. هەر ئائىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئەن - بەلگىلىرى بولغاچقا، ئارىلىشىپ كېتىش ئەهۋاللىرى يۈز بەرمەيدۇ. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى كالا - ئاتتىن قاتناش قورالى سۈپىتىدىمۇ پايدىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئات، ئېشەك ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇهىم قاتناش قوراللىرىدىن هېسابلىنىدۇ.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا XX ئەسىرگىچە چارۋا - مال ۋە چارۋا مەهسۇلاتلىرىنى ئاساسەن ئۆزلىرى ئىستېمال قىلىش، ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇشتىن باشقا تاۋار ئورنىدا سېتىش ئادىتى بولمىغان. ئالماشتۇرۇش پۇل ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش ئاساس قىلىنىپ، مۇنداق ئالماشتۇرۇش قوشنا رايونلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن بولاتتى. سودىگەرلەر ئۆز ماللىرىنى هامان قىممەت باهادا، يەرلىك مەهسۇلاتلارنى ئەرزان باهادا ئالماشۇرۇپ كەلگەن. كېيىنچە بىر بۆلۈم سودىگەرلەر ۋە قول

ھۈنەرۋەنلەر كۆچۈپ كېلىپ بىۋاسىتە تىجارەتكە كىرىشكەن. سودىگەرلەر تېز ئارىدا نەچچە مىڭلاپ قوي، نەچچە يۈزلەپ ئات - كالىلىق بولۇپ بېيىپ كەتكەن. شۇڭا، لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا: «قالماق ئېتى بوغۇز يېمەس، بوغۇز يېسە تورۋا تېشەر، ئالتىشەرلىك بېلىق يېمەس، بېلىق يېسە لوپنى تېشەر» دېگەن ماقالە بارلىققا كەلگەن.

سودىگەرلەرنىڭ كېلىشى لوپنۇرلۇقلارغا يېڭى بىر خىل ئېكسپىلاتاتسىيە ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لوپنۇر رايونىدا دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئىلغار رولمۇ ئوينىغان. ئۇلار ئۆز رايونلىرىدىكى ئىلغار تېرىقچىلىق تېخنىكىسى ۋە بەزى قول سانائەت ھۈنەر - سەنئەتلىرىنىمۇ تارقاتقان. نەتىجىدە قوشۇمچە ئورۇندا كېلىۋاتقان دېھقانچىلىق بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلىپ، دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق بىلەن تەڭ سالماقتا ئىگە ئىگىلىك تارمىقىغا ئايلانغان.


تارىمدا كۈز (دۇغ بوياق) قاھار غوپۇر سىزغان

**دېھقانچىلىق:** لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئاساسەن بۇغداي، ئارپا، قوناق، قىچا، زاغۇن تېرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ھەر ئائىلە ئۆز ئېھتىياجلىرى ئۈچۈنلا ئاز مىقداردا چامغۇر، زەدەك، پىياز، قوغۇن - تاۋۇز تېرىيدىغانلىقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەخسۇس كۆكتات تېرىش، باغ - باراڭ قىلىشنى ئادەت قىلمىغان. پەقەت تىكەنلىك يېزىسىدىلا باغ - باراڭ قىلىش بىر قەدەر ئومۇملاشقان. لوپنۇرلۇقلاردا دېھقانچىلىق بويىچە بىنام تېرىقچىلىقى ئاساس، ئۆلكە تېرىقچىلىقى 50 - يىللارغا قەدەر قوشۇمچە ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. ئۇلاردا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تاۋار ئورنىدا سېتىش كېيىنكى دەۋردە شەكىللەنگەن ئادەت. ئۇلاردا يېقىنقى دەۋرلەرگىچە سۈت - قايماق، توخو - تۇخۇم، قوغۇن - تاۋۇز سېتىش نومۇسلۇق ئىشلار قاتارىدا قارىلىپ كەلگەن.

**قول سانائەت:** قول سانائەت بويىچە لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا ئائىلە توقۇلمىچىلىقى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، خېلى تەرەققىي قىلغان. ئۇلاردا چارۋىچىلىق يېتىلگىچە، كىيىم - كېچەك، يېپىنچا - سېلىنچا قاتارلىق ئېھتىياجلىرىنى ئۇۋ ھايۋانلىرىنىڭ تېرىسى ھېسابىغا ھەل قىلىپ كېلىش بىلەن تەڭ ياۋا ئۆسۈملۈكلەر، ئاساسەن تورقۇ چىگە تالاسىدىن چەكمەن، پالاز ۋە گۆلمە، تاغار، قۇر، كاشا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش لازىمەتلىكلىرىنى توقۇپ كەلگەن. تورقۇ چىگە تالاسىدىن پايدىلىنىشنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر كەشپىياتى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا بۇرۇنقى زامانلاردا شايە، تاۋار - دۇردۇن قاتارلىق توقۇلمىلار «تورقۇ» دەپ ئاتىلاتتى. XI ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (I - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 556 - بەت) دا كەلتۈرۈلگەن «تاۋغاچ خانىنىڭ تورقۇسى تولا، ئۆلچىمەي كەسمەس» دېگەن ماقالمۇ بىزنىڭ بۇ قارىشىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

تورقۇنىڭ پوستى سويۇپ ئېلىنىپ، ئازراق بېلىق يېغى قويۇلغان توغرۇغۇ (توغرا شۇلتىسى) لۇق سۇدا قاينىتىلغاندىن كېيىن، ئۇ مەشۇتنەك يۇمشاق، ئەۋرىشىم، پارقىراق ھالەتكە كېلىدۇكى، ئۇنىڭدىن خالىغان ئىنچىكىلىكتە يىپ ئىگىرگىلى ۋە كىيىملىك توقۇلمىلارنى توقۇشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا بۇرۇنقى دەۋرلەردە شايە، تاۋار - دۇردۇننىڭ «تورقۇ» دەپ ئاتىلىشى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن بولسا كېرەك. تورقۇدا توقۇلغان توقۇلمىلار، بولۇپمۇ پالاز شۇ قەدەر پۇختا بولىدۇكى، ئىككى ئەۋلادقىچە ئىشلىتىلسىمۇ توزۇمايدۇ. كېيىنچە قوي يۇڭى - تورقۇ ئارىلاش چەكمەن، پالاز ياكى خاس قوي يۇڭىدا چەكمەن، ھەر رەڭدار پالاز، خۇرجۇن ۋە تاغار قاتارلىقلارنى توقۇش، سىدام كىگىز بېسىشمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. لوپنۇرنىڭ ئۇنداق رەڭدار پالازلىرى ئۆزىنىڭ كۆركەملىكى، پۇختىلىقى بىلەن تا ھازىرغىچە ئۆز داڭقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا ئائىلە توقۇلمىچىلىقىنىڭ شۇ قەدەر تەرەققىياتلارغا

ئېرىشىشىنى ئايالlارنىڭ پەم - پاراسەتلىكى، ئەمگەكچان، تىرىشچانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا قول سانائەت بويىچە ئائىلە توقۇلمىچىلىقىدىن تاشقىرى باشقا قول سانائەت تۈرلىرى ۋە سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئانچە ئومۇملاشمىغان بولۇپ، ئاددىيسى، كەسپىي ساتىراش، قاسساپ، ئاشپەزلەرمۇ كەم ئۇچرايتتى. ئازادلىقتىن كېيىن ھەر خىل قول سانائەت ۋە مەخسۇس كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار تەدرىجىي كۆپەيدى. شال، كېۋەز، قىزىلچا قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىماسلىق، باغ - باراڭ قىلماسلىقتەك كونا ئادەتلەرگە خاتىمە بېرىلىپ كۆكتات تېرىش ئومۇملاشتى. شال، كېۋەز، قىزىلچا قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىدىغان بولدى. باغۋەنچىلىك ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىدا مۇھىم كەسىپكە ئايلىنىپ قالدى. يەرلىك خەلق ئىچىدىن يېڭى بىر ئەۋلاد ئىشچى - تېخنىكلار يېتىشىپ چىقىپ، ھەرقايسى سەپلەردە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن ھەسسە قوشماقتا.

## ئولتۇرۇپ - قوپۇش ئادەتلىرى

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى خېلى ئۇزۇن زامانلاردىن بويان ئازى بىر نەچچە ئۆيلۈك، كۆپى نەچچە ئون ئۆيلۈكتىن تەركىب تاپقان كىچىك مەھەللە - كەنتلەردە مۇقىم ئولتۇراقلىق ھالەتتە ياشاپ كەلگەن. ئۇلاردا ئۈچ - تۆت ئېغىزلىق بىر يۈرۈش ئۆيلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھويلىلىق ئۆيلەرنى سېلىپ ئولتۇرۇش ئومۇملاشمىغان بولۇپ، ئادەتتە ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككى ئېغىزلىق ياكى ياندىش ئىككى ئېغىزلىق ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ. ئۆينىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشى بىر قەدەر ئاددىي بولۇپ، تۈڭلۈك، مورا، ئوچاق ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن تاشقىرى دېرىزە قويۇش، ئويۇق - تەكچە چىقىرىش، كاڭ سېلىش ئادەت قىلىنمىغان. ئويۇق - تەكچە ئورنىغا ئاسقۇ قىلىپ ئورۇن - كۆرپە، كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر ئاسقۇغا، چىنە - قاچا قاتارلىقلار تامغا يانداش قىلىنغان تاختا بېشىغا قويۇلىدۇ. ئۆيگە سۇپا قىلىشمۇ ئومۇملاشقان. سۇپىلىق ئۆيلەردە ئورۇن - كۆرپە تۆرنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىگە يىغىلىدۇ. كىيىم - كېچەك قوزۇققا ئېلىپ قويۇلىدۇ. ئولتۇراق ئۆيلەر تام ئۆي، چاپلىما ئۆي، قومۇش ئۆيدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. چاپلىما ئۆي پۈتۈنلەي قومۇشتا ياسىلىپ، ئىچى - تېشى، ئۈستى سامانلىق (كاكۇل) لايدا سۇۋىلىدىغانلىقى ئۈچۈن «چاپلىما ئۆي» دەپ ئاتالغان. قومۇش ئۆي تۆت بۇلۇڭىغا تۆت تال ئاچا تۈۋرۈك، تۆت تال چېتىق ۋە تام قورشاقلىرى، ئۈستىنى يېپىش ئۈچۈن

مەلۇم ساندا ياغاچ ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى پۈتۈنلەي قومۇشتا ياسىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە يازلىق ئۆي بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قوۋۇقلۇق ئىشىك، تۈڭلۈك، مورا ئوچاق قويۇلمايدۇ، شاخشا ئىشىك قىلىنىدۇ ياكى بىر پارچە پالاز ئېسىپ قويۇلىدۇ. يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، مەيلى قايسى خىلدىكى ئۆيلەر بولمىسۇن ھەممىسىنىڭ ئالدى شاخ - شۇمبا ياكى قومۇشتا قورۇققا ئېلىنىدۇ، قورۇقنىڭ ئۈستىنى يېرىم ھالەتتە قومۇش بىلەن ياپىدىغانلارمۇ بار. ياز كۈنلىرى غىزا - تاماق شۇ يەردە ئېتىلىدۇ، يېتىپ - قوپۇشمۇ شۇ يەردە بولىدۇ. ياغاچ ياكى تاختايدىن كات (كارىۋات) قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتلىق ئولتۇرۇش ئۈچۈن كەرەم ئۆيلەرمۇ ياسىلىدۇ.

**ئۆي بىسات ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى:** لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىمۇ ئۆيگە پالاز، كىگىز، گىلەم سالىدۇ. بىرقەدەر بۇرۇنقى زامانلاردا جەرەن، كېيىك، ئېيىق، قوي، ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنى ھەم سېلىنچا ھەم يېپىنچا قىلىپ كەلگەن. ئۆي زىننىتى ئۈچۈن تامغا گىلەم ئېسىش ئادىتى يوق بولۇپ، بۇ ئادەت كېيىنكى دەۋرلەردە شەكىللەنگەن. تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن قومداڭقان، مىس چۆگۈن، مىس تاۋاق، غېدىر قاچىلاردىن تاشقىرى ئاساسلىقى ياغاچتىن ياسالغان، سوغا، تاۋاق، چۆچەك، تەڭلە، پۇرۇچ (سۈت - قايماق ئۈچۈن)، چارا (كىر يۇيىدىغان چوڭ تەڭلە) ۋە قاپاق (سۇ توشۇش ئۈچۈن)، تۇلۇم قاتارلىق بۇيۇملارنى ئىشلىتىپ كەلگەن. پار - پۇر ۋە چويۇن، تۇنىكىدىن ياسالغان بۇيۇملار، سىرلىق قاچىلار كېيىنكى دەۋرلەردە ئومۇملاشقان.

## كىيىنىش - ياسىنىش ئادەتلىرى

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىنىش - ياسىنىش جەھەتتىكى بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، كۆچمەن چارۋىچى قەۋملەرگە خاس ئەنئەنىۋى ئادەت ئىزلىرى بىر قەدەر تولۇق ساقلىنىپ قالغان. بۇ، ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 -، 40 - يىللىرىغا قەدەر قوي ۋە ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ تېرىلىرى، قوي يۇڭى، تورقۇ چىگە تالاسىدىن قولدا توقۇلغان چەكمەن - پالازنى ئاساسلىق كىيىم - كېچەك مەنبەسى قىلىپ كەلگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. كېيىنچە پاختىدا توقۇلغان چەكمەن، شاتىۋا، شايە - ئەتلەس، دۇردۇن، تاۋار، چىبەرقۇت، تىرىكە، شەيتان تېرە ۋە ھەر خىل گۈللۈك چىت، خەسە، داكا قاتارلىق قول سانائەت ۋە ماشىنىدا توقۇلغان توقۇلمىلاردىن كىيىم كىيىش ئومۇملاشقان.

**باش كىيىم:** قىشلىقى ئەر - ئايال بىردەك تۇماق، يازلىقى دوپپا كىيىش ئادەت قىلىنغان. ئەمما ئەر - ئاياللارنىڭ باش كىيىمى پەرقلىق كېلىدۇ. ئەرلەر ئاساسلىقى ئۆڭ ياكى تاشلىق

سالۋا تۇماق، كۆرپە (شۇنىڭدەك تۈلكە تېرىسى) دە تىكىلگەن ئۆلۈك ياكى تاشلىق قاسقان تۇماق، تېقىر تۇماق (بۇنى تېقىر دوپپا دەپمۇ ئاتاشقا بولىدۇ، چۈنكى ئۇ يازدىمۇ كىيىلىدۇ)؛ ئاياللار ئاساسلىقى كۆرپە، مولۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن قاسقان (تۆپىلىكى سەل پەس) تۇماق؛ ئەرلەر ئاساسلىقى شاپاق دوپپا، ئاياللار تار جىيەكلىك تالالىق سىدام دوپپا كىيىپ كەلگەن. قولاقچا ۋە ھازىرقى شەكىلدىكىدەك ئاددىي گۈل تىكىلگەن دوپپا كىيىش كېيىنكى دەۋرلەردە ئومۇملاشقان. لوپنۇر ئاياللىرىدا 40 ياشتىن ئاشقان ئاياللاردا لىچەك سېلىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پەرەنجە ئارتىش، چۈمبەل سېلىش، ياغلىق چېگىش ئادەت قىلىنمىغان. داكا ياغلىق، غىجىم رومال سېلىش كېيىنكى دەۋرلەردە ئومۇملاشقان.

ئەرلەردە يازلىقى كىگىز قالپاق كىيىش ئومۇميۈزلۈك بىر ئادەت بولۇپ، قالپاقنى ئۆزلىرى باسىدۇ. كىگىز قالپاقنىڭ شەكلى كاناي گۈلسىمان، قىرغىز قالپىقىسىمان (ئەمما ئارقىسىدا چېكى يوق)، شىلەپىسىمان ئۈچ خىل كېلىدۇ. قالپاق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرىدىن بولۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. قالپاقنىڭ قەدىمكى شەكلى لوپنۇردا ساقلىنىپ قالغان.

**ئىچ كىيىم:** لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ماتا، شاتىۋا ۋە باشقا توقۇلما رەختلەر ئومۇملاشقىچە تورقۇدا قولدا توقۇلغان نىپتە چەكمەندە كۆڭلەك كىيىپ كەلگەن. ئەر - ئاياللىنىڭ كۆڭلىكى ئۇزۇن - قىسقىلىقى، ياقا شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئەرلەر يەكتەك شەكىللىك، ئاياللار ئويما ياقا، كەڭ ۋە ئۇزۇن قاپ كۆڭلەك كىيىپ كەلگەن. بۇرۇن كالتە مەيدە ياقىلىق ۋە مەيدە - غول پۇرمىلىك كۆڭلەك كىيىش يامان بولىدىغان ئىشلار قاتارىدا قارىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنچە تەدرىجىي ئومۇملاشقان. تۆت - بەش ياشلىق باللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەر - ئايال ھەممىسى باغلىق، ئاغلىق ئىشتان كىيىدۇ.

**تاش كىيىم:** ئەر - ئاياللاردا بىردەك يالاڭ ئەستەرلىك چاپان كىيىش ئومۇملاشقان. ئەرلەر يەكتەك، ئاياللار قولتۇقتىن ئىزمىلىنىدىغان بىر پەشلىك كالتە چاپان، يەكتەك ياقىلىق ۋە بۆرەك ياقىلىق ئۇزۇن چاپان كىيىپ كەلگەن. مەيلى قانداق ياقىلىق بولمىسۇن ئاياللار چاپىنىنىڭ پېشىنىڭ ئىككى يېنىدا چېكى بولىدۇ. يەكتەك ياقىلىق چاپاننىڭ ياقىسىدىن پېشىگىچە ۋە پەشنى ئايلاندۇرۇپ چىلتەك تۇتۇلىدۇ. سىرىق تۇچتىن قوڭغۇراق شەكىللىك تۈگمە، مۇنچاقسىمان لاتا تۈگمە، كۈمۈش تەڭگە ياكى مۇنچاق قاداش ئادەت قىلىنغان. ئەرلەرنىڭ چاپىنى تۈگمىسىز بولۇپ، بەلباغ باغلاش ئادەت قىلىنغان. قىشلىقى ئەر - ئاياللار يۇڭ ياكى پاختا سېلىنغان قىشلىق چاپان (شەكلى يەكتەككە ئوخشاش) ۋە جۇۋا كىيىدۇ. ئەرلەر تولاراق ئۆلۈك (كۇرۇك) جۇۋا، ئاياللار توقلۇ ۋە قوزا تېرىلىرىدە تىكىلگەن تاشلىق جۇۋا كىيىدۇ. جۇۋا يەكتەك ياقىلىق (يۇڭلۇق توقلۇ تېرىسىدە قايرىما ياقا قىلىنغان ياكى ياقا قىلىنمىغان ئىككى خىل) بولىدۇ. تۈلكە، بۆرە، ئىت تېرىلىرىدىنمۇ جۇۋا كىيىلىدۇ. مۇنداق جۇۋىلار ئادەتتە تاشلىق بولىدۇ.

**ئاياغ كىيىم:** ئاياغ كىيىمدە، چورۇق، چورۇق ئۆتۈك، شىۋانچى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. مەلۇمكى، چورۇق ئۇيغۇرلارغا ئورتاق، ئىپتىدائىي ئاياغ كىيىم. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا «ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شور چورۇقۇڭنى قۇرۇتما» دېگەن ماقال مەيدانغا كەلگەن. بۇ ماقالدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىسى ناھايىتى تىپىك ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا دەكتۇ (قىشتا ئۇلاقلىق يول يۈرگەندە مەيسە ياكى چورۇق ئۆتۈك، شىۋانچى ئۈستىگە كىيىلىدىغان تېرە پايپاق) ۋە چوڭلار ئىچىدە مەيسە، كېپىش كىيىشمۇ ئومۇملاشقان. شىۋانچى چورۇق ئۆتۈكنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلغان تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزلىكى خۇددى ھازىرقى يۈزلىكى پۇرۇپ تىكىلگەن شىبلىتلارغا ئوخشاش، ئەمما پاشنىسىز، سوڭنىڭ ئىككى يېنىدا بوغۇچى بولىدۇ، كەيگەندە ھوشۇق ئۈستىدىن بوغۇچلىنىدۇ. زاۋۇتتا ئىشلەنگەن رەختە كىيىم كىيىش، خورۇم - چەمدە تىكىلگەن ئۆتۈك، شىبلىت، توفلى كىيىش 40 - يىللاردىن كېيىن ئومۇملاشقان. ھازىر لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدىمۇ يېڭى پاسون - مودا بويىچە كىيىنىش - ياسىنىش ئومۇملىشىپ ئادەت تۇسىنى ئالغان.

لوپنۇرلۇقلاردا كېيىنكى دەۋرلەرگىچە ياشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەرلەردە چاچ قويۇش ئادەت قىلىنمىغان. ئاياللاردا چېچىنى ئىككى تال ئۆرۈش ئادەت بولۇپ، چاچنى تۇرمەكدەپ (بانتىلاپ) يۇرۇش، قىرقىم چاچ بولۇش غەيرىي ئادەت ھېسابلىناتتى. قىزلاردا ئۇپا - ئەڭلىك سۇرۇپ پەرداز قىلىش ئادىتى يوق ئىدى. ئاياللاردا ئالتۇن - كۈمۈش، تۇچتىن ئۈزۈك، بىلەيزۈك، ھالقا سېلىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇرەككەپ جۇلالىق چاچ تەڭگە سېلىش، بويىنغا زۇننار ئېسىشمۇ ئادەت قىلىنمىغان. ئەمما، قىز - چوكانلارنىڭ دوپپىسىغا سوقسۇر پېيى قاداش، بوۋاقلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ پوسمىسىغا، كىيىملىرىنىڭ مۈرىسىگە سوقسۇر پېيى، يىلاننىڭ باش سۆڭىكى، قۇلۇلە قېپى، بۆرە كۈچۈكىنىڭ ھوشۇقى ۋە ھەر خىل مونچاقلارنى تاقاش ئادىتىمۇ ئومۇملاشقان.

## يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرى

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا

ئۆزىگە خاس بىر ئالاھىدىلىكى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرىغا قەدەر ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك تەركىبىدە بېلىق، گۆشنىڭ ئاساسلىق ئورۇندا، ئۇجۇل، ئاشلىق (ئاساسەن بۇغداي ئۇنى)، جىگدىنىڭ قوشۇمچە ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكى ۋە ئىستېمال ئۇسۇلىدا ئىپادىلىنىدۇ. لوپنۇرلۇقلار بېلىق ۋە گۆشنى يېڭى پېتى سۇدا پىشۇرۇپ ۋە كاۋاپ قىلىپ يېيىشنى ئەلا بىلىدۇ. بېلىق، گۆشنىڭ شورپىسىغا ئازراق جىگدە سېلىپ ئىچىدۇ، بەزىدە ئازراق ئۇجۇل ياكى ئۇن چېلىپ ئوماچ قىلىپمۇ ئىچىدۇ. لوپنۇرلۇقلار بېلىق ۋە گۆشنى كاۋاپ قىلىپ يېيىشنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. بېلىق كاۋىپىمۇ ئىككى خىل بولىدۇ، بىر خىلى يېڭى بېلىق كاۋىپى، يەنە بىر خىلى قاق بېلىق كاۋىپى دەپ ئاتىلىدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكى بېلىق كاۋىپى بولمىسۇن ناھايىتى مەززىلىك كېلىدۇ. لوپنۇرلۇقلار بېلىقنى كۆپىنچە ھاللاردا تىلىپ ياكى سىرتلاپ، تۇزلىماي شامالدا قۇرۇتۇپ قاق قىلىدۇ ۋە ئۇنى قۇمغا كۆمۈپ ساقلاپ يەيدۇ. قۇمغا كۆمگەندە، بىرىنچىدىن، كۈيە چۈشمەيدۇ، ئىككىنچىدىن، تەمىدىن كەتمەيدۇ. شۇڭا قاق بېلىق كاۋىپى ئالاھىدە مەززىلىك بىر خىل تەمگە ئىگە. قاق بېلىقنى سۇدا پىشۇرۇپمۇ يەيدۇ، ئەمما سۈيى ئىچىلمەيدۇ. لوپنۇرلۇقلار بېلىق يېيىشكە شۇنداق ماھىركى، بىر تەرەپتىن يەپ، يەنە بىر تەرەپتىن جاۋغىيىدىن قىلتىرىقلىرىنى چىقىرىپ چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ. گۆشنىمۇ ئىككى خىل كاۋاپ قىلىپ يەيدۇ. بىر خىلى، زىخ كاۋاپ، بىر خىلى، كۆممە كاۋاپ دەپ ئاتىلىدۇ. زىخ كاۋاپ ئادەتتىكى باراۋەت كاۋاپلىرىغا ئوخشاش، ئەمما كۆپىنچە ھاللاردا سۆڭەكلىرى بىلەن قوشۇپلا كاۋاپ قىلىنىدۇ، كۆممە كاۋاپ ئاساسەن قوغقا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدۇ. جەريانى مۇنداق: قوي تۇلۇمچە سويۇلىدۇ، گۆش پارچىلىنىپ تۇلۇم ئىچىگە سېلىنىپ، مەلۇم مىقداردا تۇزى تەڭشەلگەن سۇ قۇيۇلۇپ تۇلۇم ئاغزى مەھكەم باغلىنىدۇ، ئاندىن ئوت قالاپ قىزدۇرۇلغان قۇم قوغ ياكى يۇلغۇن يودىسىدىن پەيدا بولغان دۆڭگە ئوت يېقىپ ھاسىل قىلىنغان قوغقا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كۆممە كاۋاپ شۇنداق تەكشى، چىرايلىق سارغىيىپ، مەززىلىك پىشىدىكەنكى، ھەتتا سۆڭەكلىرىمۇ ئېرىپ كېتىش ھالىتىگە كېلىدىكەن، ئەگەر ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا دورا ـ دەرمەك سېلىنغاندا، تەسۋىرلىگۈسىز يەنە بىر خىل ئالاھىدە تەم كىرىدىكەن.

**ئۇجۇل ۋە ئۇنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى:** يېكەن چېچىكىدىن ھازىرلانغان ئۇن «ئۇجۇل» دەپ ئاتىلىدۇ. يېكەن چېچىكى ئۇجۇل دەپ ئاتالغاچقا، ئۇنىڭ ئۇنىمۇ «ئۇجۇل» دەپ ئاتالغان. يېكەن ئۆسۈپ ۋايىغا يەتكەندە بەش ـ ئالتە سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا باش ئېلىپ سېرىق چېچەكلەيدۇ. بۇ پەسىلدە كىشىلەر كېمە بىلەن دەريا ـ كۆللەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ ئۇنى قېقىپ ئالىدۇ ـ دە، قۇرۇتۇپ، سوقۇپ تاسقاپ ئۇن قىلىۋالىدۇ. بىر نەچچە تاغار ئۇجۇلدىن بىرەر ـ يېرىم خالتا ئۇن قىلغىلى بولىدۇ. ئۇ، قۇۋۋەتلىك ۋە تېتىملىق بولغاچقا، بىر قازان بېلىق ياكى گۆش شورپىسىغا ئىككى ـ ئۈچ چىمدىم سالسىلا كۇپايە قىلىدۇ. ئۇجۇل ئادەتتە ئاساسەن بۇلماق ياكى قاتۇرما (ئۇجۇل ھالۋىسى) قىلىنىپ، ئەتىگەنلىكى چاي بىلەن بىرەر كېسىكتىن يېيىلىدۇ. ئۇجۇل قاتۇرمىسى بېلىق يېغىدا ئادەتتىكى ھالۋىدەك ھازىرلىنىدۇ. پىشقاندا قاچىغا ئېلىپ كېسىپ قويۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇ شۇنداق مەززىلىك، قۇۋۋەتلىك كېلىدۇكى، ئىككى كېسەك ئارتۇق يەپ ئالسا، كەچكىچە قورساقنى ئاچۇرمايدۇ. لوپنۇرلۇقلار ئەزىز مېھمانلارنى گۆش ۋە بېلىقتا كۈتۈۋېلىش بىلەن بىللە ئۇجۇل بۇلمىقى، ئۇجۇل ھالۋىسى بىلەنمۇ كۈتۈۋالىدۇ. ئۇجۇلنىڭ تەركىبىدە بىر خىل ماي ماددىسى بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇ ھۆل ۋاقتىدا شىلىمشىمان ـ يېپىشقاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبىنىڭ يۇقىرى بولۇشى شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. دۇنيادا دەريا، كۆل بويلىرىدا ياشايدىغان باشقا مىللەتلەر يېكەننىڭ توزغاقتىن سىرت مۇنداق ئوزۇقلۇق تەركىبى يۇقىرى يەنە بىر خىل مەھسۇلات بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، پەندە ئۇنىڭ تەركىبىدە قانداق ماددىلارنىڭ بارلىقى توغرىسىدا بىرەر مەلۇمات بېرىلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس. بۇ نۇقتىدىن ئۇجۇلنى لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر كەشپىياتى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مەخسۇس تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بىر تېما.

**بېلىق تالقىنى:** قاق سېلىپ ئوبدان قۇرۇتۇلغان بېلىق سوقۇپ تاسقاپ ئۇن قىلىنىش بىلەن ئۇنىڭغا پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ. بېلىق تالقىنى قايناق سۇدا چېلىنىپ بېلىق يېغى ياكى سېرىق ماي ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېيىلىدۇ. بۇمۇ ناھايىتى مەززىلىك ۋە قۇۋۋەتلىك كېلىدۇ.

**جىگدە:** جىگدە لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، بېلىق ۋە گۆش شورپىسى، ئوماچ كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭسىز ئىچىلمەيدۇ، تالقانمۇ ئۇنىڭسىز يېيىلمەيدۇ. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى جىگدىنى نان جىگدە، قاغا جىگدە دەپ ئىككى خىلغا ئايرىيدۇ. نان جىگدە ئۆلكە يېرىدە ئۆستۈرۈلگەن جىگدىگە قارىتىلىدۇ، قاغا جىگدە تەبىئىي جىگدىزارلىقتىن ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ياغ جىگدە، ياغ كۆتەن جىگدە، ئاق جىگدە دېگەن سورتلىرى بولۇپ، ئەڭ ياخشىسى ياغ جىگدە. ئۇ، پىشقاندا ھەممە يېرى خۇددى مايغا چىلاپ قويغاندەك خورمىرەك ھالەتتە كېلىدۇ، ئۇنىڭ تەمى خورمىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئۇن تاماقلىرىدىن ئاساسەن تالقان، ئۇماچ، كۆمەچ، نان، سۇيۇقئاش، پوسۇلاق ئاش (خېمىرى لەگمەندەك ئېشىلىپ سۇتتە پىشۇرۇلىدۇ)، پىشكەك (سۇتتە ئېتىلىدىغان بىر خىل شويلا)، مانتا، چۆچۈرە قاتارلىق تاماقلار ئىستېمال قىلىنىدۇ. لەگمەن، پولۇ قاتارلىق تاماقلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئومۇملاشقان. لوپنۇرلۇقلاردا بۇرۇن مانتا «مالۇنپۇتۇ»، چۆچۈرە «چۆچپورە» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. چۈنكى مانتىنىڭ تۈگۈلۈشى مولۇن پۇتىغا ئوخشاپ كەتكەچكە، شۇنداق ئاتالغانىكەن. ھازىر جانلىق تىلدا مانتا «مانتۇ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مېنىڭچە، تىلىمىزدىكى تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە ئالمىشىش قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن «مانتۇ» نى «مالۇنپۇتۇ» نىڭ ۋارىيانتى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن مانتىنىڭ بەزىلەر ئېيتقاندەك، باشقا مىللەتلەردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن تاماق ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تاماقلىرىدىن ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا بۇرۇن چامغۇر، زەدەك، پىيازدىن باشقا كۆكتات تۈرلىرىنى ئۆستۈرۈش ئانچە ئادەت قىلىنمىغاچ، قورۇما تاماقلارنى يېيىشمۇ ئانچە ئادەت قىلىنمىغان. لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۇن تاماقلىرى ئىچىدە كۆمەچ، بولۇپمۇ گۆشلۈك كۆمەچ بىلەن توقاچ ناھايىتى داڭلىق. گۆشلۈك كۆمەچ خۇددى پېتىر مانتىدەك شورپىلىق ۋە مەززىلىك بولىدۇ.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، يالغۇز قوينىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئات، كالا، تۆگە ۋە ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ ئۆپكە، ئۈچەيلىرىنى يېمەيدۇ. غاز، ئۆردەك، قىرغاۋۇل، كەكلىك، توخۇ قاتارلىق قۇش گۆشىنىمۇ كەڭ ئىستېمال قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇجۇر (يىكەن يىلتىزى) يېيىشمۇ ئومۇملاشقان. ئەمما ئۇجۇرنى يېمەكلىك ئورنىدا ئەمەس، بەلكى دورا ئورنىدا يەيدۇ. چۈنكى ئۇجۇر تاماق سىڭدۈرۈش، ئىشتەي ئېچىش، مىجەز تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇجۇرنى پات - پات، مۇۋاپىق ھالدا يەپ تۇرسا، ئادەم قۇرۇق ئىسسىق تۇتۇپ قېلىش، قەۋزىيەت بولۇش، كەم ئىشتەيلىك، مەيدە سۇسلىقى قاتارلىق كېسەللەردىن خالىي بولىدۇ. شۇڭا لوپنۇرلۇقلاردا بۇرۇن ئاشقازان كېسەللىكلىرى يوق دېيەرلىك ھالەتتە ئىدى. لوپنۇردا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلارنىڭ كۆپ بولۇشى ئۇلارنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىۋى مۇھىتى، نورمال ئەمگەكتىن ئايرىلماسلىقى، يۇقىرىقىدەك تاماقلارنى ئىستېمال قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

## مېھماندارچىلىق ئادەتلىرى

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ناھايىتى مېھماندوست، داستىخىنى كەڭ كېلىدۇ. ئادەتتە، مەھەللە ئىچىدە ئۆز ئارا كىرىپ - چىقىپ مېھمان بولۇشۇپ تۇرۇش ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولمايدىغان بىر مەزمۇن. ھەرقاچان غىزا - تاماق ئۈستىگە بىرسى كىرىپ كەلسە، چوڭ - كىچىك ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ قارشى ئېلىپ تۆرگە باشلايدۇ، ئالدىغا تاماق قويۇپ، ئاندىن ھال سورايدۇ. تاماق ئۈستىگە كىرگەن كىشىنى «ياخشى ئادەم ئاش ئۈستىگە، يامان ئادەم گەپ ئۈستىگە كىرەر» دەپ ئۇنى ياخشىلىققا جورۇيدۇ. كىرگەن كىشىگە قارىتىپ تاماق يېيىشنى قىزغانچۇقلۇق، پىخسىقلىق، دەپ يامان ئالىدۇ.

مەخسۇس چاقىرىلغان مېھمانلارنى مېھمان قىلىشتا قائىدە - يوسۇنغا قاتتىق دىققەت قىلىنىدۇ. ساھىبخان ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ كەلگەنلەر بىلەن سالاملىشىپ ئۇدۇللۇق ئۆيگە باشلاپ تۇرىدۇ. ئۇلاغلىق كەلگەنلەرنى مەخسۇس بىر كىشى ئالدىغا بېرىپ كۈتۈۋېلىپ ئۇلاغنى قولىغا ئالىدۇ ۋە تېگىشلىك جايغا باغلاپ قويىدۇ. مېھمانلارنىڭ نوپۇز - ئابرويىغا قاراپ تۆر ۋە تۆرنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدىن ئورۇن كۆرسىتىلىدۇ، ئاندىن قولىغا سۇ ئېلىنىپ داستىخان سېلىنىدۇ. 2 - قېتىمدا توقاچ بىلەن چاي، ئۇجۇل ھالۋىسى ياكى ئۇجۇل بولمىقى، ئاندىن، بىر قاچىدىن قايماقلىق چاي قويۇلىدۇ. 3 - قېتىمدا يېڭى پېتى سۇدا پىشۇرۇلغان بېلىق قويۇلىدۇ، بېلىق ئاخىرىدا بىر پىيالىدىن بېلىق شورپىسى كەلتۈرۈلىدۇ. 4 - قېتىمدا يېڭى ئۆلتۈرۈلۈپ سۇدا پىشۇرۇلغان گۆش، گۆش ئاخىرىدىن بىر پىيالىدىن شورپا ياكى ئۇجۇل ئۇمىچى قويۇلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بىر نەچچە تاۋاق ئۇجۇل قويۇلىدۇ. ئۇجۇلنىڭ قويۇلۇشى مېھماندارچىلىقنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما گۆش گۆشنىڭ سۈپەتلىك سانىلىدىغان دەرىجىسى بويىچە بەش دەرىجىگە ئايرىلىدۇ. گۆشنىڭ دەرىجىسى مېھماننىڭ دەرىجىسىگە ماس كېلىشى شەرت. ئادەتتە، قۇيرۇق قوشۇلۇپ پۈتۈن دۈمبە 1 - دەرىجىگە، پۈتۈن سان 2 - دەرىجىگە، پۈتۈن قول 3 - دەرىجىگە، قوۋۇرغا 4 - دەرىجىگە، بويۇن 5 - دەرىجىگە ئايرىلىدۇ. شۇنىڭدەك سان يەنە سۆجە، چوڭ ئىلىك، كىچىك ئىلىك دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلىدۇ. دۈمبە ھۆرمەتكە ئەڭ چوڭ مېھمان ئالدىغا؛ سۆجە، چوڭ ئىلىك، تاغاق، بوغجۇم ئىلىك ئايرىلاشتۇرۇلۇپ ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى مېھمانلار ئالدىغا، كىچىك ئىلىك، قوۋۇرغا، بويۇن ئايرىلاشتۇرۇلۇپ ئادەتتىكىلەر ئالدىغا قويۇلىدۇ. تۆش ئايال مېھمانلار ئىچىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك مېھمان ئالدىغا قويۇلىدۇ. مېھمانلارمۇ قۇرۇق كەلمىگەچكە، ئۇلارنىڭ خۇرجۇنلىرىغا بىرەر سان ياكى بىرەر قول گۆش، توقاچ، خىل بېلىقتىن بىر نەچچىسى سېلىپ قويۇلىدۇ.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا بۇرۇن توي ئىشى،

نەزىر ئىشىدىمۇ يۇقىرىقى ئادەت بويىچە چايدىن كېيىنلا بېلىق، گۆش ۋە بىر قاچىدىن ئۇجۇل ياكى ئاق ئۇن ئۇمىچى قويۇش ئومۇملاشقان. كېيىنچە، بېلىق يېغىدا پوشكال پىشۇرۇپ، گۆشنى دەرىجىسى بويىچە پارچىلاپ ئۈچ پوشكال ئۈستىگە بىر پارچىدىن گۆش قويۇپ (نەزىردە خام گۆش قويۇلىدۇ)، كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھەممىسىگە بىر ئۇلۇشتىن قويۇپ ئۇزىتىش ئومۇملاشقان. ھازىر چايدىن كېيىنلا ئاش قويۇپ ئۇزىتىلىپ كەلمەكتە.

## توي - تۆكۈن ئادەتلىرى

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ توي - تۆكۈن ئىشلىرىدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغىچە ئىنتايىن تىپىك بىر نەچچە خىل مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، ئۇنى بىر قەدەر ئىپتىدائىي سودا خاراكتېرلىك تۈزۈم ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان مەزگىللەردىكى ئادەت - قائىدىلەرنىڭ داۋامى ياكى ئىز - قالدۇقلىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇ ئالاھىدىلىكلەر نوقتىلىق ھالدا تويلۇق تۈرلىرىنىڭ، تويلىشىش جەريانىدىكى بەزى قەدەم - باسقۇچلارنىڭ مەزمۇنى ۋە ئاتالغۇلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەسىلەن: لايىق تاللاش «كۆزلەش ياكى نىشان كۆرسىتىش»، ئادەم (ئەلچى) قويۇش «گەپ سېلىش»، كىچىك چاي (داستىخان تاشلاش) «چانچىق تۆگۈش»، چوڭ چاي «قولتۇقتۇق بولۇش»، تويلۇق «قالىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**نىشان كۆرستىشنىڭ جەريان ۋە مەزمۇنى:** ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ ئويناپ يۈرگەن، ئۆيلىرىگە كېلىپ - كېتىپ يۈرگەن مەزگىللىرىدىن باشلاپلا قىز ياكى ئوغۇلنى ھەر جەھەتتىن كۆزىتىدۇ. مۇشۇ جەرياندا ئاتا - ئانىلارغا مەلۇم بىر قىز ياكى ئوغۇل يېقىپ قالسا، كۆنلەرنىڭ بىرىدە قىزغا تۇيدۇرماي كۆڭلەك ئېتىكىنىڭ بىر يېرىنى ئازراق يىرتىپ قويىدۇ، ئوغۇلنىڭ بولسا دوپپىسى ياكى تۇمىقىغا ۋە ياكى چاپىنىنىڭ دۈمبىسىگە بىر تال كالتە ئاق يىپ يېپىشتۇرۇپ قويىدۇ. يىگىت بىلەن قىز ھەقىقەتەن بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا، يىگىت قىزنىڭ بارمىقىغا ئۈزۈك سېلىپ ياكى بوينىغا تۇمار ئېسىپ قويىدۇ. قىز يىگىتكە مەخسۇس ئىشلەنگەن قولياغلىق تۇتۇشتەك ئادەتمۇ بولغان. ئاتا - ئانىلار ئۇ بەلگە - ئالامەتلەرنى كۆرگەن ۋە سەزگەندىن كېيىن: ھە، قىزىمىز (ئوغلىمىز) غا لايىق چىقىپتۇ، دەپ ئويلىنىشقا باشلايدۇ ۋە مەلۇم بىر كۈنى قىز تەرەپكە گەپ سېلىپ ئادەم ئەۋەتىدۇ. گەپ سېلىشقا ئىككى - ئۈچ ئەر كىشى بارىدۇ.

چانچىق تۆگۈش، قولتۇقتۇق بولۇشتا ئېلىپ بېرىلىدىغان داستىخانغا بىر قەدەر بۇرۇنقى چاغلاردا پىشۇرۇلغان توققۇز ياكى يەتتە بېلىق بېشى، بىر كىيىملىك تورقۇ چەكمەن، ئازراق تۇز قوشۇپ ئاپىرىش؛ قولتۇقتۇق بولۇش داستىخىنىغا توققۇز ياكى يەتتە بېلىق، بىر - ئىككى كىيىملىك تورقۇ چەكمەن، تۇز سېلىپ ئاپىرىش ئادىتى مەۋجۇت بولۇپ ئۆتكەن. كېيىنچە، چانچىق تۆگۈشتىكى داستىخانغا بېلىق ئورنىغا شاتىۋا، تەدرىجىي زاۋۇت رەختلىرى سالىدىغان بولغان. قولتۇقتۇق بولۇش داستىخىنىغا يېرىم قوي ئورنىغا بىر قوي، ئىككى - ئۈچ كىيىملىك رەخت سېلىپ كېلىدىغان بولغان. بۇ ئادەت تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. قولتۇقتۇق بولۇش ئەمەلىيەتتە ئەل - يۇرت ئالدىدا قۇدىلىشىشقا بېرىلگەن ۋەدە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مەيلى قايسى بولمىسۇن ھەر قانداق شارائىتتا يالتىيىۋېلىشقا بولمايدۇ.

**قالىن (تويلۇق):** بۇرۇن قالىن (تويلۇق) ئۈچۈن بېلىق، ئۇجۇل، تورقۇ چەكمەن، تورقۇ، جىگدە، كىمە، گۆلمە (تور)، جەرەن، تۈلكە، مولۇن تېرىلىرى سېلىنىپ كەلگەن، كېيىن جەرەن، تۈلكە، مولۇن تېرىلىرى ئورنىغا قوي، كالا ياكى قوي، كالا بەدىلىگە كۈمۈش، يامبۇ سېلىنىدىغان بولغان. قول ئىلكىدە بارلار ئارا تويلۇق ئۈچۈن توققۇز ياكى يەتتە ئون بېلىق (20 بېلىق بىر ئون بېلىق ھېسابلىنىدۇ)، توققۇز ياكى يەتتە جەرەن، يا تۈلكە، يا مولۇن تېرىلىرى، بىر جۈپ كىمە، بىر جۈپ گۆلمە، توققۇز ياكى يەتتە كىيىملىك تورقۇ چەكمەن، ئىككى - ئۈچ خالتا ئۇجۇل، تۆت - بەش تاغار جىگدە، ئىككى ئارتىق تورقۇ؛ ئادەتتىكىلەر ئارا ھەممە ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ يۇقىرىقى تۈرلەر بويىچە سان، مىقدارىنى مۇۋاپىق كېمەيتىپ سېلىنىپ كەلگەن. قولى قىسقىلار ئارا ئىككى ئون بېلىق، بىر گۆلمە، يېرىم خالتا ئۇجۇل، بىر خالتا جىگدە، بىر - ئىككى كىيىملىك تورقۇ چەكمەن سېلىنىپ كەلگەن. ئەمما بۇ ئادەتلەر 30 - يىللاردىن كېيىن تەدرىجىي ئۆزگىرىپ، يۇقىرىقىدەك تويلۇق تۈرلىرىنىڭ ئورنىنى كالا، قوي، رەخت، ئاشلىق (بۇغداي ياكى ئۇن) ئالغان.

توي مەرىكىسى قىز تەرەپتىلا ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن. ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن تاشقىرى مەرىكىگە كەلگەن مېھمانلار بوسۇتىسىز كىلەتتى. تۇغقانلار بىردىن تىرىك مال (قوي) يېتىلەپ كىلەتتى. بۇرۇن توي مەشرەپسى بولماي مەرىكىدىن كېيىن ئوغلاق تارتىشىش بولاتتى. نىكاھ ئوغلاق تارتىشىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئاندىن ئوقۇلۇپ قىز كۆچۈرۈلىدۇ. قىز ئاتلىق ياكى پىيادە كۆچۈرۈلىدۇ. قىز كۆچۈرۈش جەريانىدا بولىدىغان قائىدە - يوسۇنلار باشقا رايونلاردىكىدىن پەرقلەنمەيدۇ. ئەمما قىز كۆچۈرگىلى كەلگەن تويچىلار ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە: «ئاتالار، ئىنە (ئانا) لەر، چوڭ

بەگلەر، ئاغاچىلار! كۈيئوغۇل سالام بەرەدۇر (بېرىدۇ) لار» دەپ تەڭ ۋارقىرىشىدۇ، ئۇنىڭغا جاۋابەن ئىشىك ئىچىدىن: «ئىلىك سالام! ئىلىك سالام!» دەپ ۋارقىرىشىدۇ، ئاندىن ئىشىك ئېچىلىدۇ.

**يۈز ئاچقۇ:** توي كۆچۈرۈلۈش جەريانىدىكى قائىدە - ئادەتلەردىمۇ باشقا پەرق يوق. بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، قىز ھوجرىغا باشلاپ ئەكىرىلگەندە ئالدى بىلەن پەۋاغا قويۇپ قويۇلغان تاش ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئاندىن يۈز ئېچىش پائالىيىتى باشلىنىدۇ. تاشتا ئولتۇرغۇزۇشتىن «كېلىن بالىمىز بۇ ئۆيگە تاشتەك ئورناپ كەتسۇن» دېگەن ئارزۇ - تىلەك ئىپادىلىنىدۇ. قىز تاشقا ئولتۇرغۇزۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قىزلار، يەڭگىلەر ئۈسسۇلغا چۈشىدۇ. قىزنىڭ يۈزى ئۈچ قات ياغلىق بىلەن يۆركەلگەن بولىدۇ. يەڭگىلەردىن بىرى ئۈسسۇل ئوينىغاچ، قىز يۈزىدىكى ياغلىقنى ئۈچ قېتىم قايرىپ ئېچىپ تاشلايدۇ، بۇ چاغدا قىز ئورنىدىن تۇرۇپ كۆپچىلىككە تەزىم بىجا كەلتۈرىدۇ. كۆپچىلىك بىردەك: مۇبارەك بولسۇن! قىزىڭلار توققۇز، ئوغلۇڭلار 30 بولسۇن! دەپ تەبرىكلەپ قايتىپ چىقىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مەرىكىمۇ ئاياغلىشىدۇ. 2 - كۈنى قىز تەرەپتىن ئەكېلىدىغان ئىسسىقلىق ئۈچۈنمۇ لوخو بېشى پىشۇرۇپ ئەكېلىش ئادىتى بولسىمۇ، ھازىر ئاش ئەكېلىش ئومۇملاشقان.

**چىللاق:** بۇرۇندىنلا چىللاققا كەلگەن مېھمانلار لوخو بېشى بىلەن مېھمان قىلىنىپ كەلگەن. توغقانلار ئارا قويۇلىدىغان سوۋغاتقىمۇ گۆش بىلەن توقاچ قويۇلۇپ كەلگەن. ئەمما گۆش توغقانلارنىڭ دەرىجىسىگە ماس كېلىشى شەرت، بۇ، «قويدۇرۇق» دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىنچە قويدۇرۇق ئۈچۈن رەخت قويۇلىدىغان بولغان. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدىمۇ قىزنىڭ تۇنجى تۇغۇتى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما بۆشۈك توي ھازىرقىدەك ھەشەمەتلىك ئەمەس، بەلكى ئاددىي ئۆتكۈزۈلەتتى. سۈننەت توي تېخىمۇ ئاددىي بولۇپ، پەقەت قولۇم - قوشنىلار، ئۇرۇق - توغقانلارنىڭ ئىشتىراكى بىلەن ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا يەنە يېقىن ئۆتىدىغان ئەل - ئاغىنىلەر ئارا ئاياللىرى ھامىلدار چاغدىلا قۇدىلىشىشقا ۋەدىلىشىدىغان ئادەتمۇ مەۋجۇت بولۇپ ئۆتكەن ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ كەلگەن.

## دىن - ئېتىقاد ئادەتلىرى

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى XIII ئەسىردىن كېيىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇن شامان، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. شۇڭا، لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا، ئىسلام كەيپىياتى ئانچە قويۇق ئەمەس. ئۇلار بۇرۇنقى دىن - ئېتىقادلىرىنىڭ قىسمەنلىرىنى ئىسلام شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. مەسىلەن:

1. بەش ۋاق نامازنىڭ ئۆتىلىشى ۋە باشقا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئىسلام دىنى مەجبۇرىيەت - قائىدىلىرىنىڭ ئادا قىلىنىشى ئىزچىل ۋە ئومۇميۈزلۈك ئەمەس، دىنىي مائارىپمۇ ئومۇملاشمىغان. 30 - يىللاردىن كېيىن تىكەنلىك، كۆنچى، چوڭكۆل، كۆزلە قاتارلىق يېزا - كەنتلەرگە مەسچىت بىنا قىلىنغان بولسىمۇ، باشقا مۇتلەق كەڭ يېزا - كەنتلەردە دىنىي خادىملار يوق دېيەرلىك ھالەتتە ئىدى. شۇڭا ئىلمى - مەرىپ قىلىش، مەۋلۇت ئوقۇش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇشقا ھەيدەكچىلىك - دالالەت قىلىدىغان پائالىيەتلەرمۇ ئېلىپ بېرىلمايتتى.

2. ئاز ساندىكى دىنىي خادىملار ۋە تەقۋادارلارنىڭ ئاياللىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپچىلىك ئاياللار ئارىسىدا يۈزىنى يېپىش ئادەت قىلىنمىغان. يەرلىك ئاياللار ئىچىدە بۇۋىمۇ يوق.

3. ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ئىسلام دىنىدا قاتتىق چەكلەنگەن، نامەھرەمچىلىككە ياتىدىغان ھادىسىلەر بىر قەدەر كۆپ ئۇچراپ تۇرسىمۇ، جەمئىيەتتە ئەجەبلىنەرلىك ئىشلاردىن ھېسابلانمايدۇ.

4. ئىسلامىيەتتىن كېيىن تا يېقىنقى دەۋرلەرگىچە قۇياشقا، ئاسمانغا، ئۇتقا قاراپ تۇكۈرۈشنى، كۈندۈزى قۇياشقا، كېچىسى ئايغا قاراپ چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىشنى، ئوت - چۆپ ئۈستىگە كىچىك تەرەت قىلىشنى «يامان بولىدۇ» دەپ قارايدىغان؛ تويدا قىزنى ئوتتىن ئاتلىتىدىغان، بارات ئېيىدىكى تۈنەك كېچىسى قاپاق كۆيدۈرىدىغان؛ ياشانغان كىشىلەر ئۆلگەن ئۆيدە يەتتە ياكى قىرىق كۈنگىچە كېچىسى چىراغ ئۆچۈرمەيدىغان ۋە ئۇنداق كىشىلەرنى سۇغا ئالغاندا، قول بارماقلىرىغا قاپچۇق سىلىپ تۇرۇپ سۇغا ئېلىش بىلەن، ئۇ قاپچۇقلارنى ھايات ياشاۋاتقان توغقانلار تەۋەررۈك قىلىپ ساقلايدىغان ۋە ئۇنى كۆز ئاغرىقىغا داۋا، دەپ كۆزگە سۈرتىدىغان؛ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە شەكىللەنگەن تەبىئەت ھادىسىلىرىگە، توتېملارغا، ئەجدادلارغا چوقۇنىدىغان ئادەتلەرنى ئىسلام شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

5. پالغا ئىشىنىش ناھايىتى ئومۇملاشقان. لوپنۇرلۇقلار ئادەتتە بېلىقنىڭ دولا سۆڭىكىدە پال سالىدۇ. پالچى دولا سۆڭەكنى ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭدا ھاسىل بولغان قاپارتمىلارغا قاراپ ھاجەتمەننىڭ مۇددىئاسىغا تەبىر بېرىدۇ.

6. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا مازايى - ماشايىقلارغا، سۇ - دەريا بويلىرىغا چىقىپ داش قاينىتىپ مازايى - ماشايىقلارغا سېغىنىدىغان، تەڭرىدىن سۇ، يامغۇر تەلەپ قىلىدىغان، زارا - خەتمە قىلىدىغان ئادەت يوق. شۇنىڭدەك لوپنۇر

ناھىيىسى دائىرىسىدە ئاتالمىش «ئۇلۇغلىرىم» نىڭ مازارلىرىمۇ يوق.

## ئۆلۈم - يېتىم ئادەتلىرى

ئۆلۈم - يېتىم ئادەتلىرىدە لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا مۇنداق ئالاھىدىلىكلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن: 1. ھازا ئېچىلغان ئۆيگە ئادەتتە ئىسسىقلىق ئەكىرىش ئومۇملاشمىغان (ھازىر بىردەك ئومۇملىشىپ كەتكەن). 2. ئۆلگۈچى ئۈچۈن ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا ياخشى كۆرىدىغان غىزا- تاماقلىرىنى ئېتىپ 20 نەزىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. 3. مېيىتنى ئۈزىتىپ ماڭغاندا شىرغا ياكى تاۋۇت ئالدىدا ئۆلگۈچى ھايات چاغدا كەيگەن ئاساسلىق كىيىملىرىنى، ياخشى كۆرىدىغان نەرسە - كېرەكلىرىنى مەرھۇم مىنگەن ئاتقا ئارتىپ يېتىلەپ ئېلىپ بېرىش بىلەن دەپنە مۇراسىمىدىن كېيىن ئۇ نەرسىلەرنى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىش، ئادەم نەدە ئۆلسە شۇ يەرگە دەپنە قىلىش، چوڭلار ھايات ۋاقتىدىلا ئۆزى ئۈچۈن خالىغان يەردىن يەرلىك كۆرسىتىپ قويۇشتەك ئادەتلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، ئەمما ھازىر ئادەتتىن قالغان. 4. ئۆلۈكنى دەپنە قىلىش جەھەتتە، بىر قەدەر بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا قۇرغاق ۋە دۆڭ يەرلەرگە قويۇش ياكى ئۆرە تۇرغان توغراق كاۋاكلىرىغا ئۆرىسىگە دەپنە قىلىشتىن سىرت، مېيىتنى يېكەنگە ئوراپ ئەر كىشى بولسا ئۈستىگە كېمە، ئايال بولسا ئۈستىگە چوڭ چارا (كىر يۇيىدىغان چوڭ تەڭلە) كۆمتۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىمۇ مەۋجۇت بولۇپ ئۆتكەن. كېيىنچە كېسەكتە تۈزگۈر ياساپ دەپنە قىلىش ئومۇملاشقان بولسىمۇ، تا يېقىنقى دەۋرلەرگىچە يەنىلا مەھەللە ئەتراپلىرىدىكى دۆڭلۈك ۋە قۇم دۆڭلىرىنىڭ قاپتاللىرىغا قەبرە ياساپ، مەخسۇس توپ قەبرىستانلىق بىنا قىلىش ئادەت قىلىنمىغان. شۇڭا يەككەقەبرىلەر «ماقات»، ئۇنداق قەبرىستانلىقنى «ئاگاي» دەپ ئاتىلىدۇ. 5. مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈشتە نوقۇل ئەرەبچە ئايەت ئوقۇماي، ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ بېيىت ئوقۇش ئادەت قىلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن:

ئوڭ قولاقىڭغا بەردىم سالاتۇ قامەت،
بۇرنۇڭغا بەردىم نۇشىئى تاھارەت.
ئاغزىڭغابەردىم كەلىمە شاھادەت،
بىزمۇ بارايلى دېگەنىدۇق،
ئۆزۈڭ ئالدىراپ كېتىۋاتىسەن،
بىز بارغۇچە خۇداغا ئامانەت.
ئاغام، دوغام! ئاغام، دوغام!

بۇ بېيىتلەر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مېيىتنىڭ ئوڭ قولىقى ئىككى قېتىم سوزۇپ قويۇلىدۇ. لېكىن، كېيىنچە تەدرىجىي ئەرەبچە ئايەت ئوقۇش ئومۇملاشقان.

## بايراملار

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىمۇ ئىككى ھېيت بايرىمىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزىدۇ، بولۇپمۇ قۇربان ھېيتنى چوڭ ئۆتكۈزىدۇ. قۇدرىتى يەتكەنلا ئائىلىلەردە قۇربانلىق قىلىنىدۇ. ئۇز ئارا قىزغىن ھېيتلىشىدۇ. ئۇلار بىر قەدەر تارقاق جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ھېيتلاش بىر ئايغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. ھېيت كۈنلىرى ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر چېلىشىش، چارقىپېلەك ئۇچۇش مۇسابىقىسى ۋە تۇخۇم چېكىشتۈرۈشكە ئوخشاش پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. ئىككى ھېيتتىن باشقا يەنە بارات ئېيىنىڭ 14 - كېچىسى تونەك بايرىمىنىمۇ ئۆتكۈزىدۇ. بۇ بايرام ئەسلى ئىسلام دىنىدىكى تونبويى تائەت - ئىبادەت قىلىپ يامان قىلمىشلار ئۈچۈن خۇدادىن كەچۈرۈم سورايدىغان مەخسۇس دىنىي پائالىيەت كېچىلىكى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىچىگە ئىسلامىيەتتىن كېيىن تارقالغان ۋە تەدرىجىي مىللىي ئادەت تۈسىنى ئالغان. ئەمما لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئۇ كېچىلىكنى ئۇ مەزمۇندا ئەمەس، بەلكى مەخسۇس ئەجدادلار روھىغا يىت پۇرىتىش كېچىلىكى قىلىپ ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. بۈگۈنگە بايرام تۈسىنى كىرگۈزىدىغان بىر پائالىيەت ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ياغلىق قاپاق كۆيدۈرۈشىدۇر. بۇ كۈنى كەچتە بالىلار كونا ياغلىق قاپاقنى كۆيدۈرۈپ: «بارات كەلدى، تونەك كېچە، ئۇخلىماڭلار تاڭ ئاتقۇچە؛ بارات كەلدى بۈگۈن كېچە، ئايدىڭدۇر تاڭ ئاتقۇچە؛ ئاپئاق ئايدىڭ بۇ كېچە، ئوينايمىز تاڭ ئاتقۇچە» دېگەن قوشاقنى ئېيتىشىپ مەھەللىنى ئارىلاپ ئوينايدۇ. قاپاقلىرىنى كۆيدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆيلىرىگە كىرىپ چوڭلارغا ئوخشاش ئۇيقۇسىنى ئۇخلايدۇ. بۇمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قەدىمكى ئادەت - ئەنئەنىلەرنىڭ ئىسلام شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇلۇپ كەلگەنلىكىنىڭ يەنە بىر مىسالى.

يەنە، 80 - 90 ياشلىق بوۋايلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە بۇرۇن «يىل» دېگەن بىر بايرام بولغانىكەن. بۇ بايرام ھەر يىلى يەر - زېمىندىن قار كېتىپ، دەريالاردا كۆمەل (لوپنۇر دىئالېكتىدا ئېرىپ ئاققان مۇز پارچىلىرى «كۆمەل» دەپ ئاتىلىدۇ) تۈگىگەن چاغلاردا ئۆتكۈزۈلىدىكەنتۇق. ئەمما ئۇنىڭ قايسى ئاي، قايسى كۈندە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى مەلۇم ئەمەس. لېكىن ئۇنىڭ «يىل» دەپ ئاتىلىشى ۋە يەر - زېمىندىن قار كېتىپ دەريالاردا كۆمەل تۈگىگەن چاغلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىغا ئاساسەن، ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى يېڭى يىل بايرىمى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەر بۇ بايرامنى ئىسلامىيەتتىن كېيىن «نەۋرۇز» (پارسچە «يېڭى» ، «يېڭى كۈن» دېگەن بولىدۇ) نامى بىلەن تا يېقىنقى دەۋرلەرگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى ئەنە شۇنىڭدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ، لوپنۇر

ئۇيغۇرلىرىدا ئۇلارنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن كۆچۈش ۋەقەسى جەريانىدا ئۇنتۇلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا نەۋرۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزۈش ئادەت قىلىنمىغان.

## مەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرى

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەنىۋى پائالىيەتلىرىنىڭ تۈرى بىرقەدەر ئاز، ئۇلار ئاساسەن قوشاق ئېيتىش، ھېكايە سۆزلەش، ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق مەنىۋى جەھەتتە ئوزۇقلىنىپ كەلگەن. بۇ پائالىيەتلەر ئىچىدە قوشاق ئېيتىش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار قوشاق توقۇش - ئېيتىشقا ناھايىتى ماھىر. لوپنۇرقوشاقلىرى ئۆزىنىڭ ئاددىي ، ئەمما مەزمۇنغا باي، ئوبرازلىق، كۈيىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ئەل ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا، ۋەتەن، ئەمگەك، مۇھەببەتنى كۈيلەيدىغان قوشاقلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

تولا ماڭىپ قاپارىپ كەتتى پۇتۇم،
زېرىكمەيمەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇم.
سەن يادىمغا يەتكەندە قىزىلگۈلۇم،
قانات تاقاپ لاچىن بولۇپلا ئۇچتۇم.

مانا مۇشۇ بىر كۇپلېت قوشاقتىلا يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەزمۇن ۋە ئالاھىدىلىكلەر تېپىك گەۋدىلەنگەن. لوپنۇر خەلقى ئىچىدە دائىم دېگۈدەك قوشاق ئېيتىشىش مۇسابىقىسى بولۇپ تۇرىدۇ. بەزىدە مۇسابىقە كۈننى تۈنگە ئۇلاپ داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. مۇنداق مۇسابىقىدىن خەۋەر تاپقانلار بىر - ئىككى كۈنلۈك يىراق جايلاردىنمۇ كېلىپ ئاڭلايدۇ. مۇسابىقە ئىككى ئەر ياكى ئىككى ئايال ، ۋە ياكى بىر ئەر بىر ئايال ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىپ، بىر كۇپلېتقا قارشى بىر كۇپلېت، بىر يۈرۈش قوشاققا قارشى بىر يۈرۈش قوشاق ئېيتىلىدۇ. بىر كۇبلىتقا قارشى بىر كۇبلىت ئېيتىلغاندا، قوشاق شۇ نەق مەيداندا توقۇلىدۇ. مۇنداق قوشاقلاردا بىر - بىرىنىڭ تەقى - تۇرقى، خۇسۇسىيەت - ئالاھىدىلىكلىرى، قىلمىشلىرىنى تەسۋىرلەش مەزمۇن قىلىنىدۇ. بىر يۈرۈش قوشاقلاردا، مەلۇم بىر ۋەقە، سەرگۈزەشتىلەر مەزمۇن قىلىنغان بولۇپ، مەنتىقىي جەھەتتە ناھايىتى جىپسىلاشقان بولىدۇ. تىكەنلىك يېزىسىدا پوتا ئويناش مەزمۇن قىلىنغان مەشرەپ، شورپا ، گۆش ئاساس قىلىنغان باغ باراۋىتى؛ قاتارى مەشرەپ (قىش كۈنلىرى) ئۆتكۈزۈلىدۇ. باراۋەت قاتارلىق مەشرەپلەردە دۇتار بىلەن مۇقام ئاڭلاش، چاقچاق، كىتابخانلىق قاتارلىق پائالىيەتلەر بولىدۇ.

## پىسخىك ھالىتى

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئۆزىنىڭ ئاقكۆڭۈل، زېرەك، مەرد - مەردانە، خۇشچاقچاق، ھېسسىياتچان، ئاددىي - ساددا، ئەمگەكچان، قانائەتچان - چىدامىلىق، ھالىمەن، يارىمەن، يۇرت سۆيەر، جەسۇر قاتارلىق مىجەز - خۇلقى بىلەن كىشىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ. مۇنداق خىسلەت - پەزىلەتلەر ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئۇچرايدىغان ياخشى - يامان ئىشلارغا، پۈتۈن جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا قارىتا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى، ئەل - يۇرتقا بولغان مۇھەببىتى، سەمىمىي - سادىقلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇلار ئەل - يۇرت ۋە شەخسلەر ئۈچۈن مەردلىك كۆرسەتكەنلەرنى «ئەلنىڭ جانى (جېنى) ساڭا بولسۇن» ، «باشىڭدىن ئەل ئايلانسۇن» ، «جانىم ساڭا» دەپ ماختاپ - ئالقىشلىسا، يۇرت - جامائەت ۋە شەخسلەر مەنپەئىتىگە زىيان سالغانلارنى «جانىڭ ئەلگە كىرسۇن» ، «ئۆيۈڭدە پاقا چىللار» (ئۆيۈڭ چۆللىشىپ ۋەيران بولسۇن، دېگەن بولىدۇ) دەپ قاغايدۇ. شەخسلەر ئارا جېدەللىشىپ قالسا، ھەرقانچە قەھىر - غەزەپكە كېلىشىپ كەتسىمۇ، ئاغزىنى بۇزۇپ يامان تىللاردا تىللىشىش، ئاسانلىقچە قول ئۇزىتىپ ئۇرۇشۇش ئادىتى يوق بولۇپ، پەقەت «ئاۋاڭ (دادا) ياكى ئىنەڭ (ئانا) ئۆل» ، «تىلىڭغا يامان چىق (يارا چىق)» ، «بوغزۇڭ كۆپ» ، «ئاۋاڭنىڭ ئاگايىدا پاقا چىللار» دېگەندەك قارغىشلار بىلەنلا چەكلىنىدۇ. باشقىلارنىڭ ياردىمىگە سۆيۈنۈشتە ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتە «قاراغىم جانىم ساڭا» ، «قاراغىم ياكى جانىم باشىڭدىن ئايلاناي» دەيدۇ. باللىرى ياكى باشقىلارغا ئامراقلىقىنى بىلدۈرۈشتە: «قاراغىم، جانىم، قاناتىم» دەيدۇ. يالغان سۆزلەش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، ئالدامچىلىق قاتارلىق قىلمىشلارنى بەك يامان كۆرىدۇ. ئۆتنە - يېرىمغا سادىق كېلىدۇ، دېگەن ۋاقتىدا قايتۇرىدۇ. ھەرقانداق مۇئامىلىدە بىرەر باراۋەرسىزلىك، ۋاپاسىزلىق كۆرسە، ئۇنداق ئادەم بىلەن ئىككىنچى بېرىش - كېلىش قىلمايدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ. جامائەت مەنپەئىتىگە ئالاقىدار ئەمگەك - ھاشارلاردىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ.

لوپنۇرلۇقلار يۇقۇملۇق كېسەلدىن، بولۇپمۇ ۋابادىن ئىنتايىن قورقىدۇ. ئەگەر ۋابا تارقىلىپ قالغۇدەك بولسا، دەرھال يىراق جايغا كۆچۈپ كېتىشىدۇ. ئۆلتۈرۈشلۈك مەھەللىلىرىدىن چىقىپ خېلى يەرگىچە بولغان ئارىلىق (ماڭغان يول) نى ئۆرتەپ مېڭىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە ئورۇنغا توساق بىنا قىلىپ قويىدۇ.

يەنە مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن سەپەرگە چىقىشقا توغرا كېلىپ، خوشلىشىپ بوسۇق ئاتلاپ چىققاندىن كېيىن كەينىگە يېنىپ ئۆيگە كىرىشنى «يىگىت باسقان ئىزىدىن، دېگەن لەۋزىدىن قايتمايدۇ» دەپ يامان ئالىدۇ؛ مەلۇم سەۋەبلەر

بىلەن يىراق جايلاردا تۇرۇپ قىلىشقا توغرا كەلگەنلەر سەپەرگە چىقىشتا قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ خۇرجۇنىغا توقاچ سېلىشتىن تاشقىرى «ئەل - يۇرتۇڭنى سېغىنغاندا پۇرا» دېگەن مەقسەتتە بىر كىچىك خالتىغا ئېتىز تۇپىسىنى تىكىپ سېلىپ قويىدۇ ياكى چاپىنىنىڭ مۇرىسىنىڭ قېتىغا تىكىپ قويىدۇ. يەنە شۇنداق زۇرۇرىيەتلەر تۇپەيلىدىن ئەل - يۇرتىدىن ئايرىلىپ يىراقلاردا قالغان ئاتا - ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر، ئۇرۇق - تۇغقانلار، ئەر - خوتۇن ياكى سۆيۈشكەنلەر ئارا خەت - خالتا ئەۋەتىشكەندە خەت ياكى خالتا ئىچىگە (لاتىغا ئوراپ) بىر تال سامان، بىر تال ئۇچار قۇشنىڭ ماموقى، كىچىككىنە بىر تال كۆمۈر پارچىسى (خەت بولغان تەقدىردە خەتنىڭ بىر چېتىگە كۆمۈردە بىر سىزىقچە سىزىپ قويىدۇ) سېلىپ قويىدۇ. ئۇلار مۇنداق ئاددىي، ئەمما ئىنتايىن سىمۋوللۇق ۋاستە ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەل - يۇرت ۋە ئۆز ئارا مېھىر - مۇھەببەت پىراقىدا «سارغىيىپ ساماندەك، كۆيۈپ كۆمۈردەك بولدۇم، قانىتىم بولسا، ئۇچۇپ بارغۇدەك ھالەتكە كەلدىم» دېگەن مەقسەت ۋە قايناق، سەممىي ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئۇقتۇرىدۇ.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېرەك ۋە پەم - پاراسەتلىكلىكى ئۇلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەشكە ۋە ئۇ تەجرىبىلەرنى ئەمەلىيەتكە يېتەكچى قىلىشقا ماھىر بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: چارۋا - مالLاردىكى ھەر خىل خۇسۇسىيەتلەر ئارقىلىق جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاشتا ئۈنۈملۈك چارىلەرنى تاپقان. بۇ ئۇلاردىكى ئىزچىللىق، كۆمۈكچىلىك ئادەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ.

**ئىزچىللىق:** ئۇلار ئوغرىلانغان ياكى يىتىپ كەتكەن جاندار، قاچقۇنلارنىڭ ئىزىغا قاراپ توغرا ھۆكۈم چىقىرىشقا، يول ئادىشىپ ياكى چۆل - جەزىرىلەردە خەتەر ئەھۋال ئاستىدا قالغاندا، ئايغىر ئاتتىن پايدىلىنىپ نىشان توغرىلاشقا ماھىر. ئۇلار ھەتتا ئوغرىلانغان جاندارلارنىڭ ئۈستىگە يۈك ئارتىلغان ياكى ئادەم مىنگەنلىكى، ئادەم مىنگەن بولسا، ئۇنىڭ ئەر - ئاياللىقى، ئايال بولغاندا ئۇنىڭ سالتاڭ ياكى ھامىلدار ئىكەنلىكىنىمۇ پەرق ئېتەلەيدۇ. بۇنىڭ ھەممىسىدە، جاندارنىڭ ئاياغ ئىزىنىڭ يەرگە چۈشۈشىدە، قاچاقنىڭ دەسلەپ ۋە كېيىن قانداق قەدەم تاشلىشىدا ھاسىل بولىدىغان ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر ئاساس قىلىنىدۇ. نىشان توغرىلاشتا، ئايغىر ئاتنىڭ ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆزى بېقىلغان، يايلىغان يېرىنى ئۇنتۇمايدىغانلىق خۇسۇسىيىتى ئاساس قىلىنغان.

**كۆمۈكچىلىك:** لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى كۆپ ئىزدىنىشلەر نەتىجىسىدە، قوم ئاستىنىڭ قاچانلا بولسا بىردەك قۇرغاق، سالقىن، قىشلىقى توڭلىماي تۇرىدىغان، چاشقان ئورا قازالمايدىغان خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن كۆمۈكچىلىككە

ئادەتلەنگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ئاشلىقى، بېلىقى ۋە قىممەت باھالىق نەرسىلىرىنى يامان كۆزلەردىن يىراق تۇتۇش، مىتە - كۈيە چۈشۈپ بۇزۇلۇشىدىن ساقلاش ئۈچۈن قۇم ئاستىغا كۆمۈپ قويىدۇ. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە مۇشۇنداق ماھىر كىشىلەر ۋە ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىرلەر بولغاچقا، ئۆز دەۋرىدە ئوغرى - يالغان ناھايىتى ئاز ئىدى.

ئىزچىللىق، كۆمۈكچىلىك، كۆرۈنۈشتە ئاددىي بىر تەجرىبىدىن ئىبارەتتەك قىلىدۇ، ئەمما ئوبدان كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا بەلگىلىك قانۇنىيەت بارلىقى روشەن مەلۇم بولىدۇ. ئۇنى تەتقىق قىلىپ ئىلمىي سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ ۋارىسلىق قىلىش ۋە جارى قىلدۇرۇشقا ئەرزىيدۇ.

## گۈزەللىك زەۋقى

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆز دەۋرىدە ياشاپ كەلگەن جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئۇلاردا ئۆزىگە خاس گۈزەللىك زەۋقىنى يېتىشتۈرگەن. بۇ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ سەممىي - ساددىلىق، ئاقكۆڭۈللۈك ئۇرغۇپ تۇرغان مىجەز - خاراكتېرىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار قەلبى گۈزەللىكنى ئىنسانغا خاس ئەڭ ئاساسلىق گۈزەللىك ھېساپلايدۇ. بۇ ئۇلاردىكى «باشى قارا بولغانىلا ئادەم ئەمەس» دېگەن ماقالىدا روشەن خاراكتېرلەنگەن. ئۇلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان زەۋقى - ھېسسىياتىمۇ ناھايىتى روشەن خاراكتېرگە ئىگە. ئۇلار يېشىل، يۇلغۇن چېچىكى (ئاچ قىزىل)، ئاق، ھاۋا رەڭ نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. قارا، سېرىق رەڭ نەرسىلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارچە يېشىل - گۈللەش - ياشناش، ئاۋاتلىقنىڭ، ھاۋارەڭ - سۇ - مەۋجۇدىيەتنىڭ، شاپتۇل چېچىكى (ئاچ قىزىل) - شادلىقنىڭ ئالامىتى. چۈنكى لوپنۇر رايونىدىكى كەڭ دالا، قۇملۇقلاردا يۇلغۇن كۆپ بولۇپ، ئۇ چېچەكلىگەندە چۆل - جەزىرە قىزغۇچ تونغا پۈركىنىپ كىشى قەلبىدە شادلىق تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتىدۇ. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا ئاق - پاكلىق، يورۇقلۇق، ئۇڭۇشلۇقنىڭ، قارا - قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت، جۇتلۇقنىڭ، سېرىق - ھەسرەت - نادامەتنىڭ ئالامىتىدۇر. ئۇلارنىڭ قارىشىچە داۋۇ - دەرەخ، ئۆسۈملۈك، گۈل - گىياھ ئۈنۈپ، ئۆسۈپ، چېچەكلەپ، ئاخىر سارغىيىپ سولىدۇ، تۆكۈلىدۇ، قېرىيدۇ، قۇرۇيدۇ، ئادەمنىڭ ھاياتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى كىيىنىشتە ئاساسەن يېشىل، ئاق، ھاۋارەڭ، شاپتۇل چېچىكى ۋە شۇ رەڭلەرگە مايىل رەختلەردە كىيىم كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

## ئات - ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا ئات - ئىسىم قويۇشتا ئەجدادلىرىمىزنىڭ جانلىق - جانسىز تەبىئەت

شەيئىلىرى سىمۋول قىلىنغان، بالا تۇغۇلغان ۋاقىتتىكى مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدىلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، تۇغۇلغان بالىدىن كۈتۈلىدىغان ئارزۇ - ئۈمىدلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆز - ئىبارىلەرنى ئىسىم قىلىپ قويۇشتەك ئەنئەنىلەر بىر قەدەر تولۇق ساقلىنىپ كەلگەن. ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەرەبچە - پارسچە ئىسىم قويۇش مىللىي ئادەت تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، ئەنئەنە ئاساسىدا ئۇيغۇرچە قويۇلغان ئىسىملار يەنىلا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، يولۋاس، كىيىكباي، قۇلانباي، پولات، تۆمۈر، تۇرسۇن، توختىتاش، چورۇق، توقۇم، تىلەك (باي)، ئىگەمبەردى، (كۈن) تۇغمەت، (كۈن) پاتقانباي، قوشمەت، بۇللاباي، قاراجان، ئۇتۇق، تالىش، ئاق، سۈيۈم، ئالماسخان، مايسىخان، چولپان، يۇلتۇز، ئايخان، ئالتۇن (خان)، ئالمىخان، تۆمۈرخان، چىمەن، ئارزۇخان قاتارلىقلار. لوپنۇرلۇقلاردا ئەر - ئايال ئىسىملىرى ئاخىرىغا ئاخۇن، باي، بەگ، جان، خان دېگەندەك سۆزلەرنى قوشۇپ ئاتاشتىن تاشقىرى باشقا رايونلاردىكىدەك تاي، قىز، ئاي، گۈل، بانۇ، بۈۋى قاتارلىق سۆزلەرنى قوشۇپ ئاتاش ئادەت قىلىنمىغان.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدىمۇ لەقەم قويۇش ناھايىتى ئومۇملاشقان. ئۇلار لەقەم قويۇشقىمۇ ناھايىتى ماھىر. كىشىلەرنىڭ مىجەز - خۇلقى، تەق - تۇرقى، يۈرۈش - تۇرۇشى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ لەقەم قويۇۋېرىدۇ. كىشىلەر لەقەمنىمۇ يامان كۆرمەيدۇ. مەسىلەن، ئوسمان ئاچچىق، داۋۇت قۇشقاچ، تۇردى دىگدىڭ، ئابدۇل پايىز، ئارۇپ داپپاردى، ئابدۇل ساقال، تۆمۈر گۇلدۇر، تۇلكە قادىر، نىياز پالگان (پالۋان)، تۇرسۇن كېپەك، يۈسۈپ قاتار، قاسىم تېرىق قاتارلىقلار.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخ، ئېتنوگرافىيىسى، ئېتىقاد، دۇنيا قارىشى، پسىخولوگىيىسى، يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى پايدىلىنىشقا ئەرزىيدىغان ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بۇ قېتىمقى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش جەريانىدا باشتىن - ئاخىر قىزغىن ۋە خالىسانە ياردەم بەرگەن غوپۇر ياقۇپ، ياسىن ئاسىم قاتارلىق يېشقەدەم زىيالىيلىرىمىزغا سەمىمىي تەشەككۈر ئېيتىمەن.

(M1)



مىللەتشۇناسلىق ۋە ئېتنوگرافىيە ساھەسىدە سەمەرىلىك ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان ئىجتىھاتلىق تەتقىقاتچى ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا ئەپەندى 1932 - يىلى كورلا شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1943 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە ئۈلكىلىك ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندە، 1951 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان ۋە 1963 - يىلغىچە مەزكۇر ئىنستىتۇت تىل فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. 1976 - يىلدىن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا ئەپەندىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىلمىي ماقالىلىرىدىن «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئۈستىدە يېڭى ئىزدىنىش»، «19 - ئەسىردە شىنجاڭ رايونىدا يۈز بەرگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدا»، «ئاتاقلىق ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ۋە مىللەتشۇناسلىق توغرىسىدا»، «لوپنۇر ۋە لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا»، «ئالتاي رايونىدىكى تۇۋالارنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئىجتىمائىي فورماتسىيىسى»، «شەرقىي شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان مىللەتشۇناسلىق تەكشۈرۈش دوكلاتى»، «تۇرپان، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرى جەھەتتىكى مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» (بۇ ماقالە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1987 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان - مۇھەررىردىن)، «ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك» قاتارلىقلار دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئۇنىڭ ئۇزاق يىللار جاپالىق ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يېزىپ چىققان «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك نادىر ئەسىرى 1993 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى بويىچە قورال كىتاب ھېسابلانغان بۇ يىرىك ئىلمىي ئەسەر 1994 - يىلى 2 - قېتىملىق جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى كىتابلار بويىچە مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 1995 - يىلى 8 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن شىمالىي جۇڭگو بويىچە ئىككىنچى قېتىملىق خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا ئەپەندى 1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 64 يېشىدا بەختكە قارشى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

- مۇھەررىردىن

# تۆمۈر شاھ رىۋايىتى



### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

قەدىمكى زاماندا، تۈركىي ماكاندا تەڭدىشى يوق - قۇدرەتلىك، ئوردا - قەلئەلىرى ھەيۋەتلىك، دۇنياغا داڭلىق تۆمۈر ئاتلىق بىر شاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ، جەڭ - ئۇرۇشلاردا قابىل، ئۆز پۇقرالىرىغا ئادىل ئىكەن. پۇقرالارمۇ ئۆز شاھىغا ئىنتائەتمەن، ئۆزئارا تىنچ - شادىمان ئىكەن. خاننىڭ ھۆسن - جامالدا تەڭداشسىز، ئەخلاقتا پازىل، بىلىمدە كامىل بىر سىڭلىسى بولۇپ، ئىسمى زۆھرە ئىكەن. شاھ سىڭلىسىنى بەكمۇ ئىززەتلەيدىكەن. چوڭ - كىچىك ئىشلاردا ئۇنىڭ بىلەن با مەسلىھەت ئىش قىلىدىكەن.

ئەلقىسسە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۆمۈر شاھ غەلىتە چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە مۇنداق ئىش كۆرۈپتۇ: ئۇ قىرىق نەۋكەر بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. نۇرغۇن ئولجىلار بىلەن خۇشال قايتىپ كېلىۋاتسا تۇساتتىن يولنى بىر توپ قاۋان توساپتۇ، ئەتراپقا قارىسا بىرمۇ كىشى يوق، قىرىق قاۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئۆزى يالغۇز تۇرغىدەك. ئىلاجىسىز قالغان شاھ دەرغەزەپ بىلەن زۇلپىقارىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئۆزىگە خىرىس قىلغان قاۋانغا ئۇرغانىكەن، زۇلپىقار سۇنۇپ كېتىپتۇ. قاۋان بولسا قىمىر قىلماي تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن قاۋانلار بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كەلگەنىكەن، ئىلاجىسىز قالغان شاھ جاننىڭ تاتلىقلىقىدا ۋارقىراپ تاشلاپتۇ. ئۆز ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغانغان شاھ قارا تەرگە چۆمۈلۈپ، ئەندىشىلىك خىياللارغا كۆمۈلۈپ تاڭنى ئاتقۇزۇپتۇ. ئۇ، چاشكىدىن كېيىن شاھانە تەختىدە ئولتۇرۇپ، بارلىق مۇنەججىملەرنى ئوردىغا يىغىلىشقا پەرمان بېرىپتۇ. مۇنەججىملەر ھازىر بوپتۇ. شاھ ئۇلاردىن كېچە كۆرگەن چۈشىگە تەبىر بېرىشنى سوراپتۇ. مۇنەججىملەر ئۈستۈرلاپقا قارىشىپ، بىر - بىرىنىڭ ئاغزىنى مارىشىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. شاھ ئۈستۈرلاپقا نېمە چىقسا بىرنى قالدۇرماي، يالغاننى قىستۇرماي ئەينەن ئېيتىشنى تاپىلاپتۇ.

مۇنەججىملەرنىڭ روھى قېچىپ، بىرى بىرىنىڭ ئاغزىغا بېقىپ، ئاخىر تىلغا كېلىپ تۆۋەندىكىدەك تەبىر بېرىپتۇ:

- قۇدرىتى تەڭداشسىز، پاراستى چەكسىز شاھىمىنىڭ كېچە كۆرگەن چۈشى شۇنىڭدىن بىشارەت بېرۇركى، سەلتەنەتلىك شاھىمىنىڭ ھامىيلىقىدىكى زېمىنلاردا ئەمىنلىك، شادى خۇراملىق، باياشاتلىق ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرگەنلىكتىن شاھىمىنىڭ شۆھرىتىگە ئىچىتارلىق قىلىپ، رىسقىغا توپا سېلىپ دىيارىمىزغا لەكمىڭ - لەكمىڭ لەشكىرى، مىڭ - تۈمەن خىل ھىيلە - مىكرى بىلەن قوشۇن تارتىپ غەيرىي بىر قەبىلە كېلىۋېتىپتۇ. قۇدرەتلىك شاھىمىزنىڭ زۇلپىقارىنىڭ سۇنۇشى ھالاكەتتىن بىشارەتتۇر، - دېيىشىپ باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپتۇ.

شاھ ۋەھىمە ئىچىدە بېشى قېتىپ، ئايىغىنى ئېغىر بېسىپ ھەمشىرىسى زۆھرەخاننىڭ ھوجرىسىغا كىرىپتۇ. كۆرگەن چۈشىنى، مۇنەججىملەرنىڭ تەبىرلىرىنى سىڭلىسىغا ئەينەن سۆزلەپ بېرىپتۇ. سىڭلىسى ئويلىنىپ تۇرۇپ:

- قۇدرەتلىك شاھ ئاكا، مېنىڭچە، چۈشىڭىزنىڭ تەبىرى مۇنداق بولۇشى كېرەك: سىزنىڭ قىرىق نەۋكەر بىلەن ئوۋغا چىققىنىڭىز - قوشۇن باشلاپ ياۋ ئۈستىگە ئاتلانغىنىڭىزنىڭ، نۇرغۇن ئولجىلارنى ئېلىپ خۇشال يانغىنىڭىز - ئۇرۇشتىن نۇسرەت بىلەن قايتقىنىڭىزنىڭ، يولىڭىزدا قاۋانلار ئارىسىدا يالغۇز قالغىنىڭىز - قايتىش يولىدا پېشكەللىك يېتىپ تۇيۇقسىز كەلگەن يات تائىپىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچار بولغىنىڭىزنىڭ، زۇلپىقارىڭىزنىڭ ئۆتمەي سۇنۇپ كېتىشى - بېشىڭىزغا ئېيتقۇسىز ھالاكەت يەتكەنلىكىنىڭ بىشارىتىمىكىن. سىز بۇنىڭغا خىيال - ئەندىشە بىلەن تاقابىل كېلەلمەيسىز. ئەلۋەتتە، لەشكىرىي قوشۇننى كۈچەيتىپ، تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، ھوشيارلىق بىلەن تەييار تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، - دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

شاھ سىڭلىسىنىڭ مەسلىھىتى بويىچە ئەلەمدار - قەلەمدار ئاكا بىرلىرى بىلەن باش قوشۇپ، قوشۇننى رەتلەپ، تەييارلىقنى كۈچەيتىپ، جەڭ ھالىتىدە تۇرۇشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

ئوردا جىددىي تۈس ئېلىپتۇ. سەركەردىلەر ۋە لەشكەرلەر بىر ئاي ئىچىدە ئۇرۇش تەييارلىقىنى تەق قىلىپ سەپراس تۇرۇپتۇ. تۆمۈر شاھ پۈتۈن قوشۇننى كۆزدىن

كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن تۇلپارغا مىنىپ، سىگىلىسى زۆھرەنى بىرگە ئېلىپ، قوشۇننى باشلاپ تەڭرىتاغلىرىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ماڭا - ماڭا يۇلتۇز دېگەن جايغا يېتىپتۇ. يۇلتۇز ئورمىنى قېلىن، ئوت - چۆپلىرى بولۇق، سۇلىرى سۈزۈك، تورلۇك ئاتلار يايرىغان، قۇشلىرى سايرىغان جانغا ھۇزۇر بەلەن جاي ئىكەن. شاھ قوشۇننى توختىتىپ، ئاتلارنى ئوتلىتىپ، لەشكەرلەرنى ئويناتىپ، بىر نەچچە كۈن ھاردۇق ئالغاندىن كېيىن ئاندىن يولغا چىقىشنى ئېيتىپتۇ.

ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەسلىھەت بويىچە سىگىلىسى زۆھرەنى مۇشاۋىر، راھمان سەردارنى باش قوماندان قىلىپ، 20 مىڭ لەشكەر بىلەن ئېمىل - ئېرتىش دەريا بويلىرىغا يولغا سېلىپ، ئۆزى يۇسۇپخان سەردارنى باش قوماندان قىلىپ، 30 مىڭ لەشكەر بىلەن تەڭرىتاغلىرىنى بويلاپ ئىلگىرىلىمەكچى بوپتۇ.

ئەلقىسسە، تۆمۈر شاھ تەڭرىتاغلىرىنى بويلاپ قالماقلارنىڭ شەھەر - قەلئەلىرىنى بىر - بىرلەپ ئىگىلەپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەپتۇ. بۇ يېڭىلمەس قوشۇننىڭ شۆھرىتى دۇنياغا پۇر كېتىپتۇ. قالماقلار ئىچىگە بىر ۋەھىمە خۇددى شامالدەك تارقىلىپتۇ. قالماقلار بىر - بىرىگە: «بىر مۇسۇلمان قوشۇنى مەغرىب تەرەپتىن كەپتۇدەك، تۆمۈر دېگەن شاھمىدەك، بۇ قوشۇننىڭ قەدىمى يەتكەن جايدا قىيامەت قايىم بولغۇدەك» دېگەن خەۋەرنى تارقىتىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پۇقرادىن تارتىپ ئەمەلدارغىچە، لەشكەردىن سەردارغىچە دىر - دىر-تىترەيدىكەن، قوللىرى ئىشقا، تىللىرى گەپكە كەلمەيدىكەن.

تۆمۈر شاھ سولمىبالىقنى ئىشغال قىلىپ، دۈشمەنلىرىنى ۋەيران قىلىپ، كېچە - كۈندۈز يول بېسىپ بېشبالىق قەلئەسىگە قوشۇن تارتىپ يېتىپ كەپتۇ. بۇ قەلئە شۇنداق پۇختا بولۇپ، تاشتىن قوپۇرۇلغان تاملىرى بەھەيۋەت، دەرۋازا - قوۋۇقلىرى قەۋەت - قەۋەت، تۇرشاۋۇل - لەشكەرلىرى رەت - رەت تۇرغۇدەك. تۆمۈر شاھ قوشۇنلىرى ناغرا - سۇناي، تەبىل - كانايلارنى چېلىپ، سۈر - ھەيۋەت بىلەن نەرە تارتىپ كەپتەرگە ئېتىلغان لاچىنىدەك كېلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بەزى قالماق لەشكەرلىرىنىڭ روھى چىقىپ، يۈرىكى يېرىلىپ چالما كېسەكتەك سېپىلدىن ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ. بەزىلىرى قوۋۇق - دەرۋازىلارنى تاشلاپ قېچىپتۇ. تۆمۈر شاھنىڭ لەشكەرلىرى قىلىچلىرىنى ئويىنىتىپ، ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ «قىر - چاپ» بىلەن ئوردا تېمىغىچە كېلىپتۇ. ئوردا ئىچى قىزىل قىيامەت بولۇپتۇ. قالماق لەشكەرلىرى توپان بالاسى يېتىپ كەلگەندەك ئۆز جېنىنى ئېلىپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىپتۇ.

قالماق خانى ئارغۇ ئىسىنى يىغىپ، جېنىنى چەتكە ئېلىپ قېچىشىغا، سۈر - توقاي بىلەن ئوردىغا بېسىپ كىرگەن پەھلىۋان يۇسۇپخانغا دۈچ كەپتۇ. يۇسۇپخان دولدۇلنى توختىتىپ، ئالاقزادە بولۇپ قالغان ئارغۇغا قاراپ، - ئەي جوھۇت، توختا، - دەپ مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

كۆرسىتەي كۈچۈمنى سېنى قىلىپ ھالسىز،
زۇلپىقارىم قىلغاي سېنى ئەمدى جانسىز.
ئىمان ئېيتىپ قىلمىسالڭ بەيئەت ئەي كاپىر،
قىلۇرمەن بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا ھازىر.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئارغۇ ئۆزىگە كېلىپ، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ مۇنداق نەزمە ئوقۇپتۇ:

ئاڭلا، ئىسمىم خاقانۇ ئارغۇ،
ناكەس ئەمەسمەن كۈچۈم بارغۇ.
قولۇمدا مانا پولات قىلىچ،
بولۇر ئالدىرىما كۆزۈڭ قارىغۇ.

دەپتۇ - دە، شىردەك ھۆركىرەپ، قىلىچىنى ئويىنىتىپ سەردار يۇسۇپخانغا ئېتىلىپتۇ. ئىككى پەھلىۋان شۇنداق ئېلىشىپتۇكى، سەھەر قۇياشى غەربتىكى تاغقا باش قويۇپتۇ، توپا - چاڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ھەر ئىككىسىنىڭ بەدەنلىرىدىن تەر ئەمەس قان قۇيۇلۇپ يەر قىپقىزىل بويۇلۇپتۇ. ئارغۇ بارغانسېرى ھالسىراشقا باشلاپتۇ. رەقىبىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنى كۆرگەن يۇسۇپخان سەردار ئارغۇنى ئاتتىن يۇلۇۋېلىپ يەرگە شۇنداق ئۇرۇپتۇكى، تىن تارتماي جان بېرىپتۇ. ئوردىدا غالىبلارنىڭ تۇغ - ئەلەملىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ. تۆمۈر شاھ ئۈچ كۈن ئارام ئېلىپ، لەشكىرىي قوشۇننى رەتكە سېلىپ، ئولجىلارنى لەشكەرلەرگە تەڭ بۆلۈپ بېرىپتۇ. ئۆز غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىپ، خانىنىڭ چۈشىگە يامان تەبىر بەرگەن مۇنەججىملەرنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپتۇ. بەزىمە قۇرۇپ، كەيپ - ساپا، ئەيشى - ئىشرەتكە بېرىلىپ، ھوشيارلىقنى يوقىتىپ، جاسارەتنى قولدىن بېرىپتۇ.

ئەلقىسسە، ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا، تەڭرىتېغىنىڭ باغرىدا مورۇن قەلئەسى بولۇپ، بۇ يۇرتتىكى قالماقلارنىڭ خانى نىرىڭگىر تۆمۈرخان قوشۇنلىرىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دائىم تىڭچىلارنى ئەۋەتىپ تۇرىدىكەن. ئۇ، قالماقلارنىڭ بېشىغا ئاپەت بولۇپ، كۆرۈۋاتقان جەننىتىنى جەھەننەمگە ئايلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنىڭ ھەيۋىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز قوشۇنلىرىغا قاتتىق لەشكىرىي تەلىم بەرگەندىن سىرت قولىغا قورال تۇتقۇچىلىكى بار پۇقرالارنىڭ ھەممىسىنى قوراللاندۇرۇپ، جەڭ تەييارلىقىنى تەق قىلىپ، مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپتۇ.

قەلئە تاغ ئېغىزىغا سېلىنغانىكەن. قەلئەنىڭ ئىككى تەرىپىدە مەشرىقتىن مەغرىبكە غاز قانىتىدەك سوزۇلغان ئىككى تاغ بولۇپ، خۇددى قالقاندەك قەلئەنى توسۇپ تۇرىدىكەن. نىرىڭگىر قولاي تەبىئىي شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئوردا ئىچىگە پەھلىۋانلارنى مۆكتۈرۈپ، قالقانتاغ جىلغىلىرىغا بۆكتۈرمىلەر قويۇپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي تۆمۈرخان قوشۇنلىرى دەبدەبە بىلەن يېتىپ كېلىپتۇ. مورۇن قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىپ ئىككى كۈنگىچە قەلئەگە يېقىن كېلەلمەپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى تۆمۈرخان قوشۇنلىرى ھۇجۇمنى توختىتىپ قەلئەنى ئېلىش پىلانىنى مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئارقا تەرەپتىن قويۇق چاڭ كۆتۈرۈلۈپ ئون مىڭ لەشكەر يوپۇرۇلۇپ ئېتىلىپ چىقىپتۇ - دە، نەرە تارتىپ بۆسۈپ كېلىپتۇ. ئىككى تەرەپتىن قىستاپ كېلىپ ئوق يامغۇرىغا تۇتۇپتۇ. تۇيۇقسىز بېرىلگەن زەربىدىن تۆمۈرخان قوشۇنلىرى پاتىپاراقلىشىپ، نۇرغۇنلىرى قوراللىرىنى تاشلاپ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پېتىراپ قېچىپتۇ. ئۈچ كۈن

داۋاملاشقان قاتتىق جەڭدە نۇرغۇن لەشكەرلىرىدىن ئايرىلغان تۆمۈرشاھ ئائىلاج كەينىگە چېكىنىپتۇ. «قاچ - قاچ» بىلەن ساي يوقىرىلاپ ساغانبوتا دېگەن جايغا يېتىپ بېرىپتۇ. ساغانبوتادىكى قالماقلارنى ئىمانغا دالالەت قىلىپتۇ. ئۇرۇشتا نۇرغۇن چىقىم تارتىپ ھالىدىن كەتكەن تۆمۈر شاھ خۇداغا سېغىنىپ ئۆز سەۋەنلىكىنى بويىنىغا ئېلىپ، ئاللادىن نۇسرەت تىلەپ تائەت - ئىبادەتلەر قىلىپتۇ. ئۇ، ئۆزلىرىنىڭ پىلانى بويىچە ئىۋىرغول تەرەپكە قاراپ يوشۇرۇن يولغا چىقىپتۇ.

جەڭنىڭ توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ، دېگەندەك ھىيلىگەر نىرىڭگىر ھەر بىر ساي - جىلغىلارغا بۆكتۈرمە قويۇپ، پىستىرمىلار ئورۇنلاشتۇرغاچقا، تۆمۈر شاھ قوشۇنلىرى ھەر قەدەمدە بىر قىلتاققا چۈشۈپ، يول بويى چىقىم تارتىپ يەرەكزادە بولۇپ، كۈندۈزلىرى ئورمان ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ، كېچىلىرى قىچىپ «تامچە بۇلاق» دېگەن خىلۋەت جىلغىغا يېتىپ كېلىپ يوشۇرۇنۇپتۇ. ئەتراپقا كۆزەتچى قويۇپ غەپلەت ئۇيقۇسىغا پېتىپتۇ. ئەتىسى قارىغۇدەك بولسا، ئەتراپنى قالماق لەشكەرلىرى بېسىپ كېتىپتۇ. تۆمۈر شاھ ئەمدى قالماقلارنىڭ تولۇق مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ. كۆپ ئويلاپ ئولتۇرمايلا قالغان ئازغىنە قوشۇنى بىلەن «تامچە بۇلاق» نىڭ جەنۇب تەرىپىدىن ئىمكانقەدەر قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپتۇ. ھىيلىگەرنىرىڭگىر بۇ ئەتراپنىڭ ھەممە ئۆتكەللىرىنى قامال قىلغانلىقتىن، جەنۇبىي تاغ ئېغىزلىرىدىمۇ ساناقسىز قالماق لەشكەرلىرىنىڭ پىستىرمىلىرىغا دۇچ كېلىپتۇ. نۇرغۇن لەشكەرلىرى ۋە پەھلىۋان - باتۇرلىرىدىن ئايرىلىپ ساناقلىقلا ئادىمى قاپتۇ. تۆمۈر شاھ شۇندىلا ئۆزىنىڭ ئاللاتائالانىڭ ئىرادىسىگە خىلابەن بېشبالىقتا قىرىق قۇرئەندازنى ناھەق قەتلى قىلغانلىقىنى ئەسلەپتۇ ۋە دەرھال تەيەممۇم قىلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاللادىن ئۆز گۇناھىغا مەغپىرەت تىلەپتۇ. قالماقلارنىڭ قولىغا تىرىك ئەسىر بولغاندىن كۆرە ئەزىز ئانا تۇپراقنىڭ ئۆزىنى باغرىغا ئېلىشىنى تىلەپتۇ. تۆمۈر شاھنىڭ نالىسىدىن ئانا يەر، يەرۇ - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ گۈمبۈرلەپ يېرىلىپ بىر غار ئېچىلىپتۇ. تۆمۈر شاھ «يارەببىم» دەپ ئۆزىنى غارغا تاشلاپتۇ. قالماقلار تۆمۈر شاھنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىنى يېڭىپ ئەسىرگە ئېلىپتۇ، لېكىن ئارىسىدا تۆمۈر شاھ كۆرۈنمەپتۇ. نىرىڭگىر بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغۇدەك بولسا، شاھنىڭ ئېتى تاغ قاپتىلىنى بويلاپ مەشرىق تەرەپكە ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىپ بارغۇدەك. شاھنىڭ تەئەللۇقاتلىرى قالغان يەردە ناھايىتى چوڭقۇر غار تۇرغۇدەك، بۇنىڭدىن تۆمۈر شاھنىڭ ئۆزىنى غارغا تاشلاپ ئۆلگەنلىكىنى بىلىپتۇ - دە، غەزەپكە كەلگەن نىرىڭگىر ئاتقا قارىتىپ بىر تال ئوق ئۈزۈپتۇ، ئات يىقىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەرگە تاشتىن ئۇۋا ياساتتۇرۇپ ئاتنىڭ بېشىنى قويدۇرۇپتۇ. بۇ، - دەپتۇ نىرىڭگىر، - ئەڭ كۈچلۈك مۇسۇلمان خاقانىنىڭ مېنىڭ قولۇمدا ھالاك بولغانلىقىنىڭ ئابىدىسى بولۇپ قالغاي. بۇ تاغ چوققىسىنى «تۇلپار چوققا» دەپ ئاتاڭلار. بۇ، تۆمۈرشاھنىڭ مىنگەن تۇلپارىنىڭ بېشىدۇر، - دەپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى بۇ تاغ چوققىسى تا ھازىرغىچە «تۇلپار چوققا» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتىكەن.

ئەلقىسسە، بىز گەپنى راھمان سەردار باشچىلىقىدىكى 20 مىڭ لەشكەردىن ئاڭلايلى. راھمان سەردار زۆھرەخانىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ھەر قەدەمدە غەلىبىلىك جەڭلەرنى قىلىپتۇ. ئۇلار قاراقۇچۇر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ بېلگىندەك بولسا، تۆمۈر شاھنىڭ مورۇن خانى بىلەن لاڭسۇتاغ ئېغىزىدا بولغان جەڭدە ئېغىر ئاقىۋەتتە قالغانلىقىنى ئۇقۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن راھمان سەردار قوشۇننى باشلاپ ئىككىنچى كۈنى بۇ جايغا يېتىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، شاھنىڭ قارا تۇلپارىنىڭ بېشى ئۇۋاتاشنىڭ ئۈستىدە ياتقۇدەك، ئەتراپنى مۇسۇلمان لەشكەرلىرىنىڭ قىپقىزىل قېنى بوياپ، جەسەتلەر يۇراپ، يائوقلىرى غارنىڭ لېۋىدە چېچىلىپ تۇرغۇدەك. بۇنىڭدىن تۆمۈر شاھنىڭ ھالاكەتكە يۈز تۇتقانلىقىنى ئېنىق بىلىپتۇ. ئاكىسىنىڭ ماتەمىدىن يۈرەك - باغرى لەختە - لەختە قان بولغان مەلىكە زۆھرە «تامچە بۇلاق» تىن تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، دۇنيالىقتا بىردىنبىر قېرىندىشى، باشپاناھى، ھىمايىچىسى بولغان ئاكىسى بىلەن باقىي ئالەمدە مەڭگۈ بىرگە بولۇشنى تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپتۇ. مەزلۇمە - ئاجىز قىزنىڭ ئاھى ئىجاۋەت بولۇپتۇ. دەھشەت بىلەن گۈمبۈرلەپ يەر يېرىلىپ غار ئېچىلىپتۇ. مەلىكە زۆھرە: «يارەببىم» دەپ ئۆزىنى غارغا تاشلاپتۇ - دە، جان ئۈزۈپتۇ. راھمان سەردار نالە - پەرياد كۆتۈرۈپ شاھ ۋە مەلىكە زۆھرەنىڭ قەبرىسىنى ئالاھىدە قىلىپ ياساپ، چوڭ نەزىر بېرىپ، ئۆز قوشۇنىنى ئىۋىرغول تەرەپكە باشلاپ ئالغا قاراپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. يەنە بەزى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇلار شۇ ماڭغانچە توختىماي يول يۈرۈپ كەڭسۇ (ھازىرقى گەنسۇ) غا يېتىپ بارغانمىش. (M1)

---

توپلاپ قەلەمگە ئالغۇچى: ئابلىمىت ئىمىن، رۇسۇل تۇردى
(مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك تېرە زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى)





# داغمۇ ياكى زىناقمۇ؟

## (ئەبجەش خاتىرىلەر)

ئابدۇقادىر جالالىددىن

## تېلېۋىزور ۋە پېكىر قىلىش كېسىلى

ئەينەكمۇ ئۆز دەۋرىدە قالتىس مۆجىزىلىك ئۇچۇر بولغانىدى. ئۇنىڭ زىلزىلىسى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مىللىتىمىزنىڭ ئەخلاق ئېڭىنىڭ بىر شاھىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئەينەكنىڭ كارامىتىدىن كەلگەن ھەيرانلىق چۆچەكلىرىمىزگە روشەن ئىزنالارنى قالدۇرغان. دانىشمەنلىرىمىز ئەينەكنى ئۆز - ئۆزىنى تونۇشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە تىمسالغا ئايلاندۇرغان. ئەينەك مىللىتىمىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ھەقنى تەستىق قىلغۇچى ۋەھىينىڭ سىرلىق يالدامىسى بولۇپ كەتكەن. ئەينەك گويا كېچىنىڭ يۈرىكىدىكى ئالىيجانابلىقتىن ئاپىرىدە بولغان، لېكىن، ئۇ يورۇقلۇقنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىسپاتلىشىدىكى شارائىتتىن ئىبارەت. كېچە ئەينەكنىڭ ئۆز بالىسى ئىكەنلىكىنى كېچىگە خاس تەبىئىتى نۇقتىسىدىن ئېتىراپ قىلمايدۇ. بىراق، ئەينەك دېگەن بۇ بالا كىشىلەرگە كېچىنىڭ باغرىدىكى ئېھتىراسلىق دۇنيانى ئېيتىپ قويۇشقا خۇشتار ئىدى. ھازىر كېچە بىلەن ئەينەك ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك ئارىلىقنىڭ بارلىقىنى ھېچ كىم دەپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ قانداشلىقى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق پاسىلىنىڭ نامەلۇم نۇقتىسىدا ئايان بولىدىغانلىقى ئېنىق.

ھەر ھالدا بۇرۇنقىلار بىزدەك تەييارغا ھەييار ئەمەس ئىكەن، بۇنى ئۇلار نۇرغۇن مېھنەتلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان. ھازىر بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزغا سىڭىپ كەتكەن ھاڭۋاقتىلىق بىلەن ھورۇنلۇق ئۇلاردا يوق بولسا كېرەك. ئۇلار نۇرغۇن ئەقلىي ۋە ماددىي مىراسلارنى قالدۇرۇپتىكەنۇ، ئۆزلىرىنىڭ شەنىدىن كېلىچەككە تۇزۇك يادنامە قالدۇرۇشنى ئويلاپ كەتمەپتىكەن. ئۇلارنىڭ ھالال، ساپ، نۇرانە ئەقىل دۇردانىلىرى ۋە تارىخنىڭ تاناۋىنى تارتقۇدەك يۈرۈشلىرى ياتلارنىڭ پۇتۇكلىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ جۇلاسىنى يوقاتمىغان. چوڭ ئۆرنەكلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، ناھايىتى ئاددىيغىنە بىر مىسالنى ئالايلى: ئۇلار ئەينەكنى كۆرگەندىن كېيىن ھەيران قېلىپلا ئولتۇرمىغان، بەلكى ئۇنى مەلۇم بىر ئەخلاقىي، غايىۋى دىتنىڭ مۇجەسسىمىگە ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، كۆز ئالدىدا نەق بولمىغان يىراق دۇنيانىڭ ھادىسىلىرىنى كۆرۈپ كۆزىتىدىغان «جاھاننامە ئەينىكى» گە ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلدۇرالىغان. روشەنكى، ئەينەك بىلەن «جاھاننامە ئەينىكى»

## تاغدىن - باغدىن

ئوتتۇرىسىدا خېلى زور تەرەققىيات پەرقى بار. ئەينەك كۆرگۈچىنىڭ ئۆزىگە نەق نەرسىلەرنى كۆرسەتسە، «جاھاننامە ئەينىكى» يىراق ئەللەرنىمۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئەينەكتەك روشەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. قاراڭ، پەرھادنىڭ ئاشىقانە سەرگۈزەشتىلىرىگە ۋە ئۇنىڭ سۆيگۈ ئەھلىگە خاس خىسلەتلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇشىغا ئەرمەن مەملىكىتىدىكى شېرىننىڭ رۇخسارىنى كۆرسەتكەن «جاھاننامە ئەينىكى» سەۋەبچى ئەمەسمۇ! ئەينەكنى «جاھاننامە ئەينىكى»گە ئۆزگەرتىش - بىر كەشپىيات. توغرا، ئۇ تەسەۋۋۇردىكى كەشپىيات، لېكىن تەسەۋۋۇردىكى كەشپىيات بولمىسا ئەمەلىيەتتىكى ماددىي كەشپىيات دەلىللىرىمۇ بولمايدۇ. ئىنگلىز شائىرى شېللى «شېئىر بىشارەت دېمەكتۇر» دەپ توغرا ئېيتقان. ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ باللىقتا خاس قاتلىمى دەل ئەپسانە ۋە شېئىرىيەتنىڭ تۇپرىقىدۇر. ئەپسانە روھىيەت ماددىي دۇنياغا تاشلىغان تۇنجى پىكىر چاقمىقى بولۇپ، تەپەككۇرنىڭ ئەزىم دەريالىرى ئۇنىڭدىن كېيىنكى يامغۇر ۋە كەلكۈنلەردىن ھاسىل بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئىجادىيلىققا مايىل تەبىئىتى ئەپسانە ۋە شېئىر تەرىقىسىدە رويابقا چىققاندىن كېيىن، ئۇ ئۇزاق ئەسىرلىك ئەقلىي - مەنتىقى ئىزدىنىشلەر جەريانىدا پەننىي ھەقىقەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ پەننىي ھەقىقەت ماددىي قانۇنىيەتكە يېقىن پەرەزگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ماددىي گەۋدىسى ئۇزاق ئۆتمەي دۇنياغا كېلىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ ئۇستازلىرى ئەينەكتىن ئىلھاملىنىپ، «جاھاننامە ئەينىكى»نى قىياس قىلغان. بۇ ئۇلۇغۋار قىياس مەيدانغا كېلىپ تۆت - بەش ئەسىردىن كېيىن «تېلېۋىزور» دېگەن نەرسە ياسالدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاشۇنداق قىياسلىرى بىلەن بىزنىڭ كارىمىز بولمىغان، ئۇنى ھەقىقەتنىڭ پەننىي، ماددىي رېياللىققا ئايلاندۇرۇشنى ئويلاپمۇ باقمىغاندۇق. ئۇنى غەربلىكلەر ياساپ چىققاندىن كېيىن ئەقلىمىز بىر مەزگىل ئالاقزادە بولۇپ، تۆت - بەش يۈز يىل ئىلگىرىكى بوۋىلىرىمىزنىڭ خىيال ياقىدىكى كەشپىياتىنى ھۆرۈن بىر ئىپتىخار بىلەن ئەسكە ئالدۇق.

بۇرۇن بىزنىڭ بۇ يەر «غەرب» دەپ ئاتىلىپتىكەن ۋە مەدەنىيەتكە ئائىت نۇرغۇن نەرسىلەر ئالدى بىلەن مۇشۇ يەردە بارلىققا كېلىپ، ئاندىن باشقا ئىقلىملارغا تارىلىپتىكەن. ئەدەبىي ئويغىنىشتىن كېيىن ياۋروپا «غەرب» دەپ ئاتىلىپ، نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى تاراتتى. «غەرب» ئاجايىپ قۇدرەتكە ئىگە خاسىيەتلىك ئىسىم دېسەك خوراپىيلىق بولار، لېكىن، يۇقىرىقى ئىككى خىل «غەرب»نىڭ ھېكمىتىنى تارىخىي نەزەر بىلەن تەتقىق قىلىشنىڭ ئۆزى ئاقىلانىلىك بولسا كېرەك.

بۈگۈن «جاھاننامە ئەينىكى» ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر ئەمەلگە ئاشتى. گەرچە ئۇ ئەقلىي ۋە ماددىي جەھەتتىكى ئاجايىپ يوشۇرۇن ئېنېرگىيىنى قوينىغا ئېلىپ ياتقان سەھرالىرىمىزغا تولۇق يېتىپ بارالمىغان بولسىمۇ، شەھەرلىرىمىز ئاساسەن تېلېۋىزور بىلەن تورلاشتى. بۈگۈن بىزنىڭ ئەقلىي كۈچىمىز شۇ قەدەر زەئىپلەشكەنكى، ئەجدادلىرىمىز تەسەۋۋۇر قىلغان، ئەجنەبىيلەر ياسىغان ئاشۇ نەرسىگە ھايات ئانا تىل تارىخىمىزنىڭ ھىدى گۈپۈلدەپ تۇرىدىغان، زىيالىي بىلەن دېھقان ئورتاق چۈشىنەلەيدىغان بىرەر ئىسىمنى قويۇشقا قادىر بولالمىدۇق. ھەتتا، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان پەن - تېخنىكىنىڭ يېڭىدىن - يېڭى مەھسۇلاتلىرىغا مىللىي تىل ئۇدارىمىزغا يات نۇرغۇن چۈشىنىكسىز، كېلەڭسىز ئاتالغۇلارنى ئات قىلىپ قويۇشتىن سىرت، «ھاۋارايى» دېگەن بىر ئوبدان ئاتنىڭ ئورنىغا «مېتېرولوگىيە» دېگەن يات ئىبارىنى دەسسەتتۇق. تىلنىڭ بۇلغىنىشى روھنىڭ بۇلغىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇلغانغان تىل سۆز ۋە ھەرىكەتتىكى پاساھەتنى ئاستا - ئاستا يوقىتىدۇ. ھەرىكىتىدە پاساھەت بولمىغان ئادەم تۇيغۇسىدىكى ئۆتكۈر زىللىقنى، نەپىسلىكنى يوقاتقان ئادەم بولۇپ، بۇنداق ئادەمدە سۆزلۈك تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بولمايدۇ. ئىلىم - پەن تارىخىدىكى ئۇلۇغ بايقاشلار ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىلىدىكى تەپەككۇر نۇسخىلىرى بىلەنمۇ باغلانغان، ئەدەبىيات - سەنئەت تېخىمۇ شۇنداق. روھى قاشاقلىشىپ كەتكەن ئەل ئانا تىلىنىڭ دۇنياۋى تەرەققىياتقا نىسبەتەن مۇستەقىل، خاس ئويغۇنلۇقىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئويغۇنلۇق تەسلىمچىلىك دېگەن گەپ ئەمەس. تىللار تەرەققىياتىدىكى ماس قەدەملىك ئويغۇنلۇق ساپ، ساغلام ئانا تىلنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. تەسلىمچىلىك ئانا تىلنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. تىل تەرەققىياتىدا مۇۋاپىق تاللاش ۋە شاللاش بولمىغان ئەھۋالدىكى قوبۇل قىلىشنىڭ ئۆزى نەق تەسلىمچىلىكتۇر. روشەنكى، بۇ ئانا تىلغا ئېغىر خورلۇق ئېلىپ كېلىدۇ. «ئەگەر ئەتە ئانا تىلىم يوقىلار بولسا، مەن بۈگۈنلا ئۆلۈشكە تەييارمەن» - داغىستان شائىرى روسۇل ھەمزەتوف گويا ئاشۇ خورلۇقنىڭ چىدىغۇسىز تەمىنى ئوبدان تېتىغانىدى.

بىزنىڭ بۈگۈنكى زىيالىيلار قوشۇنىمىز

ئاجىز - مىيىپلار قوشۇنىدۇر. ئەسلىدە ئۇلار مىللەتنىڭ تەپەككۇر ئىچىدىكى دېھقانلار بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق، ھوسۇلدىن خالىي تۇرۇپ قالغان خامانلىرىمىز ياۋا كوكاتلار بىلەن قاپلىنىپ، روھىمىز بىلەن تېنىمىز تەڭ يېگىلەپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنى دېھقانلىرىمىزنىڭ شىجائىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا يوق گەپ. دېھقانلار ئۆزىنىڭ دېھقان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغاچقا، قارا تەرگە چۆمۈلۈپ ئىشلەپ «ئاقنانچى» لارنى بېقىپ كېلىۋەردى. ئۇلارمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلىدۇ، بىراق، ئېرىشەلمەي قالسا، ئىچىمىز بىلەن كەتمىنىنى تاشلىۋەتمەيدۇ. زىيالىيلىرىمىز ئۆزلىرى ئارزۇلىغان ھوقۇق ياكى پۇلغا ئېرىشەلمىسە، خىزمىتى بىلەن قەلىمىنى بىراقلا تاشلىۋېتىدۇ. جىسمانىي ئەمگەك ئادەمنىڭ ئەرلىكىنى تاۋلايدۇ، ھەتتا چۇستلۇق، قوپاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. كىتاب ئىچىدىكى تەلىماتلار كىشىنى خېنىم مىجەز قىلىۋېتىدۇ، شۇڭلاشقا پروفېسسورلىرىمىز، ئەدىبلىرىمىز، ھەشقاللا - رەھمەتلەر ۋە هارام شەپقەتلەرگە ئۆگەنگەن كادىرلىرىمىز ئاسان باتنايدۇ. ئۇلار رەنجىپ قالسا كۆڭلىنى ئېلىش بەك تەس. ئۇلار ئۆزىنىڭ كىشىلەر ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىنى ئويلاشمايلا خەلقىنى ۋە ئەجدادىنى چىشلەپ تارتىپ، ئۇلارنى «پالان - پەشمەت» دەپ تىللايدۇ. قۇيرۇقىنى قاپقان قىسىۋالغان بىر تۈلكە تولا يۇلقۇشلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىر قۇيرۇقى ئۈزۈلگەندىن كېيىن قاپقاندىن قۇتۇلۇپتۇ - دە ئىززا - ئاھانەت ئىچىدە قېرىنداشلىرىنىڭ ئارىسىغا يېتىپ بېرىپتۇ. بىراق ئۇ يۈزىنى داپتەك قىلىپ: «قۇيرۇق دېگەن ئارتۇقچە نەرسە، ئۇنىڭ نېمە كېرىكى، سىلەرمۇ مەندەك قۇيرۇقۇڭلارنى كېسىۋېتىڭلار» دەپتۇ. بىزدە شېئىر يازمايدىغانلار شائىرلارنى كېرەكسىز دەپ تىللايەۋ. شائىرلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ قاپىيە دەپتەرلىرىنى پەش قىلىپ، رەقىبى بولمىغان مۇھىتتىمۇ پوق يېگەن خورازدەك قىزىرىپ، ھۆر پىيىپ يۈرۈشىدۇ. ھېكايە يازىدىغانلا بولسا ئوقۇرمەنلىرىنىڭ بىر ئاز كۆپلۈكىدىن مەمنۇن بولۇپ گويا توپ ئارىسىدىكى مەدداھقا ئوخشاپ قالدى. تەرجىمانلار، كاتىپلار، تىۋىپلار ھەتتا پىلانلىق تۇغۇت خىزمەتچىلىرىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا باشقىلارنى كەمسىتىدىغان رىسالىلىرى بار. ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلار سۈكۈت قىلىش يولىنى تاللىۋالغان. بەزى گۆشباش كادىرلىرىمىز «جىم تۇرۇش» نى «مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق قاراش»، «سالماق بولۇش» دەپ ئاتايدۇ. دەرۋەقە، سۈكۈتپەرۋەرلىك ئۇلارغا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئەكابىرلەردىكىدەك سۈلەت بېغىشلايدۇ - دە، كىشىلەرنى تەپ تارتقۇزالايدۇ. «بىلمىسەڭ، جىم تۇر» دېگەن گەپ بار، بىزدە بۇ گەپ «بىلسەڭمۇ جىم تۇر» دېگەنگە ئۆزگىرىپ كەتكەن. شۇڭا زامانىمىز ئىچى ئاداپ كەتسىمۇ، تاپىنى سىرقىرىسىمۇ، بېشى پىچاق تىققاندەك ئاغرىسىمۇ جىم تۇرىدىغان قەھرىمانلار بىلەن تولۇپ كەتكەن.

زىيالىيلارنى ئۇلۇغ دېگۈچى ئەربابلارمۇ بار، ئاسان ياتلىشىدىغان تەسلىمچى دېگۈچىلەرمۇ بار. قانداقلا بولمىسۇن، ھازىرقى قوغدىنىش خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ھالىتىمىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، زىيالىيلىرىمىز لوپا ئەينەك بىلەن ئۆتمۈشتىكى بەخت - سائادەتنىڭ ئۇۋاقلىرىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىدىغان، ئالدىدىكى ئۇستەل چىرىغى چۈشۈپ پوقى بىلەن بويىلىپ كەتسىمۇ كۆرمەيدىغان ھالەتتە، بۈگۈنگە نىسبەتەن قىلچە مەسئۇلىيەتسىز ساددا ئىپتىخار، كەلگۈسىگە نىسبەتەن مېھنەتسىز ئۈمىد بىلەن ياشىماقتا.

ناپالېئون دېھقانلارنى ھەربىي قوشۇننى تەشكىللىگۈچى مەنبە دەپ مەدھىيىلىگەنىدى. فرانكلىن «ئۆرە تۇرغان دېھقان ئولتۇرغان جانابتىن ئەلا» دەپ تولىمۇ ياخشى ئېيتقانىدى. ئۇلار قارا ئەمگەك لاگېرىغا بەنت قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، شەھەرلىرىمىزدىكى ئىدارە - ئورگانلارغا، مەكتەپلەرگە پەرزەنتلىرىنى ئەۋەتىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ پەرزەنتلەر ئازغىنا ئۆتكەندىن كېيىن «شەھەرلىك» بولۇۋالىدۇ ۋە ياۋاش - يۇمشاق تۇرمۇشنىڭ سىزنىقىدا ماڭىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدلۇقىدا دېھقانلارنىڭ سالمىقى ناھايىتى زور بولماقتا. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى زىيالىيلارنىڭ بۈگۈنكى رولىدىن ئېيتقاندا، زىيالىلار ئۆز ئاتىقىغا لايىق بۇرچىنى ئۆتىگە ئالالمىدى. بۇرۇنقى ئۆلىمالار ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا بىلەتتىكەن. شۇ زامانلاردا ئەرەب، پارس تىللىرى بۈگۈنكى ئىنگلىز تىلىدەك زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاچقۇچى ئىدى، بۇمۇ شۇ مىللەتلەر ياراتقان مەدەنىيەتنىڭ دۇنياۋى تەسىر كۈچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلار ئەرەب، پارس تىللىرىنى چوڭ بىلگەن دەۋر دەل ئىسلام مەدەنىيىتى پارلاق نۇر چاچقان دەۋر ئىدى.

غەرب ئىنقىلاب خاراكتېرلىك تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرۈپ بۈگۈنگە كەلگەندە، بىز تېخى دۇنياۋى تىل ۋە دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ سەھنىسىدىن ئورۇن ئېلىش تۈگۈل، بۇنداق ئەقەللىي سەۋىيە تېخىچە بىزگە پانتازىيە (غارايىبات) تۇيۇلماقتا. زىيالىيلىرىمىز 20 -

ئەسىردىكى غەربنىڭ كاستۇم - بۇرۇلكىسىنى كىيەلىگەن بولسىمۇ، لېكىن 20 - ئەسىرنىڭ ئىدىيىسىگە ئىگە ئەمەس. نېمىشكە بۇنداق دەيمىز؟ چۈنكى بىزدە مىللەت ئىدېئولوگىيىسىنى دۇنياۋى ئېقىمغا ئېلىپ كىرىدىغان بىر تۈركۈم زىيالىيلارنىڭ ماسلىششچان مېخانىزملىق قۇرۇلمىسى بارلىققا كەلمىدى. بىزدە ئۆزىنى خەلقئارالىق نۇقتىدىن كۆزىتىپ باھالايدىغان، چوڭ ئاممىۋى مەسئۇلىيەت بىلەن پىكىر يۈرگۈزىدىغان ۋە بۇ پىكىرنى ھەقىقىي ئەمەلىيەتنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى سىستېمىغا سېلىپ، دۇنياۋى يۈزلىنىشنىڭ ئوق سىزىقىغا ئۇلايدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز، ناھايىتى ئاز! خوش، ئاللا نېسىپ قىلسا، كېيىن بۇ ھەقتە تۈزۈك توختىلارمىز. گېپىمىزنىڭ يۆنىلىشىگە قايتىپ كەلسەك، بىز ئىگىلىك نۇقتىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئاڭ نۇقتىسىدىمۇ دېھقان مىللەت بولۇپ قالدۇق. بۇ دېگىنىم بىزدىن مىللەتنىڭ دۇنياۋى سەمەرىسى بولۇشقا تېگىشلىك كىشىلەر 20 - ئەسىردە چىقمىدى دېگەنلىك ئەمەس. كېسىپ ئېيتقاندا، 20 - ئەسىردە بىزدە قەھرىمانلار تالايلاپ بولۇش بىلەن بىرگە، داھىي خاراكتېرىدىكى كىشىلەرمۇ بولغان، مەسىلە بىر جەھەتتە ئىجتىمائىي قاتلاملار قۇرۇلمىسىدىكى پۈتۈنلۈك ۋە مۇكەممەللىكنىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقىدا، يەنە بىر جەھەتتە خەلقئارالىق تۇيغۇنىڭ دېگەندەك ئۆتكۈر بولمىغانلىقىدا.

تېلېۋىزور ئاخبارات، ئۇچۇر، ئەدەبىيات - سەنئەت، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزگىچە سۈرئەت ۋە شەكىل ئېلىپ كەلدى. تېلېۋىزىيىلىك ئۇچۇر لىنىيىلىرى ۋە سەنئەت فورمىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەمدە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى بولۇپمۇ شەھەر ئاھالىسىگە نىسبەتەن نۇرغۇن قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. ئالدىراش تۇرمۇش رىتىمى، ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىنىڭ تەدرىجىي يوقىلىشى، ماددىي تەقەززالىقنىڭ تەخىرسىز ھالدىكى كۈچىيىشى، جۈملىدىن مەنئەتپەرەسلىك تېپىدىكى مەنىۋى گادايلىقنىڭ باش كۆتۈرۈشى، ساددا، ئەخمىقانە، يارىشىمسىز، ئەگەشمە يۇسۇنۋازلىق قاتارلىق شەھەرلىكلەرنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى (خاس خاراكتېرى) نى ۋەيران قىلىۋەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلار كىتاب - ژۇرنال، گېزىت كۆرۈشنىڭ ئورنىغا تېلېۋىزور كۆرۈپ دۇنيانى چۈشەنمەكچى - ئەڭ ياخشىسى ئىچ پۇشۇقنى چىقارماقچى بولۇشتى ۋە ئاستا - ئاستا بۇنىڭغا كۆنۈكۈپ كەتتى.

تېلېۋىزور ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى نىسبەتەن كۈچەيتتى. ئۇنىڭ قاناللىرى ۋە پروگراممىلىرىنىڭ كۆپ خىل ۋە رەڭدار بولۇش ئالاھىدىلىكى قىزىقىش سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغان ئاۋامنى تۈرلۈك نۇقتىدىن ئۆزىگە تارتىپ، مەجبۇرىي رەۋىشتە دېگۈدەك غىدىقلاش رولىنى ئوينىدى. كىشىلەر يېلتسىن، كلىنتون، ماندېلا، ئاراپات، دودايېۋگە ئوخشاش ئاخبارات چولپانلىرىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئۇلارنىڭ چىرايى، ھەرىكىتى ۋە كىيىم - كېچىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئېرىشتى. دۇنيا ۋەزىيىتىنى گېزىت - ژۇرناللار ئارقىلىق كۆزىتىشمۇ بىر خاسلىققا ئىگە، چۈنكى، ئۇلاردىكى پىكىر قىلىش بىلەن نۇقتا ئۆزىنىڭ گېزىت - ژۇرنالغا خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. بىز يېزىق ماتېرىياللىرىنى كۆرگەندە، سۆز - جۈملىلەر چىقارغان پاسقا تايىنىپ مۇھاكىمە قىلىمىز، ئەمما، تېلېۋىزور ئېكرانى ئالدىدا تۇرغىنىمىزدا، دۇنيانىڭ ۋەزىيىتىنى كۆرۈشتىكى بىر قەدەر راست بولغان، مەتبۇئات يوشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن، ئايرىم چېنىپ قالىدىغان ئۇششاق ئامىللار بىلەن بىرلەشتۈرەلەيمىز. تارىخ سەھنىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەربىر قەدىمى خۇددى كۈچلۈك ماگنىت تاياقچىسىنىڭ ھەرىكىتى نۇرغۇن تۆمۈر ئۇۋاقلىرىنى ئۇيان - بۇيان، قىلىۋەتكەندەك، مىليونلىغان ئاۋامنىڭ تەقدىرىگە كىرىشىپ كەتكەن بولىدۇ، ھەتتا، تارىخنىڭ ئايرىم سەھىپىسى داھىيلارنىڭ مەلۇم قول ھەرىكىتى، تەبەسسۇمى ياكى قاپاق تۈرۈلۈشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تېلېۋىزور ئاشۇنداق ئىنچىكە دېتاللارنى كۆزەتكىلى بولىدىغان «چىنلىق» تۇر.

تېلېۋىزور يەنە ھەر قايسى ئەل كىشىلىرىنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرىنى، ھايات دەرىجىسى ۋە شەكىللىرىنى، يۆنىلىشىنى چۈشەندۈرىدىغان ئىقلىم بۇلىقى. ئۇنىڭ ئېقىنى رەڭگارەڭ ئۆرپ- ئادەت ۋە ئىدىيىدىن توقۇلغان جاھاننامىنىڭ چۇۋۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان رىشتە بولۇپ، ئۆزگىرىشچان سۈرەت دولقۇنلىرى بىزگە ئىنسان قىسمەتلىرىگە دائىر ئاجايىپ ھېكايىلەرنى سېتېرېئولۇق رەۋىشتە سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى رەھىمسىز غىدىقلايدىغان «قامۇسۇل ئالەم». يىغىپ ئېيتقاندا، دۇنيا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا، ھۆكۈمەت ئۇچۇن ئاڭ فورمىلىرى، ھاكىمىيەت يوسۇنلىرىنى تەرغىب قىلىشتا تېلېۋىزور ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ ئۇنىۋېرسال، ئەڭ ئاممىباب، ئەڭ ئۈنۈملۈك

قورالغا ئايلاندى. ھەتتا تېلېۋىزورنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ساۋاتسىزلارنىڭ جاھىل كاللىسىنىمۇ يېرىپ كىرىپ، تەشۋىقاتنىڭ كەينىدىن ئاق - قارىنى ئايرىماستىن غىڭ قىلماي ماڭىدىغان قىلىۋېتىدۇ ۋە ئۇلارنى مەلۇم ئاڭ فورمىسى ياكى تەشۋىقاتنىڭ جاھىل، خۇراپىي مۇخلىسلىرىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

تېلېۋىزور سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت بارغانسېرى بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بولۇپمۇ دۇنيانى تۈزۈك بىر چۈشىنىشكە ۋە ئۆزىنى دۇنياغا چۈشەندۈرۈشكە تولىمۇ موھتاج ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۇرمۇشىدا مۆلچەرلىگۈسىز ئىجابىي قىممەتكە ئىگە. ئەپسۇسكى، بىر قىسىم توك يېتىپ بارمىغان قىر - يېزىلىرىمىز غەۋغا بىلەن سىياسىي سودىغا تولغان 20 - ئەسىردە ھېچنېمىدىن بىخەۋەر قاراڭغۇ ۋادا بولۇپ تۇرۇۋەرمەكتە. شۇڭلاشقا، تېلېۋىزىيە يوللىرىنى ھەممە يەرگە تەڭ تۇتاشتۇرۇش يەنىلا نۆۋەتتىكى يىللاردىكى، ئېھتىمال، كېيىنكى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى جىددىي ئېھتىياج بولۇپ قالار، ئېھتىمال بۇ «جىددىي»لىك دىققەتنى تارتىپ كەتمىگەن كونا يالدامىغا ئايلىنىپ قالاز.

تېلېۋىزور «غەربىي دىيار»نىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىكى زامانىۋىلىقنىڭ نىسى بولمىغان روشەن بىر جۇلاسى. ئەلۋەتتە ئۇ كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا سىڭىپ كىرگەن «تېخنىكا جەننىتى» بولسىمۇ، بەزى پاسسىپ تەرەپلەرگە ئىگە بولماي قالمىدى.

تېلېۋىزور ئوتتۇرىغا چىققان ھامان كىشىلەر ئۇنى ئۆزىنى مەنىۋى ياقتىن تەربىيىلەشتىكى بىردىنبىر ۋاستە قىلىۋالدى، گويا گېزىت - ژۇرنال كۆرمىسىمۇ دۇنيانىڭ خاھىشىنى چۈشىنىپ ماڭىدىغان بولدى. ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئائىت ئېستېتىك ئېھتىياجىنى ئېكراندىكى فىلىملەر ئارقىلىق قاندۇرىدىغان بولدى. نەتىجىدە، بارا - بارا كىتاب ئوقۇمايدىغان، گېزىت - ژۇرنالغا ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدىغان ئاھالە تەركىبلىرى شەكىللەندى. كىتاب تىجارىتى قىلىدىغان خادىملارنىڭ دېيىشىچە، ئۈرۈمچى ئاھالىلىرىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نىسبەتەن مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدىكى ئورنى، رولىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كىتابقا ئەڭ ئاز مۇشتىرى بولىدىكەن، يەنىلا كۆپلىگەن تىراژ نامرات ھېسابلانغان جەنۇبتىن كېلىدىكەن. مېنىڭچە، بۇ ھەقىقەتەن توغرا ئىنكاس بولۇپلا قالماي، بۇ ئەھۋال تۈپ نېگىزدىن ئېيتقاندا، زور پاجىئەدۇر.

نۇرغۇن كادىرلار ۋە كەسپىي خادىملار كىتاب - ژۇرناللارنى بىكارغا بەرسىمۇ ئوقۇمايدۇ. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ بىر قەدەر ئەۋزەل ئىقتىسادىي شارائىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كىتاب - ژۇرناللارنى ئالاھىدە سېتىۋېلىپ كۆرگەن بولسا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولاتتى. بەلكىم، ئۇلار ئۆزلىرىنى خىزمەت ئىشى بىلەن بەكلا ئالدىراش دېيىشى مۇمكىن. ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى رەھبەرلىرىدىن چېرچىل، دېگول، ئېيزىنخوۋېرلار دەھشەتلىك ئۇرۇش پەيتلىرىدىمۇ كىتاب ئوقۇغان. ئۇلارنىڭ ئوقۇغانلىرى كۆڭۈل خۇشى خاراكتېرىدىكى كىتابلار بولماستىن، بەلكى تارىخ، پەلسەپە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئائىلىسىدىكى چوڭقۇر مۇلاھىزىنى تەلەپ قىلىدىغان كىتابلار ئىدى. ھازىرقى كەسپىي خادىملار ئۆزلىرىنىڭ تار نەزەر دائىرىسى بىلەن مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلىشقا، خىزمەتلەرگە كاشىلا تۇغدۇرۇشقا بەكمۇ ئامراق. ئۇلاردا ئۆزىنى ئوبدان دەڭسىمەسلىك ئېغىر، ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئەڭ توغرا دەپ قارايدۇ. رەھبەرلەردىكى بيۇروكراتچە ئىستىل ئۇلارغىمۇ داۋالىغىلى بولمايدىغان راك كېسىلىدەك يامراپ كەتكەنكى، ئۇ بەئەينى يېڭى تىكىلگەن كۆچەتلەرنىڭ تۈۋىگە تۆكۈلگەن شورىدەك ھېچنېمىنى ئاينىتمايدۇ. بيۇروكراتىزم دەھشەتلىك ساسلىققا ئوخشايدۇكى، تالانتلىق كىشىلەرنى چۆكتۈرۈپ تۇرىدۇ، ھېچكىم ھېچكىمنى قۇتقۇزمايدۇ.

مانا بۈگۈن مىڭ يىل بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىنىڭ قانۇن قۇرۇلمىسىنى لايىھىلىگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ چەت ئەلدە ئەنگۈشتەر دەپ قارالغان شاھ ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ باھاسى يەتتە يۈەنگە چۈشۈرۈلسىمۇ، توپا بېسىپ ياتىدۇ. دۇنيا كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەرنى نەشر قىلىشقا توغرا كەلسە، تۈزۈك تىراژ كەلمەي، نەشرىياتچىلارنى تەڭقىسلىقتا قويۇۋاتىدۇ. شائىر - يازغۇچىلار نەشرىيات تەرىپىدىن سېلىنغان تىراژ سېلىقنىڭ بېسىمى ئاستىدا كىتابخانا دېرېكتورلىرىغا يالۋۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئېنىق ھالدا تۈزۈملەشتۈرۈلگەن ئىدىئولوگىيىگە، بۇيرۇقلاشتۇرۇلغان بازار ئىقتىسادىغا بېرىپ تاقالسىمۇ، بەربىر جەمئىيىتىمىزدىكى پاجىئەلىك مەدەنىيەت ھادىسىلىرى بولۇش بىلەن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە كىشىلەرنى ئازابلىماي قالمايدۇ.

تېلېۋىزور چىقىۋىدى، ناخشا - ئۇسسۇلچىلار، سازەندىلەر جەمئىيەتتىكى پىكىر ئېقىمىنىڭ

جەلپكار نۇقتىسىغا ئايلاندى. دوكتور ۋە پروفېسسورلىرىمىز، ئاكادېمىك ۋە نەزەرىيىچىلىرىمىز دەسسەپ ئۆتۈپ كەتسە بولىدىغان تاختا كۆۋرۈك بولۇپ قالدى. تېلېۋىزور گوياكى دىلى ئۈزۈك يىگىتلەرنىڭ يىغىسىنى ئاڭلايدىغان، خۇشپىچىم خېنىملارنىڭ جىلۋە - نازلىرىغا سەمە بولۇپ جاھاننىڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى ئۇنتۇيدىغان، ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - ئانىلارغا ناخشا - ئۇسسۇل ئارقىلىق نەزىر، قىلىدىغان، بالىلارغا ئاتاپ دۇئا قىلىدىغان ۋاستىدەك بولۇپ قالدى. تېلېۋىزور ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كىشىلەرگە تونۇتىدىغان سەھنە بولۇشنىڭ ئورنىغا بىزنىڭ نەزەرىمىزدە گويا بىر ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالغىلى قوپتى.

بىز ئومۇمەن قالاق ئىقتىسادىي مۇھىتقا پېتىپ قالدۇق، مەدەنىيەت - مائارىپىمىز ئىقتىسادىي يېغىلىق دەۋرىنىڭ رەھىمسىز خىرىسىغا دۇچ كەلمەكتە. بىزدە سەھنە سەنئىتى بار دېيىلسە، ئەلنەغمە ياكى فولكورغا ياتىدىغان ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى سەنئەت بار. كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىمىزنىڭ ئاران ۋۇجۇدقا چىققان بىخلانما مەۋجۇدىيىتى ئۆز ھاياتىدىن ئۇمىد ئۈزگەن. شۇنداق ئىكەن، كلاسسىك ئەدەبىيات - سەنئەت بايلىقىمىزنى، ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەكلىرىمىزنى، تارىخىي، ئىجتىمائىي جەريانلىرىمىز ۋە قىسمەت - تەقدىرىمىزنى ئېكرانغا ئېلىپ چىقىشىمىزغا مۇمكىن بولمىدى. شۇڭلاشقا، تومۇرلىرىدا ئۆزىمىزنىڭ ئىسسىق قېنى ئېقىپ تۇرۇۋاتقان سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىمىز سۇن ۋۇكۇڭ، خېمەن، رامبولارنى بىلەلىگەن بولسىمۇ، چىن تۆمۈر باتۇر، كەمەك ئەيىار، ئاپراسىياپلارنى بىلىشتىن قۇرۇق قالدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تېلېۋىزور ئۆزگىلەرنى بىلىشتىكى زور پۇرسەت بولۇش بىلەن بىرگە ھازىرقى رېئال ئىقتىسادىي، مەدەنىي مۇھىتتا ئۆزىمىزنى ئۇنتۇشقا ئېلىپ بېرىۋاتقان چوڭ خەۋپ. ئۇنى مۇشۇنداق پەۋقۇلئاددە شارائىتتىكى خىرويىن دېسەك گېپىمىز ئېشىپ كېتەرمۇ؟ مەن چاكىنا كونسېرۋاتىپلاردىن ئەمەسمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەن - تېخنىكىنىڭ ماددىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەردىكى رولىنى مەلۇم مەنىدە چۈشەنسەم كېرەك دەپ قارايمەن، شۇڭلاشقا، تېلېۋىزىيىنىڭ تېز ئومۇملىشىشىنى يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمدەك بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. مەسىلە، تېلېۋىزورنىڭ ئەۋزەل تەرەپلىرىنى كۆرۈپ يېتىش بىلەن بىرگە، ئۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان پاسسىپ ئاقىۋەتلەرگىمۇ نەزەر سېلىشنىڭ ئوخشاشلا مۇھىم ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىشىمىزدا! دۇنيادا ھېچقانداق تىنچلىق ئۆز-ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقىغا ھۆددە قىلالمايدۇ. ئەلۋەتتە، سەگەك سىياسىيئون بۇنى ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، مەدەنىيەت پەرۋىشچىلىرى پەن - تېخنىكىنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، قىممەتلىك مىللىي ئالاھىدىلىكلەرگە قارىتا قىسمەن يوقىتىش ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت يەنە بىر پاكىتنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك.

زىيالىي ئەپەندىلەر، شەھەر مىشچانلىرى دىققەت قىلىشى كېرەككى، تېلېۋىزورنىڭ ھەددىدىن زىيادە بىۋاستىلىكى ۋە ئاممىۋىلىقى كىشىلەرنىڭ دىققەت دائىرىسىنى قورقۇنچلۇق دەرىجىدە تارايتىۋەتتى. شەيئىلەرنى كۆزىتىش ئۇسۇلىنى، باھالاش نۇقتىسىنى ھەقىقىي ئەمەلىيەتنىڭ تەلىپىدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا، بالىلار ئاسانلا ھۇرۇن، جاھانكەشتى، ئۆيدە ئولتۇرۇپ شەھەر ئالىدىغان خىيالپەرەس بولۇپ قالىدۇ. تېلېۋىزور ھامان ئەمەلىيەتنىڭ نەق ئۆزىنى تەقدىم قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭدىكى نومۇرلار مۇقەررەر ھالدا مۇئەييەن مۇئەسسەسە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئورگانلار، مۇھەررىر ۋە ئوپېراتورلارنىڭ دىتى بويىچە ئىلگىرى - ئاخىر، ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنىدۇ، كېسىپ، ئۇلىنىدۇ، رەتلىنىدۇ ۋە ئاخىر غەيرىي تەرتىپتىكى «ھەقىقىي» ئەمەلىيەت قىلىپ چىقىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، تېلېۋىزور ئېكرانى ئالدىدا ئولتۇرغان ئادەم ئۇنى ئۆزىگە خاس قىممەت قارىشى ۋە دۇنيا قاراش بىلەن باھالاپ، ئۆزىگە ھەقىقىي ئەسقاتىدىغان توغرا ئۇچۇرنى ئاللىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن باشقا خۇرۇچلار - ئەمەلىيەتكە چۆكۈش، ئويلاش، پىكىر قىلىش، ئەتراپلىق تەربىيىلىنىش، زۆرۈر كىتاب - ماتېرىياللارنى كۆرۈش، مېڭىنىڭ تەپەككۇرلۇق رولىنى تاۋلاش - ئىنتايىن زۆرۈر.

ئۇيغۇرلار خەت تونۇش جەھەتتىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتەلمەي 20 - ئەسىرنى ئۇزاتماقتا. قاراڭ، جاھان كومپيۇتېر تورىغا كىرىپ بولدى. بىز 21 - ئەسىرگە يەنە بىر ساۋاتسىزلىقنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ كىرىدىغان بولدۇق.

ئەجەبا، كېچىكىش بىزگە ئاللا مەخسۇس قالدۇرغان قىسمەتمۇ؟ (M1)

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ لىكتورى



# ئۇسسۇلچىلىق ۋە ئاساسىي مەشق

ئابدۇكېرىم ھېكىم

ئېلىمىز ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ دەۋر مېلودىيىسى يېڭىلانماقتا، تۇرمۇش بېيىماقتا. تەرەققىيات دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى سەنئەتنىڭ ئاساسلىق تۈرى بولغان ئۇسسۇلچىلىققا يېڭى ۋە قاتتىق تەلەپ قويماقتا. يېڭى دەۋر ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئۇسسۇلچىلىقتا كۈندىلىك ئاساسىي مەشققە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۇسسۇل ـ ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەكنىڭ بىرلىشىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ، ھەرىكەت، ھېسسىيات، رىتىم، قىياپەت قاتارلىق ئامىللاردىن پايدىلىنىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى گۈزەل بەدەن ھەرىكىتى بىلەن ئىچكى ھېسسىياتنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇسسۇل ئارتىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەر قاچان، ھەر قانداق شارائىتتا ئاساسىي مەشقنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرت. چۈنكى ئۇسسۇل ئارتىسى بىر كۈن مەشق قىلمىسا ئۆزىگە بىلىنىدۇ، ئىككى كۈن مەشق قىلمىسا رېژىسسورغا بىلىنىدۇ، ئۈچ كۈن مەشق قىلمىسا تاماشىبىنلارغا بىلىنىدۇ. بىر ئۇسسۇل ئارتىسىنىڭ سەھنە ھاياتىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى كۈندىلىك ئاساسىي مەشققە ئەھمىيەت بېرىپ، جىسمانىي جەھەتتە چىدامىلىقلىقىنى، بەدەن قىياپىتىنىڭ نورماللىقىنى ساقلاش ـ ساقلىيالماسلىقى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھەرىكەت ـ بەرىكەت دېمەكتۇر. پىچاق بىلىگەنسېرى ئىشتىيدۇ، كەتمەن چاپقانسېرى پارقىرايدۇ. كۈندىلىك ئاساسىي مەشق ئۇسسۇل ئارتىسىنىڭ روھىنى جۇشقۇنلاشتۇرىدۇ، چىدامىلىقلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

ئۇسسۇل ئارتىسى سەھنە ياكى ئېكراندا بىرەر نومۇر ئورۇندىغاندا، ۋەقەلىكنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن قىيىن بولغان ھەر خىل بەدەن ھەرىكىتى بىلەن ھەل قىلىنىدىغان تېخنىكىلىق ئۆتكەلدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەرىكەتتە گۈزەل، ھېسسىياتتا لىرىكىلىق بولۇپ تاماشىبىنلارنىڭ زوقىنى قوزغاش ـ قوزغىيالماسلىق شۇ ئارتىسنىڭ ئاساسىي مەشققە قانچىلىق ئەھمىيەت بەرگەنلىكىگە باغلىق. بىز بەزى ئۇسسۇللارنى كۆرسەك ناھايىتى ھوزۇرلىنىپ كېتىمىز ۋە ھەر خىل تېخنىكىلىق ھەرىكەتلەرنىڭ ئارتىسنىڭ بەدىنىگە ئاجايىپ ماسلاشقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بۇ، شۇ ئارتىسنىڭ ئاشۇ نومۇرنى ئورۇنداشتا زۆرۈر بولغان ئاساسىي مەشق ھەرىكەتلىرىنى ھەقىقىي چوڭقۇر ئىگىلىگەنلىكىنىڭ روشەن ئىپادىسى. شۇڭا ئۇسسۇل ئارتىسلىرى شوخ، تېتىك، چاققان، چەبدەس ھەم بەدەن قىياپىتىنى تېز ئۆزگەرتەلەيدىغان، ھەر خىل رىتىمغا ماسلىشالايدىغان بولۇش ئۈچۈن كۈندىلىك ئاساسىي مەشقنى راۋاجلاندۇرۇشى لازىم. يارامىلىق ئۇسسۇل ئارتىسى بولۇش ئۈچۈن ئۆلچەملىك بەدەن ۋە چىراي بولۇش مۇھىم، ئاساسىي مەشقنى پۇختا ئىگىلەش تېخىمۇ مۇھىم. بەدەن ھەرىكىتى بىلەن نازۇك ئىچكى ھېسسىيات ئارقىلىق مەنا ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۆزىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۇسسۇل ئارتىسلىرى ئاساسىي مەشقنى جان پىدالىق بىلەن قىلىشى كېرەك.

ئۇسسۇل سەنئىتى

ئۇسسۇل مەشقىدە ساختىلىق قىلىش ئۆزىنى ئالداش بىلەن باراۋەر. بىر ئارتىسنىڭ لاياقەتلىك ياكى ئەمەسلىكىنى مىڭلىغان خەلق ئاممىسى باھالايدۇ. ئۆزلۈكسىز ماھارەت ئىگىلىمىگەندە، يېڭى ئىگىلىگەن ماھارەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈشكە تىرىشمىغاندا چېنىپ قالىدىغان ھەتتا شاللىنىپ كېتىدىغان گەپ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باليت پېشۋاسى ئۇلانوۋا: «باليت ئارتىسىنىڭ تۆكىدىغان تەرى كۆمۈر كان ئىشچىسىنىڭ تۆكىدىغان تەرى بىلەن تەڭ» دېگەنىدى. شۇڭا ئۇسسۇل ئارتىسى بولۇشقا بەل باغلىغان ھەر قانداق ئادەمدە بىر ئۆمۈر تىرىشىپ كۈرەش قىلىدىغان يۈكسەك غايە، مۇستەھكەم ئىرادە بولۇشى كېرەك.



ئىقتىدارلىق ئۇسسۇل ئارتىسى بولۇش ئۈچۈن كەسپىي ئاساسىنى مۇستەھكەم قۇرۇش، يەنى ئاساسىي مەشقنى قولدىن بەرمەسلىك ۋە كۆپ كۆرۈش، كۆپ ئاڭلاش، كۆپ ئۆگىنىش، تۇرمۇشتىن ئاللىۋالغانلىرىنى قايتا - قايتا مەشق قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ھەرىكەتتە سىناپ كۆرۈش كېرەك. بۇ ئارقىلىق قوپاللىق بىلەن سىلىقلىقنىڭ، تېزلىك بىلەن ئاستىلىقنىڭ، يەڭگىللىك بىلەن ئېغىرلىقنىڭ، چەبدەسلىك بىلەن سۇرەلمىلىكنىڭ پەرقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

كەسپچانلىقى كۈچلۈك بولغان تىرىشچان ئۇسسۇل ئارتىسى ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە ھەمىشە ياخشى شارائىتنى تەلەپ قىلسا بولمايدۇ. چەت - ياقا يېزا - قىشلاقلاردىكى سەنئەتخۇمار خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن شارائىتى ناچار يېزا - قىشلاقلارغا بېرىپ ئويۇن قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ، شۇنداق جاپالىق مۇھىتتىمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇۋاپىق مەشق شارائىتى ھازىرلاپ، ئاساسىي مەشقنى قولدىن بەرمەسلىكى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، بەدەن شەكلىنى مۇقىم ھالەتتە ساقلىغىلى بولىدۇ. ئۇسسۇل ئارتىسى ئۈچۈن ئىجتىمائىي شەرت - شارائىت ئەلۋەتتە مۇھىم ئامىل. لېكىن شۇ كىشىدە سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىق، ئېنىق مەقسەت، مۇستەھكەم ئىرادە كەمچىل بولسا ھەر قانچە ياخشى شارائىت، ياخشى مۇھىت بولسىمۇ شۇ شارائىتتىن پايدىلىنالمايدۇ. «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەندەك ئارتىس كۈندىلىك ئاساسىي مەشق، رېپېتىتسىيە، سەھنە پائالىيىتى بىلەن قانچىلىك كۆپ شۇغۇللانغانسېرى ئورۇندىماقچى بولغان نومۇرنى شۇنچە تاكاممۇللاشتۇرالايدۇ.

ئۇسسۇل ئارتىسلىرىنىڭ كۈندىلىك ئاساسىي مەشقنى چىڭ تۇتۇپ، ئاساسىي ماھارەتنى ئۆستۈرۈشىدىكى مەقسەت - كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۇسسۇلچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت.

مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى تۈرلۈك ئۇسسۇل ئۇسلۇبلىرى ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا ئاساسىي مەشق جەريانىدا باشقا مىللەتلەرنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىدىكى مىللىي سەنئىتىمىزگە ماس كېلىدىغان پايدىلىق ئامىللارنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇزاقتىن بۇيان باليت ئۇسسۇلى ئاساسىي مەشقنى چىڭ تۇتۇش تەكىتلەندى. چۈنكى باليت ئۇسسۇلى ئاساسىي مەشق ئۇسسۇلى ئارتىسنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسىنى ئىلمىي ئاساستا چېنىقتۇرۇپ يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق. ئۇ ئۇزاق يىللاردىن بېرى سەنئەت مەكتەپلىرىدە، كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئۇسسۇل ئارتىسلىرىنىڭ ئاساسىي ماھارەت مەشقى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ، ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىنىڭ بېيىش ئاساسى بولالايدۇ، يەنى بەدەننىڭ تىكلىكى، ئەۋرىشىملىكى، ئۆگە ۋە مۇسكۇللارنىڭ ئېچىلىشى قاتارلىق ئامىللارنى باليت ئۇسسۇلى مەشقى ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

شۇڭا، ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزىمىز دەيدىكەنمىز، كۈندىلىك ئاساسىي مەشقنى چىڭ تۇتۇشنى تەكىتلىشىمىز، ئۇسسۇلچىلار ئۆزىمىزنىڭ يۈكسەك كەسپىي مەۋقەيىمىزدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىمىزگە ھەر جەھەتتىن قاتتىق تەلەپ قويۇپ، خەلقنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقىپ، نەگىلا بارساق نەتىجە قازىنىپ، شىنجاڭنى دۇنياغا تونۇتۇشقا ھەسسە قوشۇشىمىز كېرەك.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئۇسسۇل ئەترىتىنىڭ باشلىقى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك ئارتىس

(M2)

## ئاممىۋى مەدەنىيەت



# كەنت مەدەنىيەت ئۆيىنى ئېخمۇ ياخشى قۇرۇپ چىقايلى

مۇھەممەتجان ئىلياس

كەنت مەدەنىيەت ئۆيى كەنت پارتىيە ياچېيكىسى بىلەن كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكى ھەم باشقۇرۇشىدىكى ئاساسىي قاتلام ئۇنىۋېرسال كەسپىي ئورۇن، ئۇ، پارتىيە، دۆلەتنىڭ سىياسەت، ئەمىر - پەرمانلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قانۇن - تۈزۈم كۆز قارىشى، پەن - تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان، مەدەنىيەت - سەنئەت، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرىدىغان مۇھىم بازا. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى نامراتلىقىنى تۈگىتىش، دېھقان / چارۋىچىلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قىلىشقا يېتەكلەپ، كەنتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كەنت مەدەنىيەت ئۆيىنى ياخشى قۇرۇش، ئوبدان باشقۇرۇش لازىم. كەنت مەدەنىيەت ئۆيى بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىدىغان مۇئەسسەسە بولماستىن، بەلكى كەنتلەردە چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى. ئۇ، رېئاللىقنىڭ جىددىي تەلىپى ۋە تەقەززاسى.

كەنت مەدەنىيەت ئۆيىنى باشقۇرۇشتا كەنت رەھبەرلىكى ئاكتىپ بولۇشى، مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلۇشىنى كەنتنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانى ھەم ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىچىگە قويۇپ، بىر تۇتاش پىلانلىشى، تەڭ ئېتىبار بېرىشى لازىم. بۇ ئىشتا سۆرۈشتە قىلىنسا ۋەزىيەت پەيدا قىلىپ / ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشقا، تەكشۈرمىسە ئۇنتۇپ، تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ.

كەنت مەدەنىيەت ئۆيى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى ئورگىنى بىلەن بىر تۇتاش پىلانلىنىپ، مەھەللىنىڭ ئىچىگە، ئاۋات جايغا سېلىنىشى، كۆلىمى مۇۋاپىق بولۇشى، مەدەنىيەت ئۆيى تەركىبىدە كىنو قويۇش ئورنى، كۇتۇپخانا (قىرائەتخانا)، كىتاب ئىسكىلاتى، كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى بولۇشى، يېتەرلىك كىتاب - ژۇرنال بولۇشى، بەلگىلىك ساندىكى گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتىرى بولۇنغان بولۇشى، تەنتەربىيە مەيدانى، مەدەنىيەت - سەنئەت، تەنتەربىيە قوراللىرى، تېلېۋىزور قاتارلىقلار بولۇشى لازىم.

مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى - ئۇنىڭ جانلىق پائالىيىتىدۇر. ئەگەر ئۇ پائالىيەت ئېلىپ بارمىسا ئۇنىڭ رولى بولمايدۇ. شۇڭا بايرام، خاتىرە كۈنلەردە كۆپ تەرەپلىمىلىك مەبلەغ توپلاپ، مەزمۇنى ساغلام، شەكلى رەڭگارەڭ، دەۋر روھى ۋە يەرلىك پۇراقى ئىگە ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرەكلىرىنى، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش لازىم. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ ۋەزىپىسى بولۇشى كېرەك.

رەھبەرلىك جەزمەن مەدەنىيەت ئۆيىنى باشقۇرغۇچى خادىمنى ئوبدان تاللاپ، ئۇنىڭ خىزمىتىگە ياخشى يېتەكچىلىك قىلىشى، مەدەنىيەت ئۆيى ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارنى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى، شۇنداقلا مەدەنىيەت ئۆيىنى باشقۇرغۇچى خادىمنىڭ ئىش ھەققىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا، مۇۋاپىق، ئادىل ھەل قىلىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى، باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

(M2) رەسام: ئابدۇشۇكۇر كېرىم

---

ئاپتور: خېجىڭ (خوتۇنسۇمۇل) ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى



ئاممىۋى مەدەنىيەت ئۆچۈرى

# ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىق ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش

## ـ ماناس ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرگەنلىكى توغرىسىدا

ماناس ناھىيىسى ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى تەڭ تۇتۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىش بىلەن بىللە، چېگرا مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى باشلامچى قىلىنغان مەدەنىيەتتە ئىلغار ناھىيە بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ناھىيىنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى، يېڭىلىق يارىتىپ ھەرقايسى جەھەتتە زور ئۆزگىرىش قىلدى. ناھىيە مەملىكەت بويىچە چېگرا مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىدا نەتىجىسى گەۋدىلىك ئورۇن، لوتويى بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتى مەملىكەت بويىچە ئىلغار مەدەنىيەت پونكىتى ۋە مەدەنىيەت ئارقىلىق مەدەنىيەت ساھەسىنى بېقىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ، ناھىيە 1994 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ سۈچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيىسى، 1992 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلغىچە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن نۇقتا قۇرۇپ تەكشۈرۈش بويىچە ئىلغار ئورۇن دېگەن شەرەپلەرگە ئېرىشتى. ماناس ناھىيىسىنىڭ يۇقىرىقى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

تۆۋەندە ماناس ناھىيىسىنىڭ بۇ ھەقتىكى بەزى تىپىك تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

**ـ تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، تەدبىرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش.** پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان ماناس ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە ئاشتى، مالىيە كىرىمى 36 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 3098 يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. ماناس ناھىيىسى ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلىتىشتە، بىرى، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلاش، يەنە بىرى، ئاھالىنىڭ 80 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇش زۆرۈر، دەپ قاراپ، مەدەنىيەت خىزمىتىنى كۈندىلىك ئىشلار تەرتىپىگە كىرگۈزدى. ئۇلار ناھىيە، يېزا (بازار) لاردا مەدەنىيەت خىزمىتىنى تەڭ تۇتىدىغان رەھبەرلىك سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىللە، چېگرا مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىغا دائىر پىلان، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا «ئىجتىمائىي

مەدەنىيەتتە ئىلغار ناھىيە بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا پىكىر»نى تارقىتىپ، مەدەنىيەت خىزمىتىنى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، نىشانلىق باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى قىلدى. يېزا ـ بازارلارمۇ مەدەنىيەت خىزمىتى نەتىجىسىنى مۇكاپات بىلەن باغلىدى، لوتويى، بىۋۇسا، لىيۇ خۇدى، باۋجادىيەن قاتارلىق يېزا ـ بازارلار مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلۇشىدا نەتىجىسى گەۋدىلىك كەنت كادىرلىرىنى مۇكاپاتلاشنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت خىزمىتىگە سەل قاراش، نوقۇل ھالدا ئىقتىسادىي خىزمەتنىلا تۇتۇش خاھىشى تۈزىتىلدى. ناھىيە يەنە مەدەنىيەت خىراجىتى، مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇلۇشى مەبلىغى، كۇتۇپخانا، تەنھەرىكەت مەيدانى ياساش، مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ شتاتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، كۇتۇپخانا، مۇزېي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، مەدەنىيەت پونكىتلىرىدىكى ئالتە كادىرنى رەسمىيلەشتۈرۈپ، تۇرمۇش تەمىناتىنى ياخشىلاپ، مەدەنىيەت خادىملىرى قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇردى.

**ـ ئەمەلىي ئىشلەپ، مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ـ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ تۈپ شەرتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم ئالامىتى.** بۇ ناھىيە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان 9 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش، ناھىيە بازىرىدا مەدەنىيەت يۇرتى، كۇتۇپخانا، مۇزېي، يېزا ـ بازارلاردا 13 مەدەنىيەت پونكىتى، 198 مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇپ ناھىيە، يېزا، كەنتلەردە ئۈچ دەرىجىلىك مەدەنىيەت تورى شەكىللەندۈر-دى. بۇلتۇر ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق بولۇش، نۇقتا بىلەن دائىرىنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن، مۇھىم نۇقتىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تەدرىجىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ لىيۇخۇدى، لوتويى، باۋجادىيەن، بىۋۇسا، تاشىرقاي قاتارلىق يېزا ـ بازارلاردا كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان ئالتە مەدەنىيەت مەركىزى قۇردى، بۇلارنىڭ ئالدىغا 500 مىڭ يۈەن، كەينىگە 50 ـ 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا ـ بازار، مەيدانلار 970 مىڭ يۈەن خەجلەپ مەدەنىيەت پونكىتى، مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ تېلېۋىزور، سىن ئالغۇ، تېنىس توپ، پەي توپ، شاھمات، بىليارت، ۋاسكېتبول قاتارلىق مەنقۇلاتلىرىنى تولۇقلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ ناھىيە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا 20 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرۇشنىڭ پۇختا ماددىي ئاساسىنى ياراتتى.

**ـ ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەدەنىيەت پائالىيىتى بىلەن ئىقتىسادىي پائالىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بېكى بالداقتا كۆتۈرۈش.** بۇ ناھىيە مەدەنىي تۇرمۇش مەزمۇنىنى بېيىتىشتا ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلدى. 1984 ـ يىلىدىن بۇيان ج خ، پۇل مۇئامىلىسى، ئاشلىق، سانائەت ـ قاتناش، مەدەنىيەت، سەھىيە، پوچتا ـ تېلېگراف، يېزا ـ بازاردىن ئىبارەت سەككىز سىستېمىغا قاراشلىق 60 نەچچە ئورۇن ماناس لوڭقىسىنى تالىشىش بويىچە 34 قېتىم ناخشا مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، 260 مىڭ ئادەم (قېتىم) جەلپ قىلدى.

دېھقانلار مەدەنىيەت ئۆيلىرىدە كىتاب ئوقۇپ، گېزىت كۆرۈپ، مەدەنىيەت ئۆگىنىپ، تېنىس توپ ئويناپ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇردى. بۇ ناھىيە يەنە، باشقۇرۇش بىلەن يۆلەشنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىيەت تىجارەتچىلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. خىزمەت داۋامىدا ئۇلارنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلاپ، دەردىگە دەرمان بولۇپ، غېمىنى تۈگەتتى. ھازىر بۇ ناھىيىدىكى مەدەنىيەت بازىرى ئون نەچچىدىن 264 كە يېتىپ، گۈللەپ ـ ياشناش ۋەزىيىتى مەيدانغا كەلدى.

**ئىسمائىل مۇھەممەت، مەۋلان سابىت، ئابدۇشۈكۈر ئابدۇكېرىم**

# ئاپتونوم رايونىمىز ماھىرلىرى مەملىكەتلىك «ئاممىۋى مەدەنىيەت يۇلتۇزى مۇكاپاتى» پائالىيىتىدە شەرەپ قازاندى

ئۆتكەن يىل 8 ـ دېكابىر نەنچاڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە 5 ـ نۆۋەتلىك «ئاممىۋى مەدەنىيەت يۇلتۇزى مۇكاپاتى» پائالىيىتىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىن تۆت نەپەر ناخشىچى تاللاش مۇسابىقىسى ۋە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ بىر ئالتۇن مېدال، ئۈچ مىس مېدال ۋە بىر «مۇنەۋۋەر نومۇر» مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا شەرەپ كەلتۈردى.

«ئاممىۋى مەدەنىيەت يۇلتۇزى مۇكاپاتى» دۆلەتنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپى بويىچە تەسىس قىلىنغان ئەڭ ئالىي ھۆكۈمەت مۇكاپاتى بولۇپ، كەسپىي مەدەنىيەتتىكى «بەش بىر قۇرۇلۇشى» ۋە «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا مۇكاپاتى» بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە قاتنىشىشنى ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى سىناپ كۆرىدىغان ياخشى پۇرسەت دەپ قاراپ، ئالدىن تاللاش ئۆتكۈزۈلۈشنى چىڭ تۇتتى. ئەۋەتىلگەن نومۇرلار ئىچىدە ۋەتەنىبىك ئورۇندىغان يالغۇز كىشىلىك ناخشا «ئالتۇن دالا» ئالتۇن مېدالغا، ماھىنۇر ئورۇندىغان «شادلىنىمەن گۈلزارلىقتا»، ۋۇكەييۈەن ئورۇندىغان «قەلبىمدىكى ئالتاي»، جۇشياۋفاڭ ئورۇندىغان «قىزىل ئارمىيىگە مەدھىيە» دېگەن ناخشىلار مىس مېدالغا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە شىنجاڭ «ئاق تېرەك» باللار سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان «سۆيۈملۈك ۋەتەن، مېھرىبان ئانا» دېگەن قوش ئاۋازلىق ناخشا مۇنەۋۋەر نومۇر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

(M2)

**ئەركىن كېرىم**




## ئوقۇرمەنلەر ساداسى

# «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا خەت

يولداش نىزامىددىن ھۈسەيىننىڭ ژۇرنىلىڭلارنىڭ 1990 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سانى (قوشما سان) غا بېسىلغان «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۆچۈرۈكلىرى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىنىڭ «ئالدامچى شەيپاتچىلىرى» دېگەن تېمىلىق قىسمىنى ئوقۇدۇم. ئوقۇغاندىمۇ، ھەم قىزىقىش، ھەم ئېچىنىش، ھەم خۇرسەنلىك ھېسسىياتى ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم.

يولداش نىزامىددىننىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تارىختىن سۆز» سەھىپىسىدە «يولسىز ئەقىدە»، «جاھالەت پىرلىرى شىنجاڭدا» دېگەن ماۋزۇلاردىكى ماقالىلىرى ئۇزۇلمەي چىقىشقا باشلىغاندىن تارتىپ بەك قىزىقىپ ئوقۇپ كەلدىم.

ھەممىسى ياخشى. ژۇرنىلىڭلارنىڭ 1989 ـ يىللىق 2 ـ، 3 ـ سانى (قوشما سان) غا بېسىلغان «قاباھەت ئەقىدە ـ يەنە بىر قېتىم ئاپاق خوجا توغرىسىدا» دېگەن ماقالىدە ئاپاق خوجىنى پاش قىلغان. بۇ قېتىمقى ماقالىدە قومۇل، ئىلى رايونىدىكى «سەئىد» لەر، ئىشان ـ سوپىلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا كەلتۈرگەن بالايى ـ ئاپەتلىرى توغرا مەيداندا تۇرۇپ ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن پاش قىلىنغان.

مەن يولداش نىزامىددىننىڭ سوپىزمنىڭ شىنجاڭدىكى زەھەرلىرىنى تازىلاش ئۈچۈن قىلىۋاتقان بۇ كۈرىشىنى قوللايمەن ھەمدە سالامەتلىكىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

يولداش نىزامىددىننىڭ ماقالىلىرى ھەم تارىخىي، ھەم رېئال ئەھمىيەتلىك، چوڭقۇر تەربىيىۋى رولى بار مۇھىم ماقالىلەر.

ئۇ، ئىلگىرىدىكى ماقالىلىرىدە ئىشان ـ سوپىلىقنىڭ ئۇيغۇرلارغا كەلتۈرگەن بالايى ـ ئاپەتلىرىنى پاش قىلىپ، ئاپاق خوجىنى نۇقتىلىق تۇتۇپ، نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئۇنىڭ نىقابىنى ئېچىپ تاشلاپ خەلققە ئالەمگە كۆرسىتىپ بەردى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىشان ـ سوپىلىق خۇراپاتىنىڭ بارغانچە كۆپچىيىشى، بەزى كىشىلەرنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان قارىشى ۋە پوزىتسىيىسىنىڭ مۇجمەللىكى ئۆسۈپ قالغان ۋاقىتتا يولداش نىزامىددىن ھۈسەيىننىڭ بۇ ماقالىلىرىنىڭ ئەھمىيىتى بەك مۇھىم.

16 ـ، 17 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەۋج ئالغان تەسەۋۋۇپچىلىق ـ ئىشانلىق خۇراپىي ئېقىمى شىنجاڭغا ئېقىپ كىردى. ئۇ ۋاقىتتىن كەلگەن خوجا مۇھەممەد شەرىفتىن مەخدۇم ئەزەم، خوجا ئىسھاقى ۋەلى، ئاپاق خوجا، دانىيال خوجا، بۇرھانىددىن خوجا، ۋەلىخان... غىچە بولغان ئىشان ـ خوجىلار «ئەۋلىيا»، «پەيغەمبەر ئەۋلادى» ـ «سەئىد»، «غەۋسۇلئەزەم»، «خوجا»، «بۇزرۇكۋار»، «پىر ـ كامىل»... ئاتاقلىرى بىلەن ئىشانلىق خۇراپىي ئەقىدىلىرىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ كەڭ تاراتتى. ئۇيغۇرلارنى خۇراپات پاتقىقىغا تىقتى. ئۇلار ئۇيغۇر خەلقىگە روھىي بوغۇنۇش، روھىي ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى تاڭدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەجدادلىرىدىن قالغان قىممەتلىك تارىخىي ـ مەدەنىي مىراسلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلدى («قۇرئان» دىن باشقا كىتابلىكى بولسا كۆيدۈردى).

كېيىن، مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى خەلقنى روھىي زەنجىر بىلەن باغلايدىغان بۇ «يۇمشاق كالتەك» نى ۋاڭ ـ گۇڭلار قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىغا «ياتلارنى ئۆز قولى بىلەن باشقۇرۇش» ئۈچۈن بۇ «كالتەك» تازا ياقتى. بۇ ئىش ۋاڭ ـ گۇڭلارغا تېخىمۇ خوش ياقتى، ئۇلار ئىشان ـ سوپىلىقنى ئىلگىرىكىدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.

بىز بۇ ئاچچىق ساۋاقلارنى ۋە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئەسلەپ، خەلقنى ئاشۇنداق ھەم روھىي، ھەم جىسمانىي ياقتىن پاتقاققا تىقىدىغان تەسەۋۋۇپچىلىق ـ ئىشانلىققا قەتئىي يول قويماسلىقىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن، ئاشۇنداق خۇراپىي قىلمىشلار («پەرز»، «سۈننەت» لەردىمۇ يوق) بىلەن كىشىلەرنى ئالداپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان، پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تەتۈر ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك؛ مىللىي كادىرلار، بولۇپمۇ كوممۇنىست كادىرلار ماركسىزملىق مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى تەربىيىلەش، ئەكسىيەتچى ـ خۇراپاتچىلارغا قارشى ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

ئاخىرىدا، يولداش نىزامىددىن ھۈسەيىننىڭ ماقالىلىرى يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن توپلاپ بىر كىتاب قىلىپ چىقىرىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

سالام بىلەن: **سەيپىددىن ئەزىزى**

1990 ـ يىل 1 ـ ئىيۇل، بېيجىڭ

---

ئاپتور: مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى. بۇ خەتنى ئۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلىدە تەھرىراتىمىزغا يازغانىدى.

# «سادا» هاسىلاتى



مامبەت تۇردۇ

**مۇھەررىردىن:** يازغۇچى ئەخمەت ئىمىنىنىڭ «سادا» ناملىق نەسرى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، تەبئەتتىكى، مەنىۋىيەتتىكى بۇلغىنىشقا قارشى بۇ نادىر ئەسەرنىڭ تەسىرى بالاغىتىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش مەقسىتىدە ئاپتورنىڭ قىسمەن تولۇقلاپ تۈزىتىشى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ يىللىق 3 - سانىدا تەھرىر ئىلاۋىسى قوشۇپ قايتا ئېلان قىلغاندۇق. ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 19 ـ، 20 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ سارچوققا يېزىسىدا بۇ نەسر ھەققىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان ئىمىن ئەخمىدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى رىشات ئىنايىتۇللا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، شائىر ئابلىمىت سادىق، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار ۋە بىر تۈركۈم يازغۇچى، شائىر، مۇھەررىرلەر قاتناشتى. ئۇلار ئۆز سۆزلىرىدە «سادا» ناملىق نەسرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ۋە زور ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بۇ ئەسەرگە يۇقىرى باھا بەردى.

بىزمۇ «سادا» ھەققىدىكى مۇھاكىمىدىن ئوقۇرمەنلىرىمىزنى بەھرىلەندۈرۈش مەقسىتىدە، يىغىندا ئوقۇلغان ماقالىلەردىن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى، ئۇيغۇر خەلقىگە تونۇلغان ياش قىرغىز ئوبزورچى مامبەت تۇردۇنىڭ «سادا ھاسىلاتى» ناملىق مۇلاھىزىسىنى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلدۇق.

* * *

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان نەسر ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل تۈردە شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئەخمەت ئىمىن ئاكىمىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، «سادا» نىڭ يارىلىشى تەبىئىي ھاسىلات. ئىجادىيەتتىكى ئىزچىللىق - پىكىرنىڭ، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ۋە مۇددىئانىڭ يۈكسەكلىكىگە ھەيدەكچى بولىدىكەن. مەن ئەخمەت ئىمىن ئىجادىيىتىدىكى ئاشۇ ئىزچىللىققا ئۇزاقتىن بۇيان دىققەت قىلىپ كەلدىم. بۇ ئىزچىللىق ئاخىرىدا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەسرچىلىكنىڭ «ئۇنتۇلۇپ» قالماسلىقىغا سەۋەبچى بولغان مۇھىم ئامىل، دەپ قارايمەن. چۈنكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىياتىدا ھەر بىر دەۋردە چوڭ - چوڭ «ئاممىۋى ئۇنتۇلۇش» ھادىسىسى يۈز بېرىپ، تۇرۇۋاتىدۇ.

ئەنگلىيىلىك ئالىم پىكلومىن ئېيتقاندەك: «پەنلەر ئۆز ئارا مۇھەببەتلەشمەكتە» . نەسرچىلىكمۇ ئۆزىنىڭ لىرىكىسىنى، ئاھ - پاھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، جانانلار باغچىسىدا تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، باققال بازىرىغا بېرىپ ئىجتىمائىي، سىياسىي، تارىخىي مەسىلىلەر توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ ئولتۇرغان ئەدەبىي ژانىرلار بىلەن ئۇچراشتى. نەسر - تاگورنىڭ قاپىقىدىن ھالقىدى. بۈگۈنكى بەدىئىي ئىزدىنىش ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ رامكىسىنى بۇزۇۋەتتى. نەسرچىلىكمۇ شېئىر كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ، ئۆز ئالدىغا بىر تۈرنى شەكىللەندۈردى. بۇ تۈر ژانىرلار ئارىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ مەھسۇلى بولدى. مۇشۇ كۈنلەردە خەنزۇ ئەدەبىياتىدا چاپ - چاپ بازارغا چۈشكىنى رومان بىلەن نەسرچىلىك بولسا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ئەدەبىياتلىرىدا ئوپېرا، دراما، كىنو سىنارىيىسى «ئاممىۋى ئۇنتۇلۇش» نىڭ كاساپىتىگە ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى - شۇ ژانىر بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىۋاتقان «ژانىر ئىگىلىرى» نىڭ يوق ھېسابىدا بولۇۋاتقانلىقىدا. شۇڭا، بۈگۈنكى سۆھبەتتە ئەخمەت ئىمىنىنىڭ نەسر ئىجادىيىتىدە كۆرسەتكەن پىداكارلىقلىرى توغرىسىدا مەخسۇس توختىلىشنىڭ ئەھمىيىتى زور دەپ قارايمەن.

تۆۋەندە مەن «سادا» ناملىق نەسىر توغرىسىدا يۈزەكى تەسىراتلىرىمنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن:

شىنجاڭدا نەسىر ئىجادىيىتىنى «جەلپكار نۇقتا» غا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن يەنىلا نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. مانا بۈگۈن «سادا» ئارقىلىق بۇ مەسىلىگە مۇراجىئەت قىلماقتىمىز.

«سادا» ناملىق بۇ نەسىردىن ئەڭ ئالدى بىلەن بىز مۇنداق ئىككى يۈزلىنىشنى بايقايمىز: بىرى، نەسىرچىلىك كۆلەم ۋە لىرىكىنىڭ تەسىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىجتىمائىي تېمىلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بۇرۇلدى. يەنە بىرى، ئۇيغۇر نەسىرچىلىكىدە تۇنجى قېتىم ئېكولوگىيە مەسىلىسى تېما قىلىندى.

نەسىردە ئېكولوگىيە كىرىزىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئۇنى ئىككى ژورنالدا ئېلان قىلىش ھەم شۇ توغرىلىق مەخسۇس سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ ئۆزى مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئېكولوگىيە كىرىزىسى، مېنىڭچە، دۇنيا بويىچە شىنجاڭدا ئەڭ ئېغىر. تەبىئەت ئېكولوگىيىسىنى قوغداش، ئانا يەرنى ئاسراش ئېھتىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا دۇنيا بويىچە شىنجاڭدا ئەڭ تۆۋەن. «سادا» ناملىق نەسىردىن بىز ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل، دەبدەبىلىك مەدھىيىلەر بىلەن ئۇزۇندىن ئۇزۇن قوشاقلارغا قېتىپ، «گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق جەننەت»، «ساپ ھاۋاسى تەڭگە داۋا گۈزەل شەھەر»، «گۈل - چېچەكلىك بوستان دىيارىم»، «مەرىپەت ئوچىقى» دەپ زورۇقۇپ كۈيلەپ كەلگەن شەھەر ھەققىدىكى يالغان، سۈنئىي، ساختا مەدھىيىلەرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ھەقىقىي ئەھۋالنى - ئەڭ ئېغىر ئىجتىمائىي پاجىئەنى كۆرىمىز.

بىز تەرەققىياتقا مەستخۇش بولۇپ، ھوشىمىزنى يوقاتقان مۇشۇ يىللاردا ئىنسان تەبىئىتى، روھى ۋە تېنىنى چىرىتىپ كېتىۋاتقان تەبىئەتتىكى بۇلغىنىش توغرىسىدا ئويلىنىپ قويمىدۇق. تېخى ئەمدىلا ئەقلىمىزگە كېلىپ تەرەققىياتنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان شەھەر ۋە شەھەر ھاياتى ھەققىدە مانا بۇ قېتىم ئۆز تىلىمىز، ئۆز ئاۋازىمىز بىلەن سۆزلەۋاتىمىز. بۇرۇن بولسا، ئانا تەبىئەت ۋە ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى بايانلار ۋە قاراشلارنى چەت ئەل ئەدەبىياتى ئارقىلىق ئوقۇپ، ئۇنى «غايىۋىلاشقان دۇنياغا قاراش»، «قورسىقى توق چەت ئەللىكلەرنىڭ رومانتىكىسى» دەپ قوياتتۇق. ئەمەلىيەتتە ئېكولوگىيە تېمىسى ئەڭ كونكرېت، ئەڭ رېئال تېما بولۇپ، بۇ تېما يامغۇرى كۆپ، ھاۋاسى مۆتىدىل ياۋروپالىقلار ئۈچۈن ئەمەس، يەرلىرى كۈندىن - كۈنگە چۆللىشىپ، تاقىرلىشىپ، بوستانلىقلىرى ئازىيىپ، سۇلىرى قۇرۇپ كېتىۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئىدى. بۇنى بىز ھازىرمۇ تولۇق چۈشىنىپ يەتمىدۇق. بىز نىڭ تراگېدىيىمىزمۇ دەل مۇشۇ يەردە. «سادا» ناملىق نەسىردە ئېكولوگىيىلىك ئاپەت توغرىسىدا دەسلەپكى سىگنال چېلىنىپ، ھالاكەت پاتقىقىغا پېتىپ كېتىۋاتقان ۋە بەلكى بۇ پاتقاقتا دۇنيادىكى ھەرقانداق شەھەر ۋە شەھەرلىكلەردىنمۇ بەتتەر پېتىپ كېتىۋاتقان ھالىتىمىز قىلچە يوشۇرۇلمىدى، ھەقىقەتكە سادىق بولغان ھالدا چىنلىق بىلەن ئاشكارىلاندى. لېكىن ئۆزلىرى پاشاۋاتقان ئاشۇ شەھەرنى، ئاشۇ شەھەرگە قوشۇپ ئۆزلىرىنىمۇ دەپمەندە قىلىپ خورلاۋاتقانلار توغرىسىدا تېخى بىزدىن بىرەر ھەققانىي سادا چىقمىدى. مەن بۇ يەردە ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە - ئادەم ئېكولوگىيىسى توغرىسىدا سۆزلىمەكچى. «سادا» ناملىق نەسىردە تىلغا ئېلىنمىغان (بەلكىم ئاپتور ئىككىنچى «سادا» سىدا بىز كۈتكەن بۇ گەپلەرنى ئېيتىشىغا ئىمانىم كامىل) ئىنسان ئېكولوگىيىسى - مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مېنىڭچە، گۇناھ شەھەردە ئەمەس، شەھەرنى بەختسىز قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە قويغان، بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ جەۋرى - جاپا تارتقۇزۇۋاتقانلار يەنىلا ئادەملەرنىڭ ئۆزى. چۈنكى شەھەرگە ھېچكىم كۆيۈنمەيدۇ، ئۆز ئۆيۈم دەپ ھېسابلىمايدۇ. ئۇلار شۇ شەھەردە ياشايدۇ، خىزمەت قىلىدۇ، ئورىدۇ، چاقىدۇ، كېسىدۇ، توكۇرىدۇ، بۇزىدۇ، چاچىدۇ، ئالىدۇ، لېكىن ھېچكىم شەھەرگە قىلچە ئىچ ئاغرىتمايدۇ، ئايىمايدۇ. «قىلمىشىغا لايىق جازاسىنى تارتىش» دېگەندەك، شەھەرمۇ ئادەملەرنىڭ قىلغىنىغا يارىشا ئاشۇرۇپ جازالىماقتا. ئادەملەر ھەرقېتىملىق ئەخمەقلىقنىڭ جازاسىنى ئۇن ھەسسىلەپ تارتماقتا. ئىگىسى يوق شەھەر ۋە ئۆز شەھىرىگە كۆيۈنمىگەن ئادەملەرلا بىر - بىرىنى مانا شۇنداق ئېزىدۇ.

شەھەرلەرنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى بىلەن كونا تۇرمۇش ئۇسۇللىرى ئوتتۇرىسىدا ئەڭ كەسكىن توقۇنۇش يۈز بەردى. نادانلىرى جىق شەھەر ئازاب پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. كىچىككىنە بىر مىسال ئالايلۇق، مىنىبۇس بېكەتكە كېلىپ توختىشى بىلەن بوۋاي - مومايلار، ئۇششاق باللار، چىرايلىق قىزلار، يىگىتلەر ۋە سەھرالىقلار بولۇپ ئون نەچچە ئادەم ماشىنىغا ئېتىلىدۇ. ئالدىدا چىقىپ ئورۇندۇق ئىگىلەشكە كۈچى يەتكەن كۈچتۈڭگۈر، چاققان، ئەقىللىك، تەلەيلىك، نوچى ئەركەكلەر گىدىيىشىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ئالدى بىلەن تاماكىلىرىنى چىقىرىپ، بەزىلىرى ئاچچىق موخوركىلىرىنى ئورۇشۇپ، ئورۇندۇققا ئىگە بولغان غەلىبە شادلىقىنى تەبرىكلەپ، ياشانغان ئادەملەر بارمۇ، ئاغرىق - سىلاقلار بارمۇ، ئېغىر ئاياغلار بارمۇ دېمەستىن، تاماكىلىرىنى خۇددى ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى شورىغاندەك شوراشقا باشلايدۇ. شالاقشىتىپ يەرگە تۈكۈرىدۇ. مىنىبۇس دەرھاللا ئىس - تۈتەك بىلەن تولغان سېسىقچىلىق ئىچىدە قالىدۇ. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ قانچىلىك مەدەنىيەتسىز، ئىنسانىي ھېس - تۇيغۇدىن مەھرۇم ئادىمىي ھايۋانلىقىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنداق ئادەملەردىن (مەيلى ئۇ لاتاپەتلىك، ئېسىلزادە بولۇپ كەتسۇن!) خاھى تەبىئەتكە، خاھى ئىنسانغا، خاھى ئۆزىگە ۋە ھەتتاكى ئۆز ئانىسىغىمۇ ياخشىلىق كەلمەيدۇ. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزدە ئۇنداق ئادەملەر كۆرمىگىلاپ تېپىلىدۇ!

خۇلاسە كالام، ئەخمەت ئىمىنىنىڭ «سادا» سىدەك مەزمۇندىكى رومان، كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرى، ئوپېرا - دراممىلارنى دادىل ئىجاد قىلىش، بۇنداق ئاتوم بومبىلىرىنى روھىيەت زېمىنىمىزگە قورقماي تاشلاش كېرەك. (قىزغىن ئالقىشلار). (M1)

---

گەنۋەر ئابدۇھېلىم فوتوسى



# ئەينەكتىكى ئەكسىڭىزگە ئوبدان بىر قاراڭ

**― «ئەينەك» سەھىپىسىدىكى ماقالىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن**

**غاپپار تەۋەككۇل**

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەيسا پەيغەمبەر كرېستقا مىخلاش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىلىۋاتقاندا، ھېرىپ كېتىپ بىر يەھۇدىي موزدۇزنىڭ لەمپىسى ئاستىدا ھاردۇق ئالماقچى بوپتۇ. لېكىن ئۇ موزدۇز ئۆز سودىسىنىڭ دەخلىگە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ، پەيغەمبەرنىڭ ھاردۇق ئېلىۋېلىشىغا ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەيسا پەيغەمبەر ئۇنى: «تاكى قىيامەت كۈنىگىچە مېڭىپلا يۈرگەيسەن» دەپ قاغىۋېتىپتۇ. شۇڭا بۇ يەھۇدىي موزدۇز تا ھازىرغىچە بىكار تۇرماي مېڭىپلا يۈرەرمىش...

بۇ بەلكىم يەھۇدىيلارنىڭ تارىختىكى قىسمىتىگە ئاساسەن پەيدا بولغان رىۋايەت بولسا كېرەك. يەھۇدىيلار دۇنيادا ئەڭ ئەقىللىك، سودا ― تىجارەتتە تەڭداشسىز، پۇل تېپىشقا بەك يامان مىللەت، دەپ قارىلىدىكەن. ئەيسا پەيغەمبەر، ماركس، ئېينىشتېين... ۋاھ، قارىساق ئەڭ مەشھۇر ئادەملەرنىڭ تولىسى يەھۇدىي. لېكىن شۇندىمۇ يەھۇدىيلار دۇنيانىڭ ھەر قانداق جايىدا چەتكە قېقىلىپ، «مېڭىپلا» يۈرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن چىققان پەيغەمبەرنى «بىردەم ئارام ئېلىۋېلىشقا ئورۇن بەرمەي» كرېستقا مىخلاپ ئۆلتۈرۈپ، خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغانلىقىدىنمۇ؟ يا ئۇلارنىڭ بەك ئەقىللىك بولۇپ كەتكەنلىكىدىن-مۇ؟ (چۈنكى ئادەملەرنىڭ تەبىئىتىدىن ئالغاندا، ئەقىللىك ئادەملەر ھەمىشە چەتكە قېقىلىدۇ ئەمەسمۇ) بۇنىسى نامەلۇم. لېكىن ئۇلار تا ھازىرغىچە «مېڭىپلا يۈرۈپ» تارىختا ئۆتكۈزگەن گۇناھىنىڭ جازاسىنى تارتىۋاتىدۇ.

ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ― تىجارەت جەھەتتىكى ئىقتىدارى ھەممىنى جەلپ قىلىۋاتىدۇ. لېكىن نەگىلا بارمىسۇن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا سىبىپ كۆتىگە تېپىك يەۋاتىدۇ. ئىقتىدار ۋە قېقىندىلىقنىڭ مۇنداق ئوخشاشلىقىدا قانداقتۇر بىر باغلىنىش بارمۇ ― قانداق؟ بۇ خىل سېلىشتۇرما كىشىنى ئويغا سالماي قالمايدۇ. خۇداغا شۈكرى، بىزدىن قاغىۋېتىدىغان بىرەر پەيغەمبەر چىقمىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، ھازىرچە «مېڭىپلا» يۈرىدىغان ئاقىۋەتكە قالمىدۇق (ئەمما تارىختا پەيغەمبەرگە بەرگۈسىز قانچىلىغان بۈيۈك ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ قالمايلى). ئەگەر ناچار تەبىئىتىمىز ئۆزگەرمىسە بۇ كۈنلەرمۇ بىزگە يىراق ئەمەس.

خەير، تولا ۋايسىغاننىڭ پايدىسى يوق. ھەسرەت چېكىش بىلەنلا مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، ئەمەلىي ئىش ھەممىدىن مۇھىم. ئۆزىمىزنى تونۇش، شۇ ئاساستا زامانغا لايىق يېڭىچە ئادەم بولۇش توغرىسىدىكى ھەرىكەتلەر بىزدىمۇ يوقمۇ ئەمەس، بۇ ھەقتىكى ھەققانىي سادالارمۇ ياڭراپ تۇرۇۋاتىدۇ. لېكىن ئۇ سادالارنى جاھىل ئادەت كۈچلىرىنىڭ قارا بورىنى يۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ. مەن بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقاندا ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» دېگەن ئەدەبىي خاتىرىسىدىكى، سەئۇدى ئەرەبىستانلىق بوۋاينىڭ سۆزلىرى ئېسىمگە كېلىپ قالدى (پوتكۇل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى لەرزىگە سالغان بۇ مەشھۇر ئەدەبىي خاتىرە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1994 ― يىللىق 1 ―، 2 ― سانى (قوشما سان) دا ئېلان قىلىنغانىدى ―

مۇھەررىردىن) . ئەلۋەتتە، كالىنىڭ ئەھۋالى بۇ ھالدا تۇرسا، تولا قاقشاۋەرگەننىڭ پايدىسى يوق. كالىنغا سەۋەب قىلىش، يەنە ماڭمىسا، يوغان قامچا بىلەن ئۇرۇش لازىم. روھىمىزغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن قالاق ئادەتنى تۈگىتىش تولىمۇ مۇشكۇل ئىش. ئۇ بىزدىن بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئەدىب لۇشۇندەك پىتنە - بوھتان، تىل - ھاقارەت، قارىغۇ تۆھمەتتىن قورقمايدىغان چىدام، مەتانەت بىلەن ئۇزاق مەزگىللىك روھىيەت كۈرىشى ئېلىپ بېرىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەگەر مىللىتىمىز سېپىنى ئىزدەپ كۆرسەك مۇشۇ يولدا قۇربان بەرگۈچى مۇتەپەككۇر روھىيەت پالۋانلىرىدىن قانچىسى چىقار؟

شەخسىيەتچىلىك، ماددىي مەئىشەت قۇلچىلىقى جەمئىيىتىمىزگە بەئەينى ئەيدىز ۋىرۇسىدەك يامراپ، ئادەملىرىمىز ئەتىدىكى قويىرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكىنى ئەلا بىلىپ، بەئەينى ئېچىرقاپ كەتكەن ئېشەك يەمگە ئۆزىنى ئۇرغاندەك ئار - نومۇس، ۋىجدان، ئىمان - ئېتىقاد، ئىنسانىي مۇھەببەت دېگەنلەرنى قايرىپ قويۇپ، ۋاستە تاللىماي نەپكە، پايدىغا دوم چۈشۈۋاتقان؛ خۇددى ئارتىس سەھنىگە چىقىش ئالدىدا ھەممىنى ئۇنتۇپ ئۆزىنى پەردازلىغاندەك، ئۆزىگە قۇرۇق سۆلەت پەيدا قىلىشقا بېرىلىپ كېتىۋاتقان؛ يوق سۈپەتلەر بىلەن ئۆزلىرىنى ماختىشىپ، قېرىنداشلار ئارا ئۈستۈن - تۆۋەنلىك تالىشىۋاتقان، ئۆز يولداشلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىغا قەستەن كۆز يۇمۇپ، ئۆز ئىچىدە بىر - بىرىنى ياراتمايۋاتقان؛ قۇرۇق گەپ، غەيۋەت - شىكايەت بىلەن ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئاۋۇندۇرۇپ - خۇش ئېتىشىۋاتقان؛ بىر - بىرىدىن گۇمانلىنىپ، ئۆزئارا شۈبھىلىنىپ قاراۋاتقان، ھەتتا بىر - بىرىنى مۇناپىقلارچە سېتىۋاتقان مۇشۇنداق بۇزۇق كەيپىياتتىكى چۈشكۈن رېئاللىقىمىزدىن قول ئۈزۈپ، شەخسىيەتسىز ھالدا ئۆزىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە مىللەت ۋۇجۇدىنى ئاقارتىشقا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان خالىس پىداكارلار بىزدە زادى قانچىلىك؟ بۇنداق روھ بىزدىمۇ يوق ئەمەس، بۇ بەزى ئويغاق كىشىلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتمەيلا ساقلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ياكى شۇنداقلا مەيدانغا چىقتىمۇ، بولدى، بۇزۇلغان چاكىنا تەبىئەت ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ كېتىۋاتقان كۈچلۈك جاھىلىيەت ئېقىمىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان ئادەم خاتالىقىنى تونۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۆز تەبىئىتىدىن ئىزدىگەن ۋاقتىدىلا ئاندىن توغرا يول تاپالايدۇ. شۇڭا، بىز مانا بۈگۈنكى كۈنلەرگە كېلىپ ئەمدىلەتتىن ئۆزىمىزنىڭ ئەيىبلىرىنى يۈزە بولسىمۇ ئاز - تولا ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنىمۇ ئۆز تەبىئىتىمىزدىن ئىزدەۋاتىمىز. شۇڭلاشقا روھىيىتىمىزدىكى ئىللەتلىرىمىزنى ئىلمىي ۋە ھەقلىق يوسۇندا ئېچىپ كۆرسىتىش، تەنقىدلەش، تۈزىتىش يوللىرى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش باشلاندى. (بۇ، روھىيەتتىكى ئۆز - ئۆزىمىز ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ئىنقىلاب، ئەلۋەتتە - مۇھەررىردىن) . ۋۇجۇدىمىزنى چىرماپ بىزنى ئالغا باستۇرمايۋاتقان ئىللەتلىرىمىزدىن بىزار بولغان ياش دوستلىرىمىزدىن بىرسى شۇ كۈنلەردە: «خۇدا بىزنى قايتىدىن ياراتقان بولسا...» دېدى ئاچچىق قىلىپ. ئەپسۇس، خۇدا بىزنى قايتا ياراتمايدۇ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قايتا يارىتىمىز. بىز تېخى ئەمدىلەتتىن ئۆزىمىزنى «قايتا يارىتىش» ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىمىزنى تونۇشنىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى ئېلىۋاتىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا ھەمدە مۇشۇ ژۇرنالدا ئۆز ئىللەتلىرىمىزنى ئۆزىمىزگە كۆرسىتىپ بېرىۋاتقان نىزامىددىن ھۈسەيىن، ئەختەم ئۆمەر... قاتارلىق ئېتىقادلىق، ئىمانى ئەركەك قەلەم ساھىبلىرىغا چەكسىز تەشەككۇر ئېيتماي تۇرالامدۇق!؟

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ۋە باشقا گېزىت - ژۇرناللاردا مەنىۋىيىتىمىزدىكى سەلبىيەتلىكلەر مىللەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئىلمىي روھ ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كۆرسىتىلىشكە باشلىغاندا، غورۇرلۇق ئادەملىرىمىزنىڭ ئاچچىقى ئوقۇشىغا ئېرىشتى. لېكىن: «بۇغۇ شۇنداق، نېمە ئامال؟» دېگەنلەرنىمۇ خېلى كۆردۈم. مانا بۇ بىزدىكى تىپىك پسىخىكا، فېئودال ئادەت كۈچى ئېقىمىدىن ئۆزىمىزنى تارتىپ ئالالمايۋاتقانلىقىمىزنىڭ ئىپادىسى. توغرا، بىز خەلقىمىزگە: «ھازىرقى زامانغا نىسبەتەن سەلبىيەتلىشىپ تۇرغان ناچار ئادەتلىرىمىزنى ئۆزگەرتەيلى، يېڭى دۇنياغا يۈزلىنەيلى» دەپ ئېزىپ - ئېچىپ چۈشەندۈرسەك، قايىل بولغاندەك بولىدۇ - يۇ، يەنە «ئۆگەنگەن خۇي ئۈجمە پىشقىغىچە» دېگەندەك ئۆزى بىلگەننى قىلىۋېرىدۇ. شۇڭا بىز بۈگۈنكى زامانىۋىلاشتۇرۇش دەۋرىدە فېئودالىزمنىڭ جاھىلىيەت ئېقىمىدا توختاپ قالغان روھىيەت ئېقىمىنى تەرەققىياتقا بۇرىيالايدىغان، زامانىۋى ئاڭ بىلەن 21 - ئەسىرگە باشلاپ ماڭالايدىغان مۇتەپەككۇر پىداكارلارغا موھتاجمىز.

بەس، بىز ھەممە ئادەمنى: «نېمىشقا يېڭى مەدەنىيەت ياراتمايسەن؟» دەپ قامچىلاشقا ھەققىمىز يوق، پەقەت: «يېڭى مەدەنىيەت سەركەردىلىرىگە يول بېرىڭلار، ئۇلارنى قوللاڭلار» دېيىشكىلا مەجبۇرمىز. شۇڭا، يېڭىلىق - تەرەققىيات بىلەن قارشىلاشقۇچىلارغا شۇنداق جاكار قىلغۇم بار: يا ئۆزۈڭلار بىر ئىشنى قاملاشتۇرۇپ قىلالمايسىلەر، خەق قىلسا يول بەرمەيسىلەر، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە ئوساللىق بارمۇ؟! ئەمدى يولدا توغرى يېتىۋالغانلار ئۆزۈڭلارنى بىلىپ، يېڭى كۈچلەرگە يول بېرىڭلار، بولمىسا كاللاڭلارغا ھەقىقەت توقمىقى تېگىدىغان كۈنلەرمۇ يىراق ئەمەس!

---

ئاپتور: قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە قوغان يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M1)

# ئەردىن خىزمەت

# ئەلدىن ھۆرمەت



ئىمىن ئەخمىدى

دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش، بىزدىمۇ توي - تۆكۈن، بايرام - مەرىكىلەر ئىنتايىن كۆپ. ئۇلار شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتە دۆلەتلەر ئارا، مىللەتلەر ئارا، يۇرت - مەھەللىلەر ئارا، ھەتتا سىياسىي تۈزۈم تۈپەيلى بىر - بىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئالايلۇق: بىزدىكى قوييۇق سىياسىي تۈسكە، خەلقنىڭ ھاياتى، بەخت - سائادىتى، دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان پارتىيە، ئارمىيە، دۆلەت قۇرۇلغان كۈنگە ئاتاپ ئۆتكۈزۈلىدىغان بايراملار ئىنتايىن داغدۇغىلىق، ھەشەمەتلىك بولىدۇ. ھەر مىللەت كىشىلىرى بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ، داقا - دۇمباقلارنى چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، شادلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلىدۇ. ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسكە ئالىدۇ. ئەتە ھەققىدە خىيال سۈرىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ باي، مۇنبەت، قۇدرەتلىك بىر ئەلدە ياشاۋاتقانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. ئۆز قەلبىگە يېڭىدىن - يېڭى ئارزۇ - ئۇمىدلەرنى پۈكىدۇ. لېكىن بۇنداق بايراملار ھەر يىلى بىر قېتىم ياكى بەش - ئون يىلدا بىر قېتىم ئوخشاش يوسۇندا تەكرارلىنىدۇ. كىشىلەردىكى ئىلھام، غەيرەت، جەڭگىۋارلىق بولسا يېڭىلىنىپ بارىدۇ.

ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن باشقا، ئادەمنىڭ ئۆمرىدە پەقەت بىر - ئىككى قېتىملا ئېرىشەلەيدىغان خاس تويىمۇ بار. ئۇ، پەرزەنت دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن كېيىن قۇلىقىغا ئەزان چىللاپ قويۇلىدىغان ئات تويى، قىرىق كۈن بولغاندا ئۆتكۈزۈلىدىغان بۆشۈككە سېلىش، ئوغۇل يەتتىگە كىرگەندىكى سۈننەت تويى ۋە قىز - يىگىتلەر بويىغا يەتكەندىكى توي مۇراسىمى بولۇپ، بۇ مەرىكىلەرگە شۇ ئائىلىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئەل - ئاغىنىلىرى ۋە ئەھلى مەھەللە ئىشتىراك قىلىدۇ. لېكىن بۇ تويلار پەرزەنتلەرنىڭ سەبىي چاغلىرى ياكى بالاغەتكە يەتكەن چاغلىرىدىلا ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇمۇ يۇقىرىدىكى بايراملارغا ئوخشاش شاد - خۇراملىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. كىشىلەر بۇ سەبىيلەرگە ياكى ياشلارغا بەخت تىلىشىدۇ.

بۇ يىل 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا، تولى ناھىيىسىنىڭ قوڭىر ئوبا يايلىقىدا يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ھەر ئىككى تويغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر توي بولدى. بۇ توي قازاق خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلى، يازغۇچى، شائىر، دراماتورگ ئۆمەر غازى ئايتان تۇغۇلغانلىقىنىڭ 65 يىللىقى، ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ 45 يىللىقىنى تەبرىكلەش شەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەندى. مەرىكىگە يۇرت ئاغاسى، ناھىيە ھاكىمى غارىفوللا، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى زاغىپار، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى مۇساتاي قاتارلىقلار، شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى ئورگانلىرى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، قاراماي، كۈيتۇن شەھەرلىرىدىن مۇناسىۋەتلىك خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق زىيالىيلىرى، تولى ناھىيىسىدىكى مىڭلىغان دېھقان - چارۋىچىلار ھازىر بولدى. ياپيېشىل يايلاقتا ئاپئاق كىگىز ئۆيلەر تىكىلدى، قىمىزلار تەييارلاندى، تايلار سويۇلدى. توي مۇراسىمىدا ئۆمەر غازى ئايتان ئوغلى ۋە تولى ناھىيىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان شائىر، يازغۇچى، ئاخباراتچى قابىز سۇلايمان، غەنى سىرجانلارنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى تونۇشتۇرۇلدى. ئۆز نۆۋىتىدە مەنمۇ سۆز ئېلىپ: ئۆمەر غازى ئايتاننىڭ خاس قازاق مىللىتىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭمۇ ئەدىبى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئۇيغۇر، خەنزۇ، شىبە، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭمۇ ئۆز پەرزەنتىمىز دەپ

ئۆرنەك

بىلدۈرگەنلىكىنى ئىپتىخار بىلەن ئېيتىپ ئۆتتۈم. توي مۇراسىمىدا ياش شائىرلار ئۆمەر غازى ئاقساقالنىڭ ئەل ئىچىگە تاراپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن نادىر شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. ئاقىنلار ئۇنىڭ شەنىگە ئاتاپ جىرلىدى. پايانسىز دالا يىلقىلارنىڭ كىشنەشلىرى، ئادەملەرنىڭ قىقاس - سۈرەنلىرى، دۇمبىرلارنىڭ يۈرەكنى تىترەتكۈچى مۇڭلۇق كۈيلىرى بىلەن تولدى. يۇرت - يۇرتتىن تويغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ھەر مىللەت مېھمانلىرى ئىززگۇ تىلەك، چىن ئىنسانىي نىيەتلىرى بىلەن ئۆمەر غازى ئايتان قاتارلىق يۇرتنىڭ پەخىرلىك ئوغلانلىرىنى مۇبارەكلەپ ئۇلارغا سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىدى. تويىنىڭ ئاخىرقى كۈن تەرتىپىدە ناھىيە ھاكىمى غارىفوللا ئۈچ ئارغىماقنى يېتىلەپ كېلىپ ئۆمەر غازى ئايتان قاتارلىق ئۈچ زاتقا كامالىي ئېھتىرام بىلەن سالام بەرگەندىن كېيىن، ئەل - يۇرت نامىدىن ئۇلارنى ئاتقا مىندۈرۈپ، تون يېپىپ، دوپپا كىيدۈردى. ئاق چاچلىق ئانىلار ئاستا مېڭىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ بېشىغا چاچقۇ چاچتى؛ ئانىلىق مېھرى بىلەن ئۇلارنىڭ باش - كۆزىنى سىيلىدى. ئاپئاق ساقاللىق ئاتىلار ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ قۇلاقلىرىغا پىچىرلىدى...

بۇ تويىنىڭ ئۆزگىچىلىكى شۇ ئىدىكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى توي ئىشتىراكچىلىرى ئۆمەر غازى ئايتان قاتارلىق ئەدىبلەرنى ئەزەلدىن كۆرمىگەنىدى، لېكىن ئۇلار بۇ ئۈچ زاتنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرگەن، شۇ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئۆلمەس ھاياتىي ھەقىقەتلەردىن بەھىر ئالغانىدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى توي ئىشتىراكچىلىرى ئۆمەر غازى ئايتان قاتارلىق زاتلار بىلەن تۇغقان ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇلار ئۆمەر غازى ئايتان قاتارلىق بۇ ئۈچ ئەدىبنىڭ مۇشۇ زېمىن بىلەن، مۇشۇ يايلاق بىلەن، خەلق بىلەن، ۋەتەن بىلەن تومۇرداش، قانداش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، دېمەك، بۇ تويىنىڭ مەزمۇنى سەبىيلەرنىڭ ياكى بالاغەتكە يەتكەن قىز - يىگىتلەرنىڭ تويىدىن ھالقىپ، پۈتكۈل ئەل - يۇرتنىڭ كاتتا مەرىكىسىگە ئايلانغانىدى.

مەن مۇشۇ مىنۇتلاردا ئۆمەر غازى ئاقساقالنىڭ سورۇن ئەھلىگە تىكىلگەن نۇرلۇق كۆزلىرىدە لىغىلداۋاتقان سۈزۈك ياش تامچىلىرىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ئېھتىمال ئۆز بېشىغا نى - نى قەبىھ مۇشكۈلاتلار كەلگەندىمۇ ياش تۆكمىگەن بولغىيدى، بىراق، ئۇ بۈگۈن ئۆز خەلقىنىڭ، ھەر مىللەت مېھمانلىرىنىڭ، پايانسىز يايلاقنىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان ھۆرمىتى ئالدىدا يىغلاپ تاشلىغانىدى. مەن يەنە مۇشۇ مىنۇتلاردا ئۆمەر غازى ئاقساقالنىڭ يۈگەن تۇتقان قولىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ئېھتىمال غەزەپ ياكى مۇھەببەت ئىلكىدە قەلەمنى تەۋرىتىۋاتقان چاغدىمۇ تىترەپ باقمىغان بولغىيدى، بىراق، ئۇ بۈگۈن ئۆز خەلقىنىڭ، ھەر مىللەت مېھمانلىرىنىڭ، پايانسىز يايلاقنىڭ ئۆزىدىن كۈتۈۋاتقان ئارزۇ - ئۈمىدلىرى ئالدىدا تىترەپ كەتكەنىدى. مەن يەنە ئۇنىڭ ئۆمۈر مەنزىللىرىدىكى بوران - چاپقۇنلار ئىچىدە غايەت زور قىيىنچىلىقتا بەرداشلىق بەرگەن مەزمۇت گەۋدىسىنىڭ سورۇن ئەھلىگە قاراپ ئېگىلگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ بۇ گەۋدىسى بۇنىڭدىن بۇرۇن ئېلىپتەك تۈز بولغان بولغىيدى، بىراق، بۈگۈن بۇ مەزمۇت گەۋدە ئۆزىگە ئاپئاق سۈت بەرگەن، سۆيگۈ بەرگەن، ھاياجان بەرگەن يايلاققا ۋە جامائەتكە ئېگىلگەنىدى. راست، ئۇ ئاستا ئېگىلىپ قارلىق تاغ چوققىلىرىغا، غۇرۇر ۋە ئىپتىخار ئىچىدە ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان مىڭلاپ كۆزلەرگە، قۇياش نۇرىدا جىمىرلاپ تۇرغان يايلاقنىڭ بىر چېتىدىكى دەريا سۈيىگە، تۇيۇقسىزلا مەرەشتىن توختاپ، سورۇن تەرەپكە قاراپ بېشىنى كۆتۈرگەن بىر قوزىغا ھۆرمەت بىلەن سالام بەردى.

ئەجەب يۇرتلار بولىدىكەن، ئەجەب مىللەتلەر بولىدىكەن، دەپ ئىچىمنى تىڭشاپ قالدىم. بۇ، راستلا ئاجايىپ خاسىيەتلىك، ھېكمەت ۋە باتۇرلۇققا باي، مەرھۇم نىغمەت مىڭجانىدەك كاتتا ئالىم، مەرھۇم قاۋسىلقان قوزىباي ۋە ئۆمەر غازى ئايتاندەك ئەدىبلەرنى يېقىپ قاتارغا قوشقان ئېسىل يۇرت ئىدى. بۇ، ئۆزىنىڭ ئەل يولىدا نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراق جايلاردا ئىشلەپ يۈرگەن پەرزەنتلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان، ئۇلارنىڭ مىللەت ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن ياراتقان كاتتا تۆھپىلىرىنى قەدىرلەپ مۇنار تىكلەيدىغان، ئۇلارغا ئۆز قەلبىدىكى جەننەتتىن ئورۇن بېرىدىغان ئېسىل يۇرت ئىدى. بۇ، بىزدىكى ئادەتلەشكەن ھەسەتخورلۇق، چىدىماسلىق، ئۆز ئىچىدىكى تالانت ئىگىلىرىنى تىرىك ۋاقتىدا قاساپ ئارام بەرمەيدىغان، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىنمۇ گۆرىدە خاتىرجەم ياتقىلى قويمايدىغان، بىرەرسىگە شان - شەرەپ ئۈچۈن ئاتقۇ بۇياقتا تۇرسۇن، قوتۇر ئېشەكنىمۇ راۋا كۆرمەيدىغان زەھەرخەندە چاكىنىلىق ئالدىدا، ئالەمشۇمۇل كاتتا پەزىلەت ئىدى.

مۇشۇ تويدىن كېيىن، ئۆمەر غازى ئايتان ئوغلى ئۈچۈن ئۆزى تۇغۇلغان يېزا، ئۆزى خىزمەت قىلغان ئورۇنلار بولۇپ ئالتە يايلاقتا قارشى ئېلىش، قۇتلۇقلاش، ئۇلۇغلاش تويلىرى ئۆتكۈزۈلدى. توي بولغانلىكى يايلاقتا ئۇنىڭغا دوپپا كىيدۈرۈلۈپ، تون يېپىلدى، ئارغىماققا مىندۈرۈلدى. «ئۆمەر غازى كاتتا بايلاردىن بولۇپ كەتتى» دېدى بەزىلەر ماڭا چاقچاق قىلىپ. دېمىسىمۇ ئۇ راستىنلا «باي» بولغانىدى، لېكىن ئۇ بەزىلەردەك تەلەپ قىلىپ ئات مىنىپ، سوراپ تون كىيىپ ئەمەس، بەلكى مىللەت ۋە خەلق ئۆزى خالاپ چىن كۆڭلىدىن بىلدۈرگەن ھۆرمەتكە ئەقىدىگە، ئىشەنچكە باي بولدى. بىر ئەدىب ئۈچۈن، بىر مىسرا شېئىر ياكى جۈملىنى بىر تامچە يۈرەك قېنى بىلەن پۈتىدىغان، ئۆز ئىجادىيىتىنى خەققە تەقلىد قىلىپ ياكى ئوغرىلاش ھېسابىغا ئەمەس، بەلكى ھالال ئەمگىكى، ساپ نىيىتى بەدىلىگە روياپقا چىقىرىدىغان ئىمان - ئېتىقادلىق بىر ئەر ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق بايلىق بولمايتتى.

مەن غاپۇر غۇلامنىڭ: «تەقدىرنى يارىتۇر ئادەمنىڭ قولى، غايىبتىن كەلگەن بەخت بىر ئەپسانە» دېگەن مىسرالىرىنى يادىمغا ئالدىم. ئۆمەر غازى ئاغىنىنىڭ تەقدىرنى ئۇنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مۇشۇ ئانا ماكان ياراتتى، شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى مۇشۇ ماكانغا تەقدىم قىلالىدى. تەقدىم قىلغاندىمۇ ئۇنى شاھانە تونلارغا يۆگەپ، تەكەببۇرلۇق لىباسىغا ئوراپ ئەمەس، بەلكى ئۇ ھاياتىنى ئەلنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئېقىپ تۇرۇپ تەقدىم قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ ھاياتى، قەلبى خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ، ئۇلار بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتتى...

بۇ مۇبارەك تويدىن ھاسىلاتىم شۇ بولدىكى، تولى ناھىيىسىدىكى قازاق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۆھپىكار ئوغلانلىرىدىن سۆيۈنۈش، پەخىرلىنىش، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشتەك ئۇلۇغ روھى بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر ئېسىل ئۆرنەك، ئەلۋەتتە. (M1) -

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى



# ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى

ئەختەم ئۆمەر

## ئەرلىك سالاپەتنىڭ گۇمران بولۇشى

بىزدە ئەركەك تۇكى (ئەرلىك غۇرۇرى) بار ئادەملەر كۈندىن - كۈنگە ئازلاپ، بىر قارىسا ئەر كىشىدەك، ئەمما قىلىقى غىلتاڭ خوتۇن سۈپەت ناجىنىسلار كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەرلىك ئەخلاقى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، ئەرلەر خاھى جىسمانىي جەھەتتىكى، خاھى ئائىلىدىكى، خاھى ئايالى، بالىلىرى، ئاتا - ئانىسى ئالدىدىكى بۇرچىنى تۇزۇك ئادا قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. شۇ سەۋەبلىك بىز ئەرلەرنىڭ ئانىلار، ئاياللار، بالىلار ئالدىدىكى ئورنىمىز تۆۋەنلەپ، ئەرلىك سۈر - سالاپىتىمىز، تىلدىكى ئۆتكۈر - كەسكىنلىكىمىز يوقاشقا باشلىدى. ئەمدىلىكتە ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ئالدىمىزدا قىلچە تەپ تارتماستىن ئاغزىغا كەلگەن گەپ، خىيالىغا كەچكەن ئىشلارنى قىلىۋېرىشى ئادەتتىكى - نورمال ئىش بولۇپ قالدى. ئەسلىدە بالىلارنىڭ ئاتىسىغا گەپ ياندۇرۇشى، ھاقارەتلىشى ھەتتا مۇشت كۆتۈرۈشى، قىزلارنىڭ دادىسى ئالدىدا يېرىم يالىڭاچ ناىناقلاپ يۈرۈشى، پۇتلىرىنى يىغىپ ئولتۇرماستىن سەت كېرىپ ئولتۇرۇشى،

ئەينەك

دادىسىدىن خىجىل بولماستىن ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ بىر چىرايلىق يۈزىنى ھەر خىل بوياقلار بىلەن بويىشى، دادا بىلەن تويى ھەققىدە، مۇھەببەت ھەققىدە سۆزلىشىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلەر ئەخلاقى قانۇنىيىتىگە مۇتلەق خىلاپ كېلىدىغان ئىشلار ئىدى. نېمە ئۈچۈن بۇ قىلىقلار بارغانسېرى ئادەت شەكلىگە ئۆرلەپ، جەمئىيەتلى- شىشكە قاراپ يۈزلەندى؟ بۇنىڭدا، بىرى، غەربتىكى يېڭى مەدەنىيەت ئېقىملىرىنىڭ مەيلى ئىلغار بولسۇن، مەيلى قالاق بولسۇن ئۇيغۇرلارنىڭ پۇتكۇل ئەخلاقىغا قارا - قويۇق سىڭىپ كىرىۋاتقانلىقىدىن بولسا، يەنە بىرى، بىزدىكى ئەرلەرنىڭ سالاپىتىدە شۇ قىلىقنى چەكلەش سۈر - ھەيۋىسىنىڭ سۇنۇپ يوقالغانلىقىدىن بولدى.

مەن ھازىر ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ كوچىدا كېتىۋېتىپ، بىر توپ ئەرلەر قاراپ تۇرسا ئەل كۆزىچە يۈزىنى بوياۋاتقىنىنى پات - پات ئۇچرىتىپ قالىمەن. بۇنىڭدىن 10 يىل بۇرۇن قىزلار كەچتە ئوسما قويسا، ئەتىگىنى يولدا مېڭىشتىن خىجىل بولۇپ يۈيۈۋېتىپ ماڭاتتى. كوچىدا يۈزىنى پەردازلاپ ماڭغان چوكاننىڭ كەينىدىن: «خۇمدان دەزى بار» بىر توپ بىكار تەلەپ ياشلار كۈسۈكتەك ئەگىشەتتى. ھازىر ئۇ ئىشلار ئۇتمۇشكە ئايلىنىپ قالدى. ئانىلاردا قىزلىرىغا بەرگۇدەك مىللىي ئەخلاق ئېڭى بولمىغاندىكىن، قارىغوجا نېمىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا شۇنى دوراپ سايرىغاندەك، قىزلىرىمىز تېلېۋىزوردىن نېمىنى كۆرسە شۇنى

دورايدىغان روھىي گادايلىق پاجىئەسى يۈز بەردى.

مىللىي تەربىيىلىنىشىمىزنىڭ كۈنسايىن يىمىرىلىشكە يۈز تۇتۇشى بىلەن، ئۇيغۇر ئائىلىلار ئوغۇل تەربىيىلىگەندە ئەرلىك سۈر - سالاپەتنىڭ قانداق بولۇشى، ئەرنىڭ ئاتا - ئانىسىغا، خوتۇن - بالىلىرىغا، جەمئىيەتكە، ۋەتەنگە، خەلققە نېمە قىلىشى كېرەكلىكى، ئۇنىڭ مەرد، قولى ئوچۇق، پىداكار، قۇربان بېرىش روھىغا باي بولۇشى، قىزلارنىڭ ئۆينى پاكىز -رەتلىك تۇتۇپ، بالىنى پاكىز بېقىشى، ئەر ئۈچۈن نازۇك ھەرىكەت، تاتلىق سۆزلۈك كۆيۈمچان ئايال، بالىلارغا مېھرىبان ئانا بولۇشى ھەققىدىكى تەربىيىسى بارغانسېرى سۇسلاشتى. نەتىجە - ئاقىۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىدا يېتىلدۈرگەن ئەر - ئاياللىق مىللىي ئەخلاقى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئەخلاق خەزىنىسىدىن مەھرۇم بولۇۋاتقان بۇ خەلقىمىز ئەخلاق دىۋانىسى بولۇپ، ھېلى ئۇنىڭدىن، ھېلى بۇنىڭدىن پۇرۇچ تېرىپ قوراق چاپان تىكىپ كىيىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

ئۇنداقتا ئەرلىك سالاپىتىنىڭ سۇنۇشى قەيەردىن باشلاندى؟

تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۇيغۇر ئەرلىرىگە ۋاپادار ياخشى ئاياللىق، ئۆز پەرزەنتلىرىگە كۆيۈمچان ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ، دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان - ئانا سۈپىتىدە ياشاپ كەلگەنىدى. بۇ سۇنۇش ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئاياللىرىنى باقالماسلىق ھالىغا چۈشكىنىدىن تارتىپ باشلاندى. ئۇيغۇر ئەرلەر ئاياللىرىمۇ ئۆزى ئىشلەپ ئۆز كېلىنى باقمىسا خوتۇن قىلمايدىغان كۈنگە قالغاندىن كېيىن، تۇمۇچۇقتەك چىرايلىق كەلگەن ئۇيغۇر ئاياللىرى ئامالسىزلىقتىن ئەرلەر بىلەن بوسۇغا ئاتلاپ چىقىپ نازۇك قوللارغا ئېغىر كەتمەنلەرنى، ئاق بىلەكلىرىگە پوق تاغىرىنى ئېلىپ، ئېتىز - داللاردا ئاياللىق ئەخلاق - نازاكەتلىرىنى ۋەيران قىلدى. چىرايلىق بوستان چاچلار لەپىلدەيدىغان ئەۋرىشىم بەللەر، سۈپەتلىك ساغرىلار، سۆلەتلىك مۈرىلەر پوق تاغىرىنى يۈدۈپ مۈكچىيىپ، دۈمچەك بولۇپ كەتتى. قورساق غېمى بىلەن ئەخلاق ئىگىنى يوقاتقان ئۇيغۇر ئاياللىرى بارا - بارا ئوغۇل - قىزلىرىغا ئۆگىتىدىغان ئەخلاقنىڭ پەرقىنى تۈزۈك ئاجرىتالماي، ئەر - ئاياللارنىڭ بۇرچى ئۆز ئارا ئارىلىشىپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئەرلەرنىڭ ئاياللار ئالدىدا تىلى قىسقا بولغاچقا قازان بېشى، بالا بېقىش، كىر - قات يۇيۇش، ئۆي تازىلىقى قاتارلىق ئاياللار قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان ئىشلار بارا - بارا ئەرلەرگە ئۆتۈپ قېلىپ، ئاياللار ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلمايدىغان، ھەتتا بەزى ناچىنىسلىشىپ كەتكەن ئەرلەرنى ئاياللىرى باقىدىغان ئىشلار ئادەت شەكلىگە كىرىۋاتىدۇ. جىنسىي پەرقنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۆزىنىڭ ئەرلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس. شۇ ئاي، شۇ يىللاردا ئەرلەر ھاراققا بېرىلىش نەتىجىسىدە توپلىشىپ خوتۇن خەقتىن ئاشۇرۇپ غەيۋەت قىلىدىغان؛ گۇرۇھ، مەزھەپ بولۇپ ئۆز ئارا بىر - بىرىنى سىپىستىدىغان؛ ساقال - سۇمباتلىق ئەركەكلەر تورۇقلۇق ئەركىشىدەك تىك قارىشىپ تۇرۇپ بىر - بىرىگە گېپىنى ئوچۇق دېمەي، ئارقىسىدىن پىتنە قىلىدىغان؛ ئۆزى بىلەن ياخشى ئۆتىدىغان ئاغىنىلىرىدىن بىرەرسى ئۆزى چويلىغا چىقمايدىغان ئەرزىمەس گەپ بىلەن ئۆزىگە دۈشمەن سايلىۋالغان يەنە بىرسى بىلەن سالاملىشىپ شۇنداقلا پاراڭلىشىپ قالغۇدەك بولسا، ئۆزىچە ئۇ ئىككىسىگە خۇدۇكسىنىدىغان، باتناپ ماي تارتىپ تەتۈر قارايدىغان؛ ئۇ ئاغىنىسىنىمۇ ئۆزىگە دۈشمەن سانايدىغان؛ گەپ بولسىلا ئۆزىنى ئالىيجاناب، ئۆزىدىن باشقىنى ئوسال كۆرسىتىپ سۆزلەيدىغان قىلىق رەسمىي باش كۆتۈرۈپ، ئەرلەرنىڭ قان - قېنىغا سىڭمەكتە. بۇ ئوسال قىلىق ئەسلىدە بېشەم، كوت - كوت، غەيۋەتخور، ساپ - ساپچى خوتۇنلارنىڭ قىلىقى ئىدى. مانا بۇ، ئەرلىرىمىزنىڭ ئەرلىك غۇرۇر، ئەركەك مىجەز، ئەرلىك سالاپىتىنىڭ گۇمران بولۇۋاتقانلىقىنىڭ، ئەر كىشى تۇرۇپ ئەر كىشىدىن كۈنلەيدىغان خوتۇن مىجەزلىكك ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنىڭ بىر بەلگىسىدۇر.

ئەرلىرىمىز ئاياللارنىڭ ئۆمۈر يولدىشىلىق ھۆرمىتى، ئانىلىق ئۇلۇغلۇقىنى چىن مەنىسىدىن چۈشەنگەن، جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنىغا ھەقىقىي ئېتىبار بەرگەن ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئەر كىشىگە خاس قوپاللىقى، بۇزۇش، تۈزۈش، قۇرۇش روھىغا ئىگە جەڭگىۋار ئەرلىك ھېسسىياتىنى تېپىۋالغىنى، ئەر - ئاياللار ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئالدىدىكى ئۆزىگە مۇناسىپ بۇرچىنى توغرا تونۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە ئەر - ئەردەك، ئايال - ئايالدەك بولغىنى تۈزۈك.

## ئۆز ئۇلۇغلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىش ۋە ھالاكەت تىلەشتىن ھۇزۇرلىنىش

ھەر قانداق يۇرتنىڭ ئۆزلىرى چوڭ بىلىدىغان ئاسمانپەلەك بۈيۈك تېغى، قۇچاق يەتكۈسىز ھەيۋەتلىك قەدىمىي دەرىخى، سۆيۈنىدىغان ئانا دەرياسى ۋە خاسىيەتلىك بۇلاقلىرى بولىدۇ. بۇ يۇرت ئاشۇ ھاياتلىق مەنبەلىرى بىلەن ياشاپ، ئاتىلىپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا ئاشۇ مۇبارەك نام - بەلگىلىرى بىلەن تونۇلۇپ، ھازىرقى زامان تىلى

بىلەن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق بەلگىسى بولغان ئاشۇ ماركىسى بىلەن ئۆزىگە يول تاپالايدۇ.

خۇي - پەيلىمىزنىڭ ئۇسساللىقىدىن ئارىمىزدىن چىققان تاغدەك ئاتىلارغىمۇ، باغدەك ئانىلارغىمۇ، خاھى دەريا، خاھى بۇلاق ئاتالغانلارغىمۇ، ئىشقىلىپ بىزگە ماركا بولماق بولغانلارنىڭ ھەر قانداقىغا ھېچ ھېيىقماستىن گەندە سۇۋاپ، بۇ ماركىنى ئامال بار ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنىمىز. شۇ سەۋەبلىك مىللىتىمىزنىڭ تارىختىكى ئىپتىخارلىق نامۇ - نىشانى ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ، ھازىر ئېنىق ماركىسى بولمىغاچقا، سىدام - ئىپتىدائىي سۈپىتى بىلەن بۈگۈنكى ئىنسانىيەت ئالىمىدە بىزنى تونۇيدىغانلار يوق ھېسابىدا بولماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى تەگكەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى دۆلەتلەردە ئاز - تولا تونۇلدۇق دېيىش توغرا كەلسە، سېسىق نامىمىز، بەدخۇيلۇقىمىز، ھەممە سەسكىنىپ يىرگىنىدىغان، كەمسىتىپ پەس كۆرىدىغان ماركىمىز بىلەن تونۇلدۇق. ئۇلار ئۆز دۆلەتلىرىگە ناگان - ناگاندا بېرىپ قالغان تەربىيە كۆرگەن، مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇرلارغا مۇئامىلە قىلغاندا: «سىز ئۆزبېكمۇ؟» دەپ سورىسا، ئادەملىرىمىز: «ياق، مەن ئۇيغۇر» دېسە ھەيران قېلىپ: «ياق، ئۇيغۇر دېگەن سىزدەك بولمايتتىغۇ» دەپ ئىشەنمەيدىغان دەرىجىدە ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرۇۋدۇق. يۈرۈش - تۇرۇش، ئىش - ھەرىكەتتە ياخشى بولساق خەق بىزنى ياخشى دەيدۇ، يامان بولساق يامان دەيدۇ. ھەرگىز ياخشى دېمەيدۇ. بۇ بىر ئەقەللىي ساۋات. خۇي - پەيلىمىز ئۇسال، قىلىقىمىز سەت تۇرۇپ، مېنى نېمىشقا ياخشى دېمەيسەن، دەپ يەنە خەقتىن يامانلاشقا ھېچقانداق ھەققىمىز يوق.

خوش، گەپنى شاخلاتماي يەنە ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى. بىز ئامال قىلىپ كۆزگە كۆرۈنگەن ئادەملىرىمىزنىڭ ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان ماركىسىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەش ۋە زورايتىشقا چىن دىلىمىزدىن ئىلھام ۋە مەدەت بەرسەك، ئۇنىڭ مىللىي ۋە دۇنياۋى ماركا بولۇشىغا يار- يۆلەكتە بولساق، بۇ ماركا بىلەن بىزنى ئاستا - ئاستا ھەرقايسى ئەللەر تونۇسا، ئاندىن بىزگە خەقنىڭ كۆزى چۈشۈپ: ھە، ئۇيغۇرلار مۇنداق ئادەملەر ئىكەن، دەپ بىزگە قىزىقسا، ئۇنتۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان بۇ مىللىتىمىز بۈگۈنكى دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىغا كىرەلىگەن بولاتتى. ئەپسۇسكى، كۆرگىنىمىزمۇ، كۆنگىنىمىزمۇ، ئويلايدىغىنىمىزمۇ، ئادەتلەنگىنىمىزمۇ يامانلىق بولغاچقا، مەيلى قانداق ئېسىل ماركىلىق بۈيۈك ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھەققىدە ھالاكەتلىك سۆز تارقالسا (شۇ گەپنىمۇ ئۆزىمىز تارقىتىمىز)، قىچىشقاقتا مەدەك خۇشياققاندەك بىزگە شۇنچىلىك خۇشىيىقىپ ھوزۇرلىنىمىزكى، خۇددى بىر توپ چىلبۆرىدەك ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرىنى تالىشىپ غاجاپ، يىلىكلىرىنى بەس - بەستە شوراپ كېتىمىز؛ ئۇلۇغلىرىمىزنى سېسىتتۇقتىمىگۈچە كۆڭلىمىز ئارام تاپمايدۇ. قېنى دەپ باقايلى، بىز كۆزگە كۆرۈنگەن قايسىبىر ئېسىل ئادىمىمىزنىڭ كەينىدىن يامان گەپ تېپىپ، ئۇنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرمىدۇق؟ ھېلى دىلبەر يۇنۇس ئۇنداق قىپتۇ، ئىززەت ئىلياس مۇنداق بوپتۇ، دەپ سۆز - چۆچەك تارقىتىپ، ئۇنىڭ ئەل ئىچىدىكى ئابرويىنى بۇلغاشقا ئۇرۇنساق، ھېلى رابىيە قادىر ئۇنداقكەن، ئۆتكۈر ئەپەندى مۇنداقكەن دەپ پىتنە قىلىمىز؛ تۇرۇپلا قۇربان باراتنى بىر نېمە دەپ سېسىتساق، يەنە تۇرۇپلا يا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ، يا زوردۇن سابىرنىڭ كەينىدىن تۈكى يوق گەپتىن بىرنى تاپىمىز... سەن ئاشۇ تاغۇ - دەريا، بۇلاقلىرىمىز ھەققىدە پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ ئۇلارنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئېسىل ماركىلىق سالاھىيىتىنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ، نامىغا گەندە سۇۋاپ نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ نېمىگە ئېرىشتىڭ؟ ئۇلارنىڭ مۇبارەك نامىنى بۇلغىغىنىڭ بىلەن ئەل - يۇرتقا تاغ - دەريا، باغ ۋە بۇلاق بولۇش قولۇڭدىن كېلەمدۇ؟ ياكى ھەسەتخورلۇقۇڭدىن ئىچىڭدە توڭگۇز قاتىراپ، خۇدا بۇ شان - شەرەپنى ماڭا بەرمىگەندىكىن ساڭىمۇ يوق بولسۇن دېمەكچىمىدىڭ؟

بىر خەلقنىڭ ئۆز ئۇلۇغلىرىغا ھالاكەت تىلەپ ھوزۇرلىنىشى ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەپ ھوزۇرلىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنىڭغا قاراپ ئادەملىرىمىزگە جان ئېغىر كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ، دېسەك دۇنيادا بىزدەك جېنى تاتلىق خەلق يوق.

ھەسەتخورلۇق كۆزلىرىنى كور، دىللىرىنى قارا قىلىۋەتكەن ئەي غاپىل بۇرادەرلىرىمىز، شۇنىڭغا ئاگاھ ۋە دانا بولايلىكى، خۇدا بىر قەۋمگە غەزەپ قىلماقچى بولسا، شۇ قەۋمدىكى ياخشىلارنى ئېلىپ كېتىش بىلەن جازالاپ كەلگەن. شۇڭا بىز ئويقۇمىزنى ئېچىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئۇلۇغلىرىنى قەدىرلەيلى، ئاللادىن ئۇلارغا نۇسرەت تىلەيلى. بىر ئۆچۈم ھارامتاماق - بەدنىيەتلەرنىڭ پىتنە - سەنەملىرىگە ئۇسسۇل ئويناپ، ئۇلارغا ئىلاھىيلاشقان قاتتىق تەلەپ قويمايلى. ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى قەدىرلەپ، ئۆزىنى ھۆرمەتلەيلى. ئۇنتۇمايلىكى، ھەر قەۋمگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى تۇتقان قانچە يۈز يىلدا ئۇلۇغ ئادەمدىن بىر ياكى بىر قانچىنى بېرىدۇ. بىز ئۇيغۇرلار ئېسىل ماركىلىق ئادەملىرىمىزنى سېسىتىپ، ھالاكەت -

ئۆلۈم تىلەپلا يۈرگەنچە، 400 يىلدىن بېرى بىزگە ئىسىل ئەردىن بىرنى بېرىشنى ئاياپ كېلىۋاتىدۇ. بىز قاچانكى ئەقلىمىزگە كېلىپ ئاللاھتىن ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ كىشىنىڭ كۆڭۈشلۇق بولۇشىنى تىلەپ ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى چۆگىلىگەندە، ئاندىن ئىسىل ئادەملەرنى كۆپرەك بېرىپ، شۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ.

## ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تىرىكلىكىدىكى تۆھپىسى بىلەن ئەمەس، ئۆلگەندىن كېيىنكى دەپنىسى بىلەن ئۆلچەش

ئوتتۇرا ئەسىردە، شەرق ئەللىرىدە بىر كىمنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە قەدىر - قىممىتى ئۇنىڭ توي مۇراسىمىنىڭ داغدۇغىلىق ئۆتكەن - ئۆتمىگەنلىكى، تويى ياكى مېيىت نامىزىغا كەلگەنلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن ئۆلچىنەتتى؛ بىر توپ ئادەم توي ياكى ھازىدا پاتىپاراق بولۇشۇپ مىغىلداپ يۈرسە، ئۇ ئەڭ ھۆرمەتلىك سانىلاتتى. ئەكسىچە بولغاندا، قاتاردا يوق ئادەم دەپ قارىلىپ كەمسىتىلەتتى. بىز ئۇيغۇرلار شەرقنىڭ قىزىق قان، ئەمما ھىممەتلىك تايىپلىرى سۈپىتىدە بۇ خىل مەدەنىيەتنى ياقتۇرۇپ، قۇچاق ئېچىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلدۇق ۋە تەۋەررۈك سۈپىتىدە قەدىرلەپ، ۋارىسلىق قىلىپ تېخىمۇ بېيىتىپ كەلدۇق ۋە كېلىۋاتىمىز.

دۇنيانىڭ تەرەققىي قىلىشى، شەرق - غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئارا بىر - بىرىگە سىڭىشىپ سەلبىي - ئەھمىيەتسىزلىشىپ تۇرغان ئادەت - يوسۇنلارنىڭ تەبىئىي تۈردە شاللىنىشى نەتىجىسىدە، شەرق ئەللىرىمۇ زامانغا، مەرىپەتكە، زامانىۋى دۇنياغا يۈزلەندى. ئۇلارمۇ ئەمدى ياۋروپالىقلاردەك تويىنى ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى ۋە دوستلار ئارا ئاز ئادەم بىلەن داۋراڭسىز، مول ئەمما ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزىدىغان، بىر توپ ئادەم بىلەن داۋراڭ قىلىپ ئالەمنى بېشىغا كىيىشكە قارشى تۇرۇپ، بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپ قىلىشقا كېتىدىغان پۇلنى تېجەپ ئۇنى قىز - يىگىتنىڭ ئۆيىنى پۇزۇر، سەرخىل سەرەمجانلاشتۇرۇشقا سەرپ قىلىدىغان، ئۆلگەندىمۇ جاھانغا داد سېلىپ ئەمەس، خۇددى ئاشۇ تويىدەك جىمجىت، داۋراڭسىز، سۈكۈت بىلەن تىنچ - رەتلىك ئۇزىتىدىغان، نەزىردىكى «يەپ - ئىچىۋېلىش مۇسابىقىسى»غا كېتەرلىك ئىقتىسادىنى مەرھۇمنىڭ نامىدا مەسچىت، مەكتەپ، يول، تەتقىقات، ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، يېتىم - يېسىر، ئاجىزلارغا ھەدىيە قىلىدىغان بولدى. ئەمما بىز ئۇيغۇرلار بىر ئەسىرگە يېقىن ئېغىلغا سولانغان چارۋىدەك جاھان بىلەن ئارىلاشماي، ئۆيدە يەپ، ھويلىغا تەرەت قىلىپ، تالانى كۆرمىگەچكە كۆزىمىز 20 - ئەسىردە تۇغۇلغان بولساقمۇ ئەقلىمىز ئوتتۇرا ئەسىردە توختاپ قالغاچقا، ھازىرغىچە ئادەملىرىمىزنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تىرىكلىكىدىكى تۆھپىسى بىلەن ئەمەس، ئۆلگەندە - مېيىتىنىڭ كۆپ ئادەملەر بىلەن ئۇزىتىلىشىدا ئۆلچەۋاتىمىز. بۇ، ئادەم بىرەر ئىشتا يۈز تاپقان ھامان ئىناۋىتىنىڭ باريدا ئۆلۈۋالسا تازا ئوبدان بولاتتى، دەيدىغان تىرىكلەرنىڭ ئۆلۈمنى تىلەش مەنتىقىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

«ئوقۇتقۇچىلار ئون قەدەم يىراقتىن سالام بېرىشكە لايىق ھۆرمەتلىك كىشىلەر» دېگەن سەلتەنەتلىك شوئارنى ھەممە ئادەم تۇۋلاپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغاندەك، بىزدىكى نۇرغۇنلىغان تۆھپىكارلارمۇ ھايات چېغىدا يىراقتىن قۇرۇق غايىبانە سالام، ئالدىدا يالغان ماختاش بىلەن ساختا ھۆرمەتلەنمەكتە. ئىش يۈزىدە بولسا، ئۇلارنى ئارقىسىدىن تىللاپ، غاجاپ - غەيۋەت قىلىپ، ھەتتا تۆھمەت چاپلاپ مۇناپىقلەرچە سېتىپ كەلدۇق. بىز يالغان ھۆرمەت، راست ھاقارەت بىلەن تۆھپىكارلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۆلگەندە، خۇددى قاچان ئۆلەركىن دەپ تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغاندەك ھەممىمىز ئولىشىپ كېلىپ كۆمىمىزدە، دۇنيادىكى جىمىكى ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلەر بىلەن ئۇلارغا ھەمدۇ سانا ئوقۇشنى باشلايمىز. بىز ھەقىقەتەن دۈشمىنىمىزگە قانداق نەپرەتلىنىشنى، ئەدىپىنى قايسى يول بىلەن بېرىشنى؛ قەدىرلەپ چوڭ بىلگەن ئادەمنى قانداق ئۇلۇغلاپ ھۆرمەتلەشنىمۇ بىلمەيدىغان كالۋالىق، قورقۇنچاقلىق، لامزەللە - مازلىقتا ئىنسانىيەتكە ئەۋرىشكە بولغۇدەك ھالغا كېلىپ قالدۇق. بىر ئادەمگە ئاچچىقىڭ بولسا ئارقىسىدىن كوت - كوت خوتۇندەك غەيۋەت قىلىپ غاجىلاشنىڭ ئورنىغا ئوغۇلبالا بولغاندىكىن قورقماي ئالدىغا بېرىپ گېپىڭنى ئوچۇق - يورۇق دە، ياكى مەيدانغا چۈشۈپ رەسمىي تۇتۇشۇپ پۇخادىن چىق. مۇبادا بىراۋنى چىن دىلىڭدىن ھۆرمەتلىگۈڭ بولسا، يىراقتىن قۇرۇق سالام، يالغان كۈلكە، ساختا ھېسسىيات بىلەن شوئار تۇۋلىماي، ئۇنىڭ سېنى قايىل قىلغان، ھۆرمىتىڭنى قوزغىتالىغان ئىشىغا قولۇڭدىن كېلىشىچە ھەمدەمدە بول. شۇ چاغدا سەن ئادىمىيلىك ئۆلچىمىگە يېتەلەيسەن.

گەپ - گەپكە كەلگەندە شۇنى تەكرار تىلغا ئالماي بولمىدىكى، بىز يەنىلا ئىنسانلار تاشلىۋەتكەن ئوتتۇرا ئەسىر قىممەت قارىشى بويىچە، ئاسار - ئەتىقىگە ئايلانغان قائىدە - يوسۇنىمىز بىلەن ياشاۋاتىمىز. ۋاقتى ئۆتكەن بۇ قائىدە - يوسۇنلار بۈگۈنكى تۇرمۇش رىتىمى،

رىقابەت ئېڭى، ئىجتىمائىي ئالاقە، مەدەنىيەت - مائارىپ، بالا تەربىيىلەش، ئىجادىيەت، تەتقىقات ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا ماسلاشمىغانلىقتىن، دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشەلمەي سۆرۈلۈپ ھالىمىزدىن كېتىۋاتىمىز. ئاللىقاچان قىممىتىنى يوقاتقان بۇ سەلبىي قائىدە - يوسۇنلاردىن كۆزىمىز قىيمىغاچقا، بۇ رودۇپاي ئادەتلەرنىڭ قولى بولۇپ نۇرغۇن قىممەتلىك ۋاقتىمىزنى توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ دېگەنلەرگە قوربان قىلىش ئارقىلىق ئۆمرىمىزنى ھېچ مەنىسىز، مۇددىئاسىز - مەقسەتسىز ئۆتكۈزۈپ بۇ دۇنيادىن نامۇ - نىشانسىز كېتىۋاتىمىز. ھازىر ئۇيغۇر دېگەن نېمە ئىش قىلىدىغان خەلق دېگەن سوئالغا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، توي - تۆكۈن، ئۆلتۈرۈش، نەزىر - چىراغ بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزىدىغان خەلق، دەپ جاۋاب بەرسە تولۇق توغرا بولمىسىمۇ ھېچكىم خاتا دېمەيدۇ. خەلقى ئالەم سىگانلار قانداق دېسە، دەرھال كۆز ئالدىغا ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، تىلەمچىلىك، ئوغرىلىق، رەمباللىق قىلىشقا كەسىپلەنگەن بىر توپ ۋەتەنسىز كۆز ئالدىغا كەلگەندەك بىزمۇ ئاشۇ «ئېسىل ماركا» مىز بىلەن تونۇلۇۋاتىمىز. شۇڭا بىزدە، دېھقانمۇ، تىلەمچى - رەمبالمۇ، ، يەسلى ۋە مەكتەپتىكى باللارمۇ ھەتتا داھىيلىرىمىزمۇ ناخشا - ئۇسسۇلچى.

شۇ كۈنلەردە بىز «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دېگەن دورامچىلىق ئېڭى بىلەن ئىش قىلىپ، «خەقنىڭ توي - تۆكۈن، نەزىرلىرىگە بارمىسام مېنىڭ بېشىمغا كەلگەندە خەقمۇ كەلمەي، ئەل - جامائەت ئىچىدە يۈزۈم چۈشۈپ كەتمىسۇن » دېگەن خام تەمە بىلەن بىر - بىرىمىزدىن قورقۇپ ھەرقانچە مۇھىم ئىشىمىز بولسىمۇ تاشلاپ توي - تۆكۈن، نەزىرلەرگە بېرىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمىز. بۇ قىلىقىمىز بەئەينى قەدىمكى توپىلىق كاتاڭ ھارۋا يولىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. بۇنداق يولدا ھارۋا ھارۋىكەشنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەمەس، كاتاڭنىڭ بەلگىلىشى بىلەن مېڭىشقا، كاتاڭ قەيەرگە بۇرالسا ھارۋا شۇ ياققا مېڭىشقا مەجبۇر بولىدۇ. كاتاڭدىن چىقىمەن دېسەڭ يا كالاڭدىن يا ھارۋاڭدىن زىيان تارتىسەن. ھازىر بۇنداق يوللار يوقاپ تۈز يول، تاشيوللارغا ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما بىز ئۇيغۇرلارنىڭ كاللىسىدىكى كاتاڭيول تېخى تۈزەلگىنى يوق. بىزمۇ يولىمىزنى ئۆزگەرتىپ كاتاڭدىن چىقىپ باقايلى. بۇ، ھازىرقى قاششاقلىقىمىزدىن قۇتۇلۇشىمىزنىڭ ئىپتىداسى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

## تىنىمسىز دىئالوگلار

كىملەرنىڭدۇ مۇلاھىزىلىرىدە شۇنداق پىكىرلەر يۈرگۈزۈلۈۋاتقۇدەك:

- بىز ئىتلارغا ئۇۋال قىلىۋاتىمىز.
- قانداق ئۇۋال قىلىۋاتىمىز؟
- رەزىل ئادەملەرنى ھەمىشە ئىتقا ئوخشىتىمىز. ئەمەلىيەتتە، ئىت ئىگىسىگە ھەرقانداق دوست - بۇرادەر، ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن-مۇ سادىق - ۋاپادار كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ئىگىسى ئۈچۈن جېنىنى تىكىش روھى قايسى ئۇلۇغ قەھرىماندىن كەم؟! شۇڭا، ئۇسال ئادەملەرنى ئىتقا ئوخشىتىش - ئىتقا قىلىنغان ھاقارەت.
- بۇ جەھەتتىنغۇ بەلكىم بىز ئىتقا ناھەق ئۇۋال قىلىۋاتقاندىمىز. ئەمما، بۇ يەردە ئىت توغرىلىق مۇنداق بىر ھەقىقەتكە ھەرگىز كۆز يۇمالمايمىز. قانداق ھەقىقەت ئۇ، دەمسىز؟ ئىت بار يەرگە پەرىشتە كەلمەيدۇ. پەرىشتە يوق يەردە ئىناقلىق، ئامەت، بەرىكەت بولمايدۇ.
- پەرىشتە نېمىشقا كەلمەيدۇ؟
- ئىتتىن ئىنتايىن يىرگىنىدۇ.
- نېمە سەۋەبتىن؟
- پەرىشتە شۇنىڭ ئۈچۈن يىرگىنىدۇكى: دۇنيادىكى ھەممە مەخلۇقات ئۆز قەۋم - جامائىتى بىلەن ئۆزلىشىپ توپ بولۇپ ياشايدۇ، پەقەت ئىتلا ئۇنداق ئەمەس. ئىتنىڭ ھەرقاندىقى ئۆزى بىلەن ئەسلا قانداشلىقى بولمىغان ئادەمگە باغلىنىپ، شۇنىڭغا مالاي بولۇشقا رازىكى، بىر قورساق - بىر ئاندىن توغۇلغان بولسىمۇ بىر - بىرى بىلەن مەڭگۈ سىغىشالمايدۇ، خوجايىنلىرىنىڭ رايى ئۈچۈن بىر - بىرىنى تالاپ ئۆلتۈرۈشكە تەييار. چوڭقى شىر، يولۋاس، ئېيىق، بۆرە قاتارلىق ۋەھشىي يىرتقۇچلاردىن تۈرلۈك - تۈمەن قۇش - قاناتقىچە، ئەڭ ئۇششاق جانىۋارلاردىن چۈمۈلە، چىۋىن، پاشا، كۆمۈتىغىچە ھەتتا بىز ئەڭ يامان كۆرىدىغان تۇڭگۇزلارغىچە ھەممە - ھەممىسى ئۆز جامائەت بولالايدۇكى، ئەمما ئىت ھەرگىزمۇ جامائەتلىشەلمەيدۇ. ھەرقانداق چاغدا بىر ئىت يەنە بىر ئىتنى كۆرگەن زامان بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشىدۇ. يىلدا بىر قېتىم بىر قانجۇقنىڭ كەينىدىن مىڭ كۈسۈك ئىت بىر توپ بولۇپ سەپ تارتىپ ماڭسىمۇ، بۇ ئۇلارنىڭ جامائەتلەشكىنى بولماستىن، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ بىر قېتىملىق جىنسىي راھىتى ئۈچۈن غالجىرلىشىپ ماڭغىنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا، پەرىشتىلەر بۇ پېتىشماس مەخلۇقلارنى نىجاسەت دەپ قارايدۇ. ئامەت بىلەن بەرىكەتنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ يۈرىيدىغان بولغاچقا، پەرىشتە قونمىغان يەردە ئامەت بىلەن بەرىكەت بولمايدۇ. بىزنىڭ

كۈنسايىن بەدخۇيلىشىپ، ئۆز ئارا قولۇشالماسلىقىمىز، بىر - بىرىمىزدىن ياتلىشىپ، ياتلارغا ئۆزلىشىشىمىز، بارغانسېرى ئادەملىك سۈپىتىمىز خۇنۇكلىشىپ ئىتلارنىڭ مىجەزىگە كىرىپ قېلىۋاتقانلىقىمىز - ئىت بىلەن خوجايىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە نەقەدەر ئوخشايدۇ - ھە؟

- ئۇنداقتا بىز يەر شارىدا ئىككى پۇتلۇق ئادىمىي ئىتلارنىڭ يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈۋاتامدۇق نېمە؟

## بىر - بىرىمىزنى سېستىش كويىدا يۈرۈشلىرىمىز

خەيرلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە، زامانىمىزدىكى بىر ئىسلام پەيلاسوپىنىڭ سۆھبىتىدە بولغىنىمدا، ئۇ زاتى مۇبارەكنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق بىر مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنى ئاڭلىدىم: «ئاللا خېلى ئېغىر گۇناھلاردىن ئۆتسىمۇ، تەكەببۇرلۇق، مەنمەنلىكتىن ئۆتمەيدۇ. ئىنسان ئۆزىنى كۈچلۈك، كاتتا چاغلاپ ھەددىدىن ئېشىپ ھاكاۋۇرلۇق قىلمىسۇنكى، ئۇ ئەركەك جىنسى بىلەن چىشى جىنسىنىڭ غول ئومۇرتقىسىدىن ساقىغان تۈكۈرۈكتەك ئىككى تامچە سېسىق سۇدىن تۆرىلىپ، بىر تەرەپتە نىجاسەت، يەنە بىر تەرەپتە سۈيدۈكتىن ئىبارەت ئىككى سېسىقچىلىق ئوتتۇرىسىدىكى بىر خالتىدا توققۇز ئاي توققۇز كۈن توققۇز دەقىقە تۇرۇپ، سېسىق يەرنى يالاپ يەرگە چۈشىدۇ. مانا بۇ ئىنساننىڭ پەيدا بولۇش جەريانى. شۇڭا، ئۇ ھامان كىبىر - تەمەننادىن ساقلانسۇن. ئادەم ھاجەتخانىدا ئولتۇرۇپ ئۆزى چىقارغان نىجاسەتتىن يىرگىنىپ ئاغزى - بۇرنىنى تۇتقان، سەسكىنىپ تۈكۈرگەن چاغدا نىجاسەت ئادەمدىن تېخىمۇ سەسكىنىپ: ‹مەن سېنىڭ ئىچىڭگە كىرمەستە جەننەتنىڭ مېۋىسى، تەبىئەتنىڭ ئەڭ ئېسىل نېمىتى ئىدىم. ھالا بۈگۈن ئىچىڭگە كىرە - كىرمەيلا سېسىپ كەتتىم. ئاخىر سېسىقلىقىڭغا چىدىماي سەندىن ئاران قۇتۇلدۇم› دەيمىش. خوش، گېپىمىزگە كەلسەك، بۇلار ئاللا بەلگىلىگەن تەبىئەت قانۇنىيىتى. ئىنسانىيەت ئۆز نەپسانىيىتى ئۈچۈن پۈتكۈل يەر شارىدىكى جان - جانىۋارلاردىن تارتىپ تاغۇ - تاش، ھاۋا، يەر - سۇغىچە ۋەيران قىلىپ، ئەمدىلىكتە بىر - بىرىنى ‹يېيىش›، كە باشلىدى. مۇشۇ يەر شارىنىڭ بىر پارچە ئوبدان زېمىنىغا دەسسەپ چۈشكەن بىزلەرمۇ ئانا ماكانىمىزنى تالان - تاراج خاراكتېرلىك ۋەيران قىلغاننى ئاز دەپ، ئەمدىلىكتە غاجىغىلى ھېچنېمە قالمىغاندا، بىر - بىرىمىزنى غاجاشقا چۈشتۇق».

ئەقلىمگە كەلسەم، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئادەم سېسىتىشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار ئىكەن. ئايال كىشىنى «جالاپ»، ئەر كىشىنى «غىتمەك» دېسە ئەڭ تېز سېسىپ ئەل - جامائەت ئىچىدە باش كۆتۈرەلمەيدىكەن. 80 - يىللاردىن كېيىن ئادەم تېخىمۇ تېز سېسىيدىغان ئېچىمال نامدىن يەنە بىرى قوشۇلدى: كىمنىڭ كىمدە ئۆچ - ئاداۋىتى، غۇمى، قورساق كۆپۈكى بولۇپ ئۇنى «ئاپشاركا» دېسىلا ھەممە ئادەم يىرگىنىپ ئۇنىڭدىن قاچىدىغان ئەڭ سېسىق بىر نېمىگە ئايلاندى. ئەگەر بىر كىم - بىر كىمدىن رەنجىسە، ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان ھېچ ئامال تاپالمىغاندا، ئاشۇ گەپنى بىر قانچە سورۇندا دەۋەتسىلا ئىش تامام. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاتاقنى كۆتۈرۈپ قالغان كىشى سوراقچىسىمۇ، ئاقلىغۇچىسىمۇ، سوتچىسىمۇ يوق، ئەل نەزىرىدىن چۈشكەن جىنايەتچىگە ئايلىنىدۇ. شۇ كۈنلەردە، ئوغرى: «ئوغرىنى تۇتۇڭلار» دەپ كوچىدا ھەممىدىن بەك ۋارقىرىسا، كوچىدىكى خەق ئوغرىنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەي ئۇ بۇنىڭدىن، بۇ ئۇنىڭدىن گۇمانلانغاندەك قاباھەتچىلىك باش كۆتۈرۈپ، بىر - بىرىمىزگە بولغان ئىشەنچ يوقاپ، ئاقىۋەتتە ھېچكىم ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان، قوۋۇشمايدىغان بەدگۇمانلىق، تەپرىقچىلىق يامراپ كەتتى. مانا بۇ، بىر - بىرىمىزنى سېستىش كويىدا يۈرۈپ قالغان ئاقىۋىتىمىز. شۇڭا، بىز بىلەن قېرىنداش مەلۇم مىللەتتە بىز توغرىلىق: «ياشلىرى ھاراق - تاماكىلاشتى، ئوتتۇرا ياشلىقلىرى رېستوران - تانسىلاشتى، قېرىلىرى ھاجىلاشتى، بۇلار شۇنىڭ بىلەن تۈگەشتى» دېگەن ئىبرەتلىك گەپ تارقىلىپتۇ. بۇ بىزدىن خەقنىڭ ئالغان قىسقىغىنە تەسىراتى، خالاس. (M1)

بۇ سان 1996 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى نەشرگە يوللاندى، 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى نەشىردىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رسالەت مۇھەممەت (M2)



رەسىملەرنى مەكىت ناھىيىسىدىن ئەركىن سېيىت سىزغان (M2)

يەڭلار باللىرىم     قەييۇم قادىر فوتوسى



《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1996 - يىل 5 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主管：新疆维吾尔自治区文化厅
主办：新疆维吾尔自治区群众艺术馆
编辑：《新疆文化》杂志编辑部
地址：乌鲁木齐市新华南路11号
邮编：830002 电话：2823622
印刷：新疆《工人时报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى
تۈزگۈچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 11- قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830002. تېلېفون نومۇرى 2823622
باسقۇچى: شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：GN65—1073／1
本刊代号：58—22 定价：3元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN65 —1073 / 1
ۋەكالەت نومۇرى: 22 _ 58 باھاسى: 3 يۈەن




ھالاكەت (تەشۋىقات رەسىمى) قەيسەر قۇربان سىزغان